مۇھەممەت ئوسمان

دولان مەشرەپ ـ موقاملىرى

1

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

مۇھەممەت ئوسمان

دولان مەشرەپ- مۇقاملىرى

(1)

نەشرگە تەييارلىغۇچى: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم
رايونلۇق ئون ئىككى مۇقام تەتقىقات ئىلمىي جەمئىيىتى

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

www.uyghurkitap.com

مەسئۇل مۇھەررىرى: ئەخەت ھاشىم
بارىجان زەپەر
مۇقاۋىسىنى لايىھىلىگۈچى: رىزۋان تۇردى

دولان مەشرەپ-مۇقاملىرى (1)

مۇھەممەت ئوسمان

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى ۋە تارقاتتى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق كوچىسى №348)
«بوغدا» ئېلېكترونلۇق مەتبەئە مەركىزىدە تىزىلدى
شىخو ناھىيىلىك باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 850×1168 مىللىمېتىر 32 / 1
باسما تاۋىقى: 10.625 قىستۇرما ۋارىقى: 6
1995-يىل 9-ئاي 1-نەشرى
1995-يىل 9-ئاي 1-بېسىلىشى
تىراژى: 1——1100
ISBN7-228-03464-3/I.1221
باھاسى: ئاددىي مۇقاۋىلىقى: 19.20 يۈەن
قاتتىق مۇقاۋىلىقى: 21.30 يۈەن

www.uyghurkitap.com

责任编辑：艾海提·阿西木
巴力江·札帕尔
封面设计：热孜万·吐尔地

刀郎麦西热甫木卡姆(1) (维吾尔文)

穆罕默德·吾斯曼　著

策划：新疆维吾尔自治区十二木卡姆研究学会

新疆人民出版社出版发行
(乌鲁木齐市解放南路 348 号　邮政编码：830001)
«博格达»电子排版中心排版
乌苏县印刷厂印刷
850×1168 毫米 32 开本 10·625 印张 6 插页
1995 年 9 月第 1 版　1995 年 9 月第 1 次印刷
印数：1——1100

ISBN7—228—03464—3/I.1221　定价：平装 19·20 元
精装 21·30 元

内容题要

作者通过几年艰苦的收集，对照资料，对维吾尔十二木卡姆最源始的源泉 — 刀郎麦西热甫木卡姆的历史，形成，传播以及刀郎弹拨乐器及其形成，结构，特征，刀郎麦西热甫的种类，麦西热甫民歌，刀郎著名木卡姆演奏者超过的道路，创作等做了祥细地阐述。作者不仅提出了掌握的资问料，而且也大胆地提出了自已的新观点。他提出的主要观点有：刀郎麦西热甫木卡姆是做为维吾尔族一部分的刀郎人保存下来的，是维吾尔歌舞艺术最古老的形式，由于刀郎人自古以来生活在独特的地理环境中，尚未接触新的文化影响，因此，刀郎麦西热甫木卡姆至今保持了原始状态和原味。刀郎麦西热甫木卡姆是维吾尔十二木卡姆的原泉之一，维吾尔十二木卡姆就是在刀郎歌舞艺术的基础上形成的。只有明确了刀郎麦西热甫木卡姆的历史，才能更好地理解维吾尔十二木卡姆的历史等。

这本书确实具有自已的特点和令人信服的根据。尽管如此，这只是作者的观点，还不是已定的或多数研究者的共同观点。我们想信，本书是广大读者，特别是维吾尔十二木卡姆研究者的很好的参考材料。

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

كىرىش سۆز

« شەرق مۇزىكىسىنىڭ گۆھىرى » دەپ ئاتىلىپ جاھاندا شۆھرەت قازانغان ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى ئەمگەكچان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەقىل-پاراسىتىنىڭ جەۋھىرى، شۇنداقلا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ھاياتىنىڭ ھەممە تەرەپلىرىنى مۇزىكىلىق تىل بىلەن ئىپادىلەپ بېرىدىغان چوڭ ھەجىمدىكى بۈيۈك بەدىئىي قامۇس.

ئون ئىككى مۇقامدىن ئىبارەت بۇ ئۇلۇغ ئەگىشتەرىمىز ئەسىرلەردىن بۇيان خەلقىمىزنىڭ روھىي دۇنياسىغا، ئىجتىمائىي ھاياتىغا، پسىخولوگىيىسىگە سىڭىپ كىرىپ، ئىجتىمائىي ھاياتىنى بېيىتىدىغان، مىللىي غۇرۇرىنى، ئىقتىدارىنى نامايان قىلىدىغان، سەنئەت ھۇزۇرىنى ئاشۇرىدىغان قۇدرەتلىك مەنىۋى ئوزۇق بولۇپ كەلمەكتە.

ئازادلىقتىن كېيىن پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت بۇ بىباھا مەدەنىي مىراسىمىزنى قۇتقۇزۇش، توپلاش-رەتلەش، تەتقىق قىلىش ۋە نەشر قىلىش خىزمىتىگە ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىپ كەلدى.

ئۇزاق مۇددەتلىك جاپالىق تەتقىقات ۋە ئىزدىنىش نەتىجىسىدە يېقىندىن رەتلىنىپ تولۇقلانغان ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنىڭ لېنتىسى ۋە ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنىڭ يېقىندىن نەشر قىلىنغان ئون ئىككى كىتابى تارقىتىلغاندىن كېيىن تەڭرىتاغنىڭ شىمالى ۋە جەنۇبىدا ناھايىتى چوڭقۇر تەسىر قوزغىدى.

خەلق ئارىسىدا ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنى تەتقىق قىلىش، ئۆگىنىش ۋە سەھنىلەشتۈرۈش قىزغىنلىقى يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلدى.

جەمئىيىتىمىز ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى ئۈستىدىكى تەتقىقات ۋە تونۇشنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇش مەقسىتىدە، ئۇيغۇر ئون ئىككى

مۇقامغا دائىر ئون كىتابنى نەشرگە تەييارلىدى. بۇ كىتابلاردا ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى ۋە يەرلىك مۇقاملارنىڭ شەكىللىنىش تارىخى، مۇقاملارنىڭ مۇزىكىلىق قۇرۇلمىسى ۋە مىلودىيىلىك ئالاھىدىلىكلىرى، ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامنى بېيىتىش ۋە خەلق ئارىسىدا ئومۇملاشتۇرۇشتا تۆھپە قوشقان مۇقامچىلار بىر قەدەر ئەتراپلىق، ئىلمىي ئاساستا تونۇشتۇرۇلغان بولۇپ، مۇقام ھەققىدىكى تەتقىقاتىمىزنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇشتا رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە.

شۇنى مۇئەييەنلەشتۇرۇپ ئۆتۈش زۆرۈركى، ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامغا دائىر كىتابلارنىڭ ئاپتورلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئۇزۇندىن بۇيانقى ئىزدىنىشلىرى ۋە تەكشۈرۈپ-تەتقىق قىلىشلىرى ئاساسىدا ئوتتۇرىغا قويغان بەزى كۆز قاراش ۋە يەكۈنلەرنى يۈزدە يۈز توغرا دەپ مۇتلەقلەشتۈرۈۋېتىشكە بولمايدۇ. تەتقىقات، ئىلمىي مۇھاكىمە جەريانىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان مەسىلىلەرگە ئىلمىي پوزىتسىيە بىلەن مۇئامىلە قىلىشىمىز لازىم.

ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ كۆپ ئەسىرلىك شانلىق مەدەنىيەت تارىخى جەريانىدا ئۈزلۈكسىز راۋاجلىنىپ، تولۇقلىنىپ كەلگەن. ئىشىنىمىزكى، مۇزىكا تارىخىمىزنىڭ بۇ ئۇلۇغ نامايەندىسى تەتقىقات ۋە ئىزدىنىشىمىزنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ تېخىمۇ مۇكەممەللىشىپ جاھان مەدەنىيەت سەھنىسىدە پارلاق نۇر چاچىدۇ.

بۇ كىتابلار شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 40 يىللىقىغا سوۋغا قىلىندى.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇقام تەتقىقات ئىلمىي جەمئىيىتى

www.uyghurkitap.com

ئاپتوردىن

دولان مەشرەپ-مۇقاملىرى ئۇيغۇرلارنىڭ بىر قىسمى بولغان دولانلىقلار داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن ئۇيغۇر مىللىي ناخشا-ئۇسسۇل سەنئىتىنىڭ قەدىمكى شەكلى بولۇپ، ئۇ قەدىمكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ قىممەتلىك بىر نامايەندىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. دولانلىقلار قەدىمدىن تاكى دەۋرىمىزگە قەدەر باشقا ئۇيغۇر رايونلىرىدىن ئۆزگىچە جۇغراپىيىلىك مۇھىتتا ياشاپ كەلگەچكە، يېڭى مەدەنىيەتنىڭ تەسىرىگە ئانچە ئۇچرىمىغان. شۇڭا، دولان مەشرەپ-مۇقاملىرى بۈگۈنگىچە ئىپتىدائىي ھالىتىنى ئەينەن ساقلىنىپ كەلگەن. پۈتۈن ئۇيغۇر ھاياتىنىڭ ھەممە تەرەپلىرىنى مۇزىكىلىق تىل بىلەن ئىپادىلەپ بېرىدىغان دولان مەشرەپ-مۇقاملىرى جۇڭخۇا مەدەنىيەت خەزىنىسىدىكى قىممەتلىك مىراس ھېسابلىنىپ كېلىۋاتقان كلاسسىك مۇزىكىمىز ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنىڭ قەدىمكىگە خاس تارىخىي قىسمىدىن ئىبارەت.

دولان مەشرەپ-مۇقاملىرى ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنىڭ ئېتنىك مەنبەلىرىدىن بىرى بولۇپ، ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى دولان ناخشا-ئۇسسۇل سەنئىتى ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن. دولان ناخشا-ئۇسسۇل سەنئىتىنىڭ تارىخى ئۇزۇن. شۇڭا، ھەر خىل ناملار بىلەن ئاتىلىپ كېلىۋاتقان ئۇيغۇر ناخشا-ئۇسسۇل سەنئىتىنىڭ ھەممىسى دولانلىقلار نامى بىلەن ئاتىلىپ كېلىۋاتقان بۇ ئىپتىدائىي سەنئەت شەكلىنىڭ ئۇزاق تارىخ داۋامىدا ئۆزگەرگەن ۋارىيانتلىرىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، دولان مەشرەپ-مۇقاملىرىنىڭ تارىخى ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىنى يورۇتۇپ بېرىدۇ. دولان

مەشرەپ-مۇقاملىرى تەتقىقاتى ئارقىلىق ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنىڭ ئېتنىك مەنبەسىنى روشەنلەشتۈرۈپ، ئۇنىڭ شەكىللىنىشى، تەۋەلىكى، ئۆتمۈشى ۋە تەرەققىياتىغا ئائىت نۇرغۇن تارىخىي مەسىلىلەرنى ئايدىڭلاشتۇرغىلى ھەمدە مۇقام تەتقىقاتىدا مۇنازىرە باسقۇچىدا كېتىۋاتقان بىر قىسىم سوئاللارغا جاۋاب تاپقىلى بولىدۇ. دولان مەشرەپ-مۇقاملىرىنىڭ تارىخىنى ئايدىڭلاشتۇرغاندىلا، ئاندىن ئۇيغۇر كلاسسىك ئون ئىككى مۇقامىنىڭ تارىخىنى چۈشەنگىلى، سىستېمىلاشتۇرغىلى، دۇنياغا يۈزلەندۈرۈش ئۈچۈن، ئىلمىي تەتقىقاتنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرغىلى ۋە ئىلگىرى سۈرگىلى بولىدۇ.

يۇقىرىقى مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن، ھازىرقى ساقلىنىپ كېلىۋاتقان تارىخىي ماتېرىياللار تولۇق بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا، ئاما ئارىسىغا چوڭقۇر چۆكۈپ، ئاما ئارىسىدا ساقلىنىپ كېلىۋاتقان پاكىتلارنى تېخىمۇ ئىنچىكىرىلەپ قېزىش ھەم ئەمەلىي كۆزىتىشكە توغرا كېلىدۇ. مەن ئۆزۈمنىڭ دولان رايونىدا دولانلىقلار بىلەن بىللە ياشاپ كېلىۋاتقانلىقىمدەك قولايلىقتىن پايدىلىنىپ، دولانلىقلار ئولتۇراقلاشقان ناھىيىلەرنىڭ يېزا-كەنتلىرى، ھەتتا ئەڭ يىراق، چەت-ياقا جايلارغىچە بېرىپ ئۇزاق مەزگىل ئەمەلىي تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق، كۆپلىگەن يېڭى مەنبەلەرگە، ھەتتا ئۆزۈممۇ تەسەۋۋۇر قىلمىغان ئىنتايىن مۇھىم تارىخىي ئاساسلارغا ئىگە بولدۇم. ئەمەلىيەتنى كۆزدىن كۆچۈرۈش ئارقىلىق، بەزىبىر خاتا قاراشلارنى توغرىلىۋالدىم. دولان مەشرەپ-مۇقاملىرىنى توغرا شەرھىيلەپ، تەتقىقاتچىلار بىلەن يۈز كۆرۈشتۈرۈش ئۈچۈن، قولغا كەلتۈرگەن ماتېرىياللاردىن ئىشەنچلىك دەپ قارىغانلىرىم ئاساسىدا بۇ كىتابنى يېزىپ چىقتىم. ئوتتۇرىغا قويغانلىرىم كىتابخانلارنى تولۇق قانائەتلەندۈرۈپ كېتەلمىسىمۇ، ئىشىنىمەنكى، تەتقىقاتچىلارنى بىر قىسىم مۇھىم، يېڭى ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلەيدۇ. تەكشۈرۈش ئارقىلىق ئېرىشكەن ماتېرىياللىرىم

كۆپ بولسمۇ، ئىقتىدارىمنىڭ يېتەرسىزلىكىدىن، قەلەم قۇۋۋىتىمنىڭ ئاجىزلىقىدىن دېمەكچى بولغانلىرىمنى تولۇق ۋە توغرا ئىپادىلەپ بېرەلمىگەن بولۇشۇم مۇمكىن، شۇنىڭدەك، ئەسەردە بەزى سەۋەنلىكلەرمۇ بولۇشى مۇمكىن. ھۆرمەتلىك كىتابخانلارنىڭ تەنقىد ۋە تۈزىتىش ھەققىدە پىكىر-تەكلىپلەرنى بېرىشىنى سەمىمىي ئۈمىد قىلىمەن.

1993-يىل 15-ئىيۇل، ئاۋات

مۇندەرىجە

بىرىنچى باب دولان ۋە دولان مەشرەپ-مۇقاملىرى-نىڭ تارىخىي شەكىللىرى 1
1. دولانلىقلار 1
2. دولان مەشرەپ-مۇقاملىرىنىڭ ئىپتىدائىي شەكىللىنىشى ... 10
3. دولان مەشرەپ-مۇقاملىرىنىڭ تارىخىي مەزمۇنلىرى 24
4. دولان مەشرەپ-مۇقاملىرىنىڭ تارقىلىشى 34
5. دولان مەشرەپ-مۇقاملىرىنىڭ تارقالغان جايلىرى 47
6. دولان مەشرەپ-مۇقاملىرىنىڭ تارىخىي ئىزلىرى 50
7. دولان مەشرەپ-مۇقاملىرىنىڭ ئىسلام دىنى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى 54
ئىككىنچى باب دولان مۇقاملىرى 61
1. دولان مۇقاملىرىنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە ئۇنىڭ تارىخىي ناملىرى 61
2. دولان مۇقامى تېكىستلىرى ۋە ئۇنىڭ تارىخىي مەزمۇنى ... 87
3. دولان ئون ئىككى مۇقامىنىڭ تېكىستلىرى 103
ئۈچىنچى باب دولان چالغۇلىرى ۋە ئۇنىڭ پەيدا بولۇشى 172
1. دولان چالغۇلىرىنىڭ قۇرۇلمىسى ۋە ئۇنىڭ تېخنىكىلىق ئالاھىدىلىكى 172
2. دولان چالغۇلىرىنىڭ پەيدا بولۇشى 179
تۆتىنچى باب دولان مەشرەپلىرى 189
1. دولان مەشرەپلىرىنىڭ تارىخىي ناملىرى 189
2- دولان مەشرەپلىرىنىڭ «مەشرەپ» بولۇپ شەكىل-لىنىشىدىكى بەش مۇھىم ئامىل 193

www.uyghurkitap.com

3. دولان مەشرەپلىرىنىڭ تۈرلىرى 200
4. دولان مەشرەپلىرىدىكى ئويۇن شەكىللىرى ۋە ئۇلارنىڭ مەزمۇنى 214
5. مەشرەپ قوشاقلىرى ۋە ئۇلارنىڭ مەزمۇنلىرى 244
6. دولان مەشرەپ ئويۇنلىرىدىكى تەقلىد ۋە تىياتىرلار 252
بەشىنچى باب دولان مۇقامچىلىرى 270
1. مارالبېشى ناھىيىسىنىڭ دولان يېزىلىرىدىكى مەشھۇر مۇقامچىلار 273
دۆلەتباغ يېزىسى مۇقامچىلىرى 273
ئاۋات بازىرى مۇقامچىلىرى 279
بېكتۆستەك يېزىسى مۇقامچىلىرى 283
ئاقساقمارال يېزىسى مۇقامچىلىرى 291
سېرىقبۇيا يېزىسى مۇقامچىلىرى 296
چوكقۇرچاق يېزىسى مۇقامچىلىرى 298
ئالاغىر يېزىسى مۇقامچىلىرى 299
شامال يېزىسى مۇقامچىلىرى 301
چارباغ يېزىسى مۇقامچىلىرى 302
پىچاق سۇندى مۇقامچىلىرى 303
چىغانچۆل مۇقامچىلىرى 305
شاقۇر مۇقامچىلىرى 307
تۇمشۇق مۇقامچىلىرى 307
ئانا كۆل مۇقامچىلىرى 308
2. ئاۋات ناھىيىسىدىكى دولان مۇقامچىلىرى 310
3. ئاقسۇ شەھىرىنىڭ ئايكۆل ۋە قاراتال يېزىسى مۇقامچىلىرى ... 317
4. مەكىت ناھىيىسىدىكى مۇقامچىلار 318
خاتىمە 320

بىرىنچى باب

دولان ۋە دولان مەشرەپ- مۇقاملىرىنىڭ تارىخىي شەكىللىرى

1. دولانلىقلار

دولان مەشرەپ- مۇقاملىرى دولانلىقلار تەرىپىدىن ۋارىسلىق قىلىپ كېلىنگەن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئىپتىدائىي مىللىي سەنئىتى بولۇپ، دولان ۋە دولانلىقلار دولان ناخشا- ئۇسسۇل سەنئىتىنىڭ مەنبەسى، شۇنداقلا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئىپتىدائىي سەنئىتىنى راۋاجلاندۇرغۇچىلار ۋە بېيىتقۇچىلار- دۇر. دولان مەشرەپ- مۇقاملىرىدىن سۆز ئاچقاندا «دولان» سۆزى بىلەن دولانلىقلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ ئۆتۈش زۆرۈر. شۇڭا، ئالدى بىلەن دولانلىقلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسىگە ئائىت ئىككى مەسىلە ئۈستىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتەيلى:

«دولان» سۆزىنىڭ كېلىپ چىقىشى

مېنىڭچە «دولان» دېگەن سۆز «دولۇن» دىن كېلىپ چىققان. «دولۇن» دولانلىقلار بۇنىڭدىن 1500 يىل ئىلگىرى بەرپا قىلغان ھۆكۈمرانىنىڭ ئىسمى. قەدىمكى قەبىلىلەرنىڭ ئەسلىدىكى ئۇرۇق

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

تەشكىلاتى يىمرىلىپ رايونلارغا بۆلۈنگەندىن كېيىن، ئۇلار ئۆز تەۋەلىكىنى فامىلىگە ئوخشاش ئۆز ناملىرىغا قوشۇپ ئاتاش ئادەتلىرىنى قوللىناتتى. بۇنداق ئادەتلەر شۇ قەبىلىنىڭ ئۆزلىرى ۋە باشقا قەبىلەر تەرىپىدىمۇ قوللىنىلاتتى. بەزى قەبىلەرنىڭ نامى، ئالايلۇق، دىڭلىڭلارنىڭ نامى بەرنامى سۈپىتىدىمۇ قوللىنىلغان. ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ئەجدادلىرى — ئېگىز قاڭقىللار ئارىسىدا بولسا، باشلىقلىرىنىڭ قايسى قوۋمدىن بولۇشىغا قارىماي، ئۇنىڭ ئىسمىنى ئۆز قەبىلىسىنىڭ نامى قىلىپ ئاتاپ، ئۆزلىرىنى باشقا رايون ۋە قەبىلەردىن پەرقلەندۈرگەن. بۇنداق پەرقلەندۈرۈش بولۇپمۇ ئېگىز قاڭقىللارنىڭ بۈركلى قەبىلىسىنىڭ نامىدا ئېنىق بىلىنىدۇ. مەسىلەن: ئېگىز قاڭقىللارنىڭ كۆلۈگۈ قەبىلىسىگە بىخولى (بېكقولى) تۈنجى خان بولغاندا قەبىلىنىڭ نامى بىخولى (بېكقولى) نىڭ ئىسمى بىلەن ئاتالغان. بىخولى سەللان تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنغاندىن كېيىن، 391-يىلى جۇجانلاردىن كۆلۈگۈ ئاكىسى سەللان ۋە جى گۈيچى قاتارلىقلار بىلەن بىرلىكتە شىمالىي ۋېي خانلىقىغا ئەسىر چۈشۈپ قېلىپ، قەبىلەرگە بۆلۈپ بېرىلدى. كۆلۈگۈ قاڭقىللارنىڭ بىر قەبىلىسىگە باشلىق بولۇپ، ئۇزاق ئۆتمەيلا ئۇ قەبىلىنىڭ نامى كۆلۈگۈنىڭ ئىسمى بىلەن ئاتىلىپ قاڭقىللارنىڭ كۆلۈگۈ قەبىلىسى مەيدانغا كەلگەن①. كېيىن «ئۇيغۇر» دېگەن نام داۋاملىق «خۇيگۇ» دەپ ئاتالغاندىن باشقا، «ئارسلان ئۇيغۇرلىرى»، «شاجۇ ئۇيغۇرلىرى»، «شىجۇ ئۇيغۇرلىرى» قاتارلىقناملار بىلەنمۇ ئاتالغان. «ئارسلان ئۇيغۇرلىرى» دېگەن ناممۇ ئىدىقۇت خانى ئارسلان خاننىڭ نامىدىن كەلگەن②.

يۇقىرىقى مىساللار قەدىمكى قەبىلە ۋە خەلقلەرنىڭ ئۆزى ياشىغان رايوننىڭ نامىنى ياكى قەبىلە ئاقساقاللىرىنىڭ، خانلىرىنىڭ

---

① «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ئىچكى ژۇرنىلى، 1987-يىل 8-سان 29-، 35-بەتلەر.

② «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى 1986-يىل 2-سان 135-بەت.

نام-ئىسمىنى ئۆزلىرىنىڭ نامى سۈپىتىدە قوللانغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

مېنىڭچە «دولانلىق» دېگەن نام جۇجانلارنىڭ خاقانى دولۇنىنىڭ نامىدىن كەلگەن. دولانلىقلار بۆلۈنۈپ چىقىشتىن ئىلگىرى دولۇن خانىنىڭ پۇقراسى بولغان. كېيىن ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈپ ئايرىلىپ چىقىپ، ئاخىرىدا تارىم بوستانلىقىدىن ماكان تۇتقان. ئۇلار تىل، ئۆرپ-ئادەت، ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى ۋە تۇرمۇش شەكلى جەھەتتە ئەسلىدىكى يەرلىك قەبىلىلەردىن پەرقلىنىپ تۇرغان. شۇڭا يەرلىك كىشىلەر ئۇلارنىڭ تېگى تەكتىنى سۈرۈشتۈرۈپ، ئەسلىدە دولۇن دۆلىتىگە قاراشلىق قەبىلىلەر ئىكەنلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۇلارنى دولۇن تەۋەسىدىن كەلگەنلەر دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان دولۇنلۇقلار دېگەن نام بىلەن ئاتىغان. كېيىن دولانلىقلارمۇ بۇ نامنى قوللانغان. لېكىن دولانلىقلار «ئۇ» نىڭ ئورنىغا «ئا» نى ئالماشتۇرۇپ ئىشلەتكەچكە، «دولۇنلۇق» كېيىن «دولانلىق» بولۇپ كەتكەن. مەسىلەن: دولانلىقلار «قوغۇن» نى «قوغان»، «ئوتۇن» نى «ئوتان». «ئوغۇل»-نى «ئوغال»، «موغۇل» نى «موغال»، «بولۇپ» نى «بولاپ»، «قىلىدۇ» نى «قىلىدا» دەيدۇ. دولانلىقلار شېۋىسىدىكى بۇ پەرقلەر يۇقىرىقى قارىشىمىزنى تىل جەھەتتىن ۋاسىتىلىك ھالدا ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

دولانلىقلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسى

«دولانلىق»لار مىلادى 480-يىللاردا تەختكە چىققان جۇجان خانى دولۇن دەۋرىدە — جۇجانلاردا پاراكەندىچىلىك يۈز بېرىپ دۆلىتى قالايمىقانلىشىپ كەتكەن، قەبىلىلىرى تارقىلىپ كەتكەن چاغدا دولۇندىن يۈز ئۆرۈپ، بۆلۈنۈپ چىققان ئېگىز قاڭقىللارنىڭ بۇركىلى قەبىلىسىنىڭ ئەۋلادلىرىدۇر. «جۇجانلار ئەسلىدە

سىيانپىلارنىڭ بىر قەبىلىسى بولۇپ، توقباتلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا ئىدى» ①. جۇجان دېگەن نام IV ئەسىرنىڭ بېشىدا مەيدانغا كەلدى. ئېگىز قاڭقىللارنىڭ ئىقتىسادىي تۇرمۇشى جۇجانلارنىڭكىگە ئاساسەن ئوخشىشاتتى. جۇجانلار دەسلەپتە ئېگىز قاڭقىللارغا تايىنىش، كېيىن ئۇلارنى ئۆزىگە قوشۇۋېلىش ئارقىلىق قۇدرەت تېپىپ، مىلادى 402-يىلى جۇجان دۆلىتىنى قۇرۇپ، موڭغۇل دالاسىدا ھۇن، سىيانپىلاردىن كېيىن، كۆچمەن چارۋىچىلارنىڭ يەنە بىر قۇدرەتلىك ھاكىمىيىتىنى بارلىققا كەلتۈردى.

جۇجانلارنىڭ باشلىقى سەللان 402-يىلى ئۆزىنى قاغان دەپ ئاتىغاندىن باشلاپ 555-يىلى تۈركلەر تەرىپىدىن يوقىتىلغانغا قەدەر جۇجانلار موڭغۇل دالاسىنى بىر يېرىم ئەسىر باشقۇردى. سەللان ئۆزىنى قاغان دەپ ئېلان قىلغان چاغلاردا ئۇلارنىڭ زېمىنى شەرقتە چاۋشيەنگىچە، غەربتە كىنگىت (قارا شەھەر) نىڭ شىمالىغىچە كېڭەيگەن، دۇنخۇاڭ بىلەن جاڭيېنىڭ شىمالىنى مەركىزىي رايون قىلغانىدى. سەللاننىڭ بىر نەۋرە قېرىندىشى داتەن ئۆزىنى قاغان دەپ جاكارلىغان چاغلاردا جۇجانلارنىڭ غەربىي رايوندىكى ھۆكۈمرانلىق دائىرىسى تېخىمۇ كېڭىيىپ، «غەربتە ئىلى ۋادىسىنى ئىگىلەپ تۇرغان ياپيانلار ② چېگرىسىغا، جەنۇبتا قۇمۇل، قوجۇ، قاڭقىل، كىنگىت، كۇچا، ئاقسۇ قاتارلىق جايلارغا يېتىپ باردى» ③.

جۇجانلارنىڭ جەنۇب تەرەپتە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە ئۆزلۈكسىز بېسىپ كىرىشتىن ئاشقىرى، غەربىي رايونغا كېڭەيمىچىلىك قىلىشتىكى مەقسىتى، ئۆزلىرىنىڭ كۆچمەن چارۋىچىلىق ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىيات ئېھتىياجىنى قامداش ئۈچۈن، سودا يولىنىڭ ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنى ئېلىپ ئوتتۇرىلىقتىكى سودا تىجارەت ئىشلىرىنى كونترول قىلىش ئىدى.

---

① «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى» 135-بەت.

② ياپيانلار ـــ ھۇنلارنىڭ ئەۋلادى بولۇپ، ئۆرپ-ئادىتى، تىلى ئېگىز قاڭقىللارنىڭكىگە ئوخشايدۇ.

③ «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى» 135-بەت.

جۇجانلار ئۇدۇن (خوتەن)غا بېسىپ كىرىپ ئىدىقۇتنى كونترول قىلغاندىلا شىمالىي يول بىلەن جەنۇبىي يولنىڭ ھەر ئىككىسنى قولغا كىرگۈزەلەيتتى. بۇ دەۋردىكى غەربىي رايوندىن ھەرقايسى ئەللەرگىچە تۇتىشىدىغان يىپەك يولى دەپ ئاتالغان سودا يولى قەشقەردىن خوتەن (ئۇدۇن)گە، ئاندىن كېرىيە، چىرىيە، نىيە، لوپنۇر، چەرچەن، چارقىلىقلار ئارقىلىق كەڭسۇ (گەنسۇ)دىكى ئۇيغۇر يۇرتلىرىغا باراتتى.

يەنە بىرى، قەشقەردىن يەركەن، مارالبېشى، ئاقسۇ، باي، كۇچا، قارا شەھەر، ئىدىقۇت، قۇمۇللار ئارقىلىق گەنسۇدىكى ئۇيغۇر يۇرتلىرىغا تۇتىشاتتى①.

460-يىلى تۇرپان ئويمانلىقى پۈتۈنلەي جۇجانلار تەرىپىدىن ئىگىلىۋېلىندى. شۇنىڭدىن كېيىن «جۇجانلارنىڭ ئىدىقۇتقا بولغان كونتروللىقى كۈچەيگەنلىكى ئۈچۈن، كىنگىت، پىشامشان، كۇسەن ھەتتا ئۇدۇنمۇ قايتىدىن جۇجانلارنىڭ دائىرىسىگە ئۆتۈپ كەتتى»②.

«مىلادى 480-يىللار داۋامىدا دولۇن خانلىقى ئۇلتۇرغاندىن كېيىن، جۇجان خانلىقى ھۆكۈمرانلىق گۇرۇھى ئىچىدىكى ئۆزئارا پىتنىماسلىق تېخىمۇ كەسكىنلىشىپ، بىر-بىرىنى ئۆلتۈرۈش ۋە يوقىتىش دەرىجىسىگە يەتتى. خەلق ئاممىسىنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىش كۈرىشى قوراللىق قوزغىلاڭغا تەرەققىي قىلدى. شۇنىڭ بىلەن پاراكەندىچىلىك يۈز بېرىپ، دۆلىتى قالايمىقانلىشىپ كەتتى، قەبىلىلىرى تاراپ كەتتى. ھەممىدىن ئاۋۋال ئېگىز قاڭقىللارنىڭ بۇركلى قەبىلىسى قوزغىلاڭ كۆتۈردى»③.

«ئېگىز قاڭقىللار — ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ئەجدادلىرىنىڭ

---

① «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى 1984-يىل 4-سان 24-بەت.

② «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى 1986-يىل 4-سان 125-بەت.

③ «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى» 1-قىسىم 141-بەت.

بىرى. ئېگىز قاڭقىللار ئەسلىدىكى تېلى (تۇرا)لاردىن قېيچالغان قوۋم بولۇپ، دەسلەپتە تېلى دەپ ئاتالغان. ئۇلارنى شىمالى تەرەپتىكىلەر تېلى دەپ ئاتىسا، شىيالىقلار ئېگىز قاڭقىل باغلى دىگىلىك دەپ ئاتايتتى» ①. «ئېگىز قاڭقىللار موڭغۇل دالاسىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى ئالاھىدە جۇغراپىيىۋى مۇھىتتا كۆپىنچە ئېگىز چاقلىق هارۋىلارغا ئولتۇرۇپ يول يۈرگەچكە، ئېگىز قاڭقىللار (ئېگىز هارۋىلىقلار) دەپ ئاتالغان» ②.

ئېگىز قاڭقىللار نۇرغۇن قوۋملاردىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئۇلارنىڭ دى (دىل)، چىئون (ئۇيغۇر)، كۈلۈگۈ، چايىش، كەنكۈن، ئىچكىن قاتارلىق قەبىلىلىرى بولغان. شۇنداقلا ئۇچغىلى، تۈركىش، يىجان، دالان، كۈخ، داك (دابۇ)، ئالۇن، مويۇن، ئىغىن، بۇركلى، يۇسىپى قاتارلىق 12 قوۋمگە بۆلۈنگەن. بۇنىڭدىن باشقا يەنە ئۇنىڭ تۇتۇلۇك، خىتۇلۇك، قۇلۇلۇك، شۆگان، پۇتوران، سوفۇ، سوغۇيان، يۆچىن قاتارلىق باشقا قوۋملىرىمۇ بولغان③. مىلادى 399-يىلى شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ تۇنجى خانى داۋ ۋۇدى (توبا گۈي)نىڭ هۇجۇمى بىلەن ئېغىر زەربىگە ئۇچراپ ئادەملەردىن تارتىپ چارۋىلارغىچە ناهايىتى چوڭ چىقىم تارتقاندىن كېيىن، بىر قىسمى سېپىلنىڭ جەنۇبىدىكى ئىچكى موڭغۇل رايونلىرىغا، بىر قىسمى غەربكە كۆچۈپ كەتكەن. يەنە بىر قىسمى بايقال كۆلى ئەتراپلىرىدا كۆچمەن چارۋىچىلىق قىلغان.

مىلادى 429-يىلى ۋېي شىزۇ بايقال كۆلى بويلىرىدا قېلىپ چارۋىچىلىق قىلىۋاتقان قاڭقىللارغا يەنە بىر قېتىم زەربە بېرىپ، كۆپ قىسمىنى موڭغۇل دالاسىنىڭ جەنۇبىغا كۆچۈپ ئولتۇراقلىشىشقا مەجبۇر قىلغان. ئىككى قېتىملىق هۇجۇمدىن كېيىن، شەرقىي قاڭقىللار هەر تەرەپكە تارقىلىپ كەتكەن.

---

① ② «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى 1985-يىل 11-سان.

③ «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى 1987-يىل 8-سان 28-بەت.

7 ئەسىرنىڭ بېشىدا جۇجانلار زېمىن دائىرىسىنى كېڭەيتىپ تۇرغۇن كىچىك قەبىلىلەرنى ئۆزىگە قوشۇۋالغان①. شۇنىڭ بىلەن جۇجانلار كۆچىيىپ موڭغۇل دالاسىنىڭ شىمالىدا دەۋران سۈرگەن چاغلاردا ئېگىز قاڭقىل قەبىلىلىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئۇلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا ئىدى. ئۇلار جۇجان ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ زولۇمىغا تاقەت قىلالماي ھەمىشە قارشىلىق كۆرسىتەتتى②.

جۇجانلار تۇرپان ئويمانلىقىدا ئېگىز قاڭقىللار بىلەن زېمىن تالىشىپ دەھشەتلىك ئۇرۇش قىلدى. ئالدى قاڭقىل خانلىقىنىڭ قارارگاھى يارغول شەھىرىدە بولۇپ، قوجۇغا ناھايىتى يېقىن يەردە ئىدى③. تۇرپان ئويمانلىقى قاڭقىل خانىنىڭ تەسىرىدە ئىدى. قاڭقىللار تۇرپان ئويمانلىقىنىڭ شىمالىي ۋە غەربىي شىمالى تەرەپلىرىدىن تاكى تىيانشاندىكى يۇلتۇز يايلىقىنىڭ شەرقىي تەرەپلىرىگىچە بولغان جايلاردا كۆچمەن چارۋىچىلىق قىلاتتى. 460-يىلى تۇرپان ئويمانلىقى جۇجانلار تەرىپىدىن ئىگىلىۋېلىنغاندىن كېيىن، ئېگىز قاڭقىللار قارا شەھەرنىڭ شەرقىي ۋە شەرقىي شىمالى تەرىپىدىكى تاغلىق رايونلارغا كۆچۈپ، جۇجانلارنىڭ بېسىپ كىرىشىدىن مۇداپىئە كۆردى. 488-يىل قاڭقىللار بۇركلى قەبىلىسىنىڭ باشلىقى ئاۋۇزلۇ بىلەن ئىنىسى چۇڭچى قاڭقىللارنىڭ 100 مىڭدىن ئارتۇق قوۋمىنى باشلاپ ئىسيان كۆتۈرۈپ دولۇن دۆلىتىدىن ئايرىلىپ، ئېگىز قاڭقىللارنىڭ غەربىي شىمالىغا كۆچۈپ باردى ۋە بۇگۇنكى ئۈرۈمچى، جىمسار ئەترا پلىرىدا ئۆز ئالدىغا خانلىق قۇردى④. ئاۋۇزلۇ شىمال تەرەپكە، چۇڭچى جەنۇب تەرەپكە (قاراشەھەرگە) ⑤ جايلاشتى.

---

① «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى 1985-يىل 11-سان 7-بەت.

② «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى» 1-قىسىم 139-بەتلەر.

③ «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى» 1-قىسىم 139-بەتلەر.

④ ⑤ «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى 1986-يىل 4-سان 131-، 132-بەتلەر.

شۇنىڭدىن كېيىن تەگرى تېغى بىلەن ئالتاي تېغىنىڭ ئارىلىقى يەنى جۇڭغار ئويمانلىقى ۋە ئۇنىڭ غەربىدىكى جايلارنى ئىگىلەپ تۇردى. 491-يىلى جەنۇبقا قاراپ يۈرۈش قىلىپ، جۇجانلار ئىشغال قىلغان ئىدىقۇت ھاكىمىيىتىنى يوقىتىپ، بۇ قاتناش تۈگۈنىنى ئۆز كونتروللۇقىغا ئالدى①.

«قاڭقىللارنىڭ ئىدىقۇتنى كونترول قىلغان ۋاقتى ئېفتالىتلار (ئاق ھۇنلار) نىڭ شەرققە قاراپ پائال ھەرىكەت قىلىۋاتقان ۋاقتى ئىدى. شۇڭا، قاڭقىللارغا جۇجانلاردىن كېلىۋاتقان بېسىمغا بەرداشلىق بېرىشتىن باشقا، غەرب تەرەپتىكى ئېفتالىتلارغا قارشى تۇرۇشقا توغرا كەلدى②.

ئىدىقۇت جۇجانلار قولىدىن قاڭقىللارغا ئۆتكەندىن كېيىن، ئېفتالىتلار ئىدىقۇتنى قولغا كىرگۈزۈپ جۇجانلارنىڭ تەسىر كۈچىنىڭ غەربكە كېڭىيىشىنى چەكلەپ، سودا يولىنىڭ راۋانلىقىنى ساقلاپ قالماقچى بولدى. ئېفتالىتلار كىنگىت (قاراشەھەر) نى بېسىۋېلىپ، چۈگچىنى ئۆلتۈرگەن، ئوغلىنى ئەسىر ئالغاندىن كېيىن كىنگىت خەلقى تاراپ كەتتى، بەزىلىرى يا ئېفتالىتلارغا بېقىندى يا جۇجانلارغا تەسلىم بولدى... ئاۋۇزلۇ زالىم بولغانلىقتىن، خەلقنىڭ رايى يېنىپ، كۆپچىلىك ئۇنى ئۆلتۈرۈپ ئۆز ئىچىدىن باليانىنى خان قىلىپ تىكلىدى. يىل ئۆتۈپ، ئېفتالىتلار قاڭقىللار ئۈستىگە يۈرۈش قىلدى»③.
شۇنىڭ بىلەن ئېفتالىتلار قاڭقىللارنىڭ خانلىق تەختىنى تۇنجى قېتىم ئىدارە قىلدى. چۈگچىنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن ئېفتالىتلارغا بېقىنغان ياكى جۇجانلارغا تەسلىم بولغانلاردىن باشقا، يەنە بىر قىسىم قاڭقىللار ئۆز ئالدىغا ماكان ئىزدەپ، كىنگىت ئەتراپىدىن كۆچۈپ غەربىي يول بىلەن ئاقسۇدىن ئۆتۈپ، چوڭ يول ئۈستىدىكى بوستانلىققا — دولان يۇرتىغا يېتىپ بارغان. بۇ بوستانلىقنىڭ سۈيى

---

① ② «شىنجاڭ قىسقىچە تارىخى» 1-قىسىم 142-، 143-بەتلەر.

③ «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى 1986-يىل 4-سان 133-بەت.

مول، توغرىقى غول، يايلىقى كەڭ، يەرلىرى مۇنبەت، ئوتۇنى بار ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ جاي يولۇچىلار كېلىپ-كېتىپ تۇرىدىغان ئۆتكەل، چارۋىچىلىق، دېھقانچىلىق، ئوۋچىلىققا باب كېلىدىغان ياخشى ماكان ئىدى.

قاڭقىللار دولان يۇرتىغا كەلگەندىن كېيىن ماكانلىشىپ، يەر ئۆزلەشتۈرۈپ تېرىقچىلىق بىلەن تۇرمۇش كەچۈرگەن. ئۇلار ئېفتالىتلارنىڭ زەربىسىدە چارۋىلاردىن ئايرىلغانلىقى ئۈچۈن چارۋىچىلىق قىلالماي دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىشقا مەجبۇر بولغان. «ئۇيغۇرلار مىلادىدىن ئىلگىرىلا تىيانشاننىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىغا تارقالغانىدى» ①. «V ئەسىردىن كېيىن تەگرى تېغىنىڭ جەنۇبىدىكى رايونلاردا تۇرالار، ئۇيغۇرلار خېلى كەڭ كۆلەمدە دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەن بولغاچقا، كۆچمەن قاڭقىللار بوستانلىقتىكى يېڭى ماكانغا كەلگەندىن كېيىن، قوشنا رايونلارغا تونۇلغان ۋە بۇلار بىلەن يېقىن مۇناسىۋەتتە بولغان. ئۇلار ئۇيغۇرلار بىلەن بىر قوۋم، تىل، ئۆرپ-ئادەت، دىنىي جەھەتلەردە ئورتاقلىققا ئىگە بولسىمۇ، بەزى جەھەتتە ئۆزگىچىلىككە ئىگە ئىدى. چۈنكى، ئۇلارنىڭ ئەسلىدىكى ياشىغان رايونلىرى ۋە ئارىلاشقان قەبىلىلەر ئوخشاش بولمىغاچقا، مەلۇم جەھەتلەردە ئارىلاشما ئېلېمېنتلار كۆرۈلگەن. قاڭقىللارنىڭ بۇركلى قەبىلىسىنى ئالساق، گوبى (موڭغۇل دالاسى) نىڭ شىمالىدا ياشىغان دەۋرلەردە، گەرچە ئېگىز قاڭقىل ئومۇمىي نامى بىلەن ئاتالسىمۇ، تىل، ئۆرپ-ئادەتلىرى ئاساسەن ئوخشمايدىغان قىرغىزلارنىڭ كەنكۈن قەبىلىسى بىلەن يېقىن ياشىغان. جۇجانلاردىن كەلگەن ئالۋان-ياساقنىڭ ئېغىرلىقىدىن V ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئاسىياغىمۇ كۆچۈپ، يەنە باشقا جايلاردىمۇ ياشىغانىدى. ئۇلار ئەزەلدىن مەدەنىيەت جەھەتتە ۋە ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى، ھۈنەر-سەنئەت

---

① «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى 1985-يىل 11-سان 5-بەت.

جەھەتلەردە بىر قەدەر تەرەققىي قىلغان بولۇپ، بېشى جايىغا كەلگەندىن كېيىن، قوشنا خەلقلەرگە زور تەسىر كۆرسەتكەن. ئۇلار ئۇسسۇل-سەنئەتتە داڭ چىقارغاچقا، قوشنا يۇرت خەلقلىرىمۇ ئۇلاردىن ئۆگىنىپ، شۇلارنىڭ مۇقامىنى تۇۋلىغان. شۇلارنىڭ ئۇسسۇلىنى ئوينىغان. ئۇلار ئەسلىدە دولۇنىنىڭ تەۋەلىكىدە بولغاچقا، يەرلىك قەبىلىلەر ئۇلارنىڭ تېگى-تەكتىنى سۈرۈشتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ دولۇنىنىڭ تەۋەلىكىدىن كەلگەنلىكىنى ئىپادىلەپ، ئۇلارنى «دولۇنلۇقلار» دەپ ئاتىغان. كېيىنچە «دولۇن» دېگەن نام دولۇنلۇقلارنىڭ تىل ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن دولانلىقلار (دولان) دەپ تەلەپپۇز قىلىنىدىغان بولغان.

2. دولان مەشرەپ-مۇقاملىرىنىڭ ئىپتىدائىي شەكىللىنىشى

دولان مەشرەپ-مۇقاملىرى ئۇيغۇر مىللىي سەنئىتىنىڭ ئىپتىدائىي شەكلى بولۇپ، ئۇيغۇر ئىپتىدائىي مىللىي سەنئىتى بولسا، تېخى مىللەت ۋە قەبىلىلەر شەكىللىنىشتىن بۇرۇنقى ئەجدادلىرىمىز تەرىپىدىن ئورتاق يارىتىلغان ئىپتىدائىي سەنئەتتىن شەكىللەنگەن.

ئىپتىدائىي سەنئەت ئىپتىدائىي ئەمگەك بىلەن ئىپتىدائىي تەسەۋۋۇرنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، ئۇ، ئىپتىدائىي توتېمىزمنىڭ پەيدا بولۇشى بىلەن تەڭ شەكىللىنىپ بەدىئىيلەشكەن ۋە ئىجتىمائىيلاشقان.

توتېمىزم بولسا، ئىپتىدائىي ئۇرۇق جامائىتى دەۋرىدە پەيدا بولغان بولۇپ، قەدىمكى زامانلاردا ئىنسانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ناھايىتى ئاجىز، تەبىئەت ھادىسىلىرىگا نىسبەتەن بىلىم-سەۋىيىسى تۆۋەن بولغىنى ئۈچۈن، تەبىئەت ھادىسىلىرىنى چۈشىنىشكە ئامالسىز قالغان. نەتىجىدە تەبىئەت ھادىسىلىرىدىن قورقۇش، ئۇنىڭغا چوقۇنۇش تۇيغۇلىرى پەيدا بولۇپ، تەبىئەتنىڭ ھەر خىل قورقۇنچلۇق ھادىسىلىرىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، بىرەر

نەرسىنى ئۆزىگە پايدىلىق ياكى قانداش ھېسابلاپ، ئۇنىڭغا ئىشىنىدىغان ۋەقەلەر كېلىپ چىققان. بۇ، دىنىي ئېتىقادنىڭ دەسلەپكى تۈرەلمىسى بولغان توتېمىزمنى شەكىللەندۈرۈپ، تەبىئىي شارائىتى خىلمۇ خىل جايلاردا ياشىغان ئادەملەردە خىلمۇ خىل نەرسىلەرگە چوقۇنىدىغان ئادەتلەر كېلىپ چىققان.

توتېمىزم بولسا، ئۇرۇق ھېسابلانغان دەسلەپكى ئۇرۇقداشلىق جامائەتتى دەۋرىدە پەيدا بولغان بىر خىل ئىجتىمائىي بىرلىك بولۇپ، توتېمىزم ئېتىقادى ناھايىتى كۆپ قەبىلىلەر ۋە خەلقلەر ئارىسىدا ناھايىتى كەڭ تۈردە تارقالغانىدى. ئادەملەر قاغا، بۈركۈت، ھوقۇش، پاقا، يىلان (ئەجدىھا)، بۆرە، كالا، دەرەخ... قاتارلىقلارنى ئۆزىگە «توتېم قىلىپ، توتېملار شەرىپىگە مۇراسىملار ئۆتكۈزەتتى. (ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرىمۇ باشقا ئىنسانلارغا ئوخشاشلا ئۆزلىرىگە دەرەخ ۋە بۆرىنى توتېم قىلىپ، توتېملىرىنىڭ شەرىپىگە مۇراسىملار ئۆتكۈزگەن).

توتېم مۇراسىمى ئىپتىدائىي سەنئەتنى شەكىللەندۈردى. توتېم مۇراسىملىرىنىڭ تۇنجى شەكىللىنىش باسقۇچلىرىدا ئادەملەر ئۆزلىرىنىڭ ئۈمىد-ئارزۇلىرىنى، ھەسرەت-نادامەتلىرىنى، ئىجتىمائىي ئەمگەك، تەسەۋۋۇرلىرىنى، ھاياتىدىكى ئېچىنىشلىق ھادىسىلەرنى تەسۋىرلەپ قوشاق قېتىپ، توتېملىرىدىن ئۆزلىرىگە مەدەت تىلەپ مۇڭلۇق كۈي-ناللار بىلەن زارلىنىش نەتىجىسىدە ھەرخىل كۈيلەرنىڭ خىلمۇ خىل يېقىملىق ۋە تەسىرلىك ئاھاڭلىرى بارلىققا كەلدى. بۇ خىل ئاھاڭلىق قوشاقلار بەك تەسىرلىك بولغانلىقى ئۈچۈن، دەسلىپىدە توتېم مۇراسىملىرىدا ئوقۇلغان بولسا، تەدرىجىي ئىجتىمائىيلىشىپ، مۇراسىمدىن باشقا ۋاقىتتىمۇ، سەپەر ئۈستىدە، ئەمگەك جەريانلىرىدا، يايلاقلاردا، ئورمان ۋە باياۋانلاردا يۈرۈپ غېرىبلىق ھېس قىلغان ياكى ئىچى پۇشقاندا توتېملىرىنى سېغىنىپ يۇقىرى ئاۋاز بىلەن ئېيتىلىش ئارقىلىق غەزەل ئاھاڭلىرىنىڭ كۆپ خىل ژانىرلىرى پەيدا بولغان. مۇشۇنداق مەلۇم دەۋرلەردىن كېيىن

ھەر خىل توتېمدىكىلەر ئۆز توتېملىرى بىلەن بولغان ئالاقىلىرىنى مۇستەھكەملەش ۋە ئۇلارغا تەسىر قىلىش ئىمكانىغا ئىگە بولۇش ئۈچۈن توتېملىرىنىڭ تەقلىدىنى دوراپ ئۇسسۇللار ئوينىغان. مەسىلەن: «قاغا توتېمىنىڭ ئەزالىرى قاغا ئۇسسۇلىنى ئورۇنلىغان. ئويۇن قاتناشچىلىرى قاغىنىڭ تومشۇقىنى تەسۋىرلىگۈچى نىقابلارنى كىيىشكەن. «ئۇلار دائىرە بولۇپ ئايلىنىپ، بىر-بىرلىرىنىڭ ئارقىسىدىن يۈرۈشۈپ، قاغىنىڭ قانات قېقىشىغا تەقلىد قىلىپ قوللىرىنى ھەرىكەتلەندۈرەتتى»، «بۆرە فىراترىيىسى (بۆرە توتېمى گۇرۇپپىسى) ئەزالىرىنىڭ توتېم ئۇسسۇلى بۆرە ئۇسسۇلى ئىدى. بۆرە تېرىسىدىن قىلىنغان پىلاشنى مۇرىسىگە تاشلاپ نىقابلارنى كىيىشىپ، بۆرىگە ئوخشاش ھەرىكەت قىلىشقان».

قەدىمكى توتېم مۇراسىملىرىنىڭ ئاساسىي قىسمى ئويۇندىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇنىڭدا مۇراسىم قاتناشچىلىرى ھەر خىل ھەرىكەتلەرنى قىلىشتىن تاشقىرى، باش كىيىم، نىقابلارنى كىيىشىپ ھەمدە تەنلىرىنى بوياقلار بىلەن بوياپ (گىرىم قىلىپ) ئۆزلىرىنى توتېمغا ئوخشىتىشقا ھەرىكەت قىلىشقان. مۇراسىم ۋاقتىدا (ئويۇنلىرىدا) ئەپسۇن قوشاقلىرى ئورۇنلانغان. قوشاقلارنىڭ مەزمۇنلىرى توتېملار توغرىسىدا بولۇپ، ئۇلارنىڭ كۆپىيىشىنى سورىغان①.

بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىپتىدائىي جامائەت شارائىتىدا كىشىلەرنىڭ تىرىكچىلىكى — ئوۋچىلىق ئىگىلىكى شارائىتىدا ۋۇجۇدقا كەلگەن. مۇراسىم ئويۇنلىرى ھەرخىل قىزىقارلىق ئويۇنلار بولۇپ، پەقەت توتېملىرىنىڭ تەقلىدىنى دوراپ ئويناش بىلەن چەكلىنىپ قالماستىن، باشقا قىزىقارلىق ئويۇنلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغانلىقى ئۈچۈن ئويۇن ھەرىكىتىدىكى دراماتىك خۇسۇسىيەتلەر كىشىلەرنىڭ ئىستېتىك زوقىنى قوزغىغان ۋە بۇ ئويۇنلار دىنىي مۇراسىملارنىڭ سىرتىدىمۇ

① م. س. بوتىنوۋا (سابىق سوۋېت ئېتنىپاقى): «دىن قانداق پەيدا بولدى؟» 62-بەت.

كۆڭۈل ئېچىش سۈپىتىدە ئوينىلىپ، ئويۇن ھەرىكىتىگە ئىجتىمائىي ئەمگەك ئوبرازى سىڭدۈرۈلگەن. قوشاق مەزمۇنلىرى تەرەققىي قىلىپ، تەسىرلىك ۋە قىزىقارلىق مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. مۇراسىم ئويۇنلىرى ئۆزىنىڭ مول مەزمۇنى بىلەن ئىنسانلارنى جەلپ قىلىپ، ناھايىتى كەڭ دائىرىلىك كۆڭۈل ئېچىش بەزمىسىگە ئايلانغان. ئىپتىدائىي ئىنسانلار ئەينى زاماندىكى تىرىكچىلىك قىيىنچىلىقلىرى، تەبىئەت بىلەن كۈرەش قىلىش قىيىنچىلىقلىرى ئاستىدا ناھايىتى كۆپ ئازاب تارتقان بولسىمۇ، ئىپتىدائىي سەنئەت ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ دەردىگە دەرمان بولۇش رولىنى ئوينىغاچقا، ئىنسانلار ئۆزلىرىنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىنى قامداشنىڭ سىرتىدىكى چاغلىرىنى ئايلاپ-يىللاپ ئويۇن بەزمىلەر بىلەن ئۆتكۈزگەن. قەدىمكى گرېتسىيە شائىرى گېسود (بىزنىڭ ئېرامىزغىچە بولغان VII — VIII ئەسىرلەردە ياشىغان) ئىپتىدائىي دەۋرنى تۆۋەندىكى مىسرالار بىلەن كۈيلىگەنىدى:

« غەمنى بىلمەي، ئەمگەك قىلماي ئىشرەتتە ئىنسان،
ياشار ئىدى ساپ قەلب بىلەن خۇدالارغا ئوخشاش.
دائىم كۈچكە تولۇق ئىدى ئۇنىڭ بىلىكى،
ۋە قېرىلىق ئازابىدىن خالى ھەرقاچان.
ئايلاپ-يىللاپ بەزمىلەردە ئۆتكەن كۈنلىرى،
گويا ئۇيقۇ ئالغانغا ئوخشاش ئۆلۈشكە ئاسان.
مول-كول ھوسۇلنى يەر ئۆزى بەرگەن،
ئاچلىق نېمە بىلمىگەن راھەتتە ».

يۇقىرىقى مىسرالاردىن شۇنى بىلىش مۇمكىنكى، ئىپتىدائىي ئىنسانلار ئويۇن-بەزمىلەرنىڭ ھۇزۇرىدا ئۆزلىرىنىڭ جەبرى-جاپالىق كۈنلىرىنى ئۇنتۇپ، راھەت ھېس قىلىشقان.

ئىپتىدائىي سەنئەت، ناخشا ئېيتىش، ئۇسسۇل ئويناش، ئۆز ئارا قوشاق ئېيتىش قاتارلىقلار بىلەن بىرلىشىپ بىر يۈرۈش سەنئەت رىتمى قۇرۇلمىسىنى پەيدا قىلىپ، تەدرىجىي سىستېمىلىشىپ بىر

www.uyghurkitap.com

سورۇندىلا ناخشا، ئۇسسۇل، قوشاق ئېيتىش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى تەرتىپلىك ۋە رىتىملىق ئىلىپ بېرىلىدىغان «مەشرەپ» ①نى شەكىللەندۈرگەن. مۇراسىم مەشرەپلىرىنىڭ شەكىللىنىشى بولسا، ئىپتىدائىي سەنئەتنىڭ رېئال تەقلىدچىلىكىنى ۋە ئۇنىڭ ئەكسىچە رومانتىك تەسەۋۋۇرنى، شۇ ئاساستىكى بەدىئىي ئىجادىيەتنى ئىلگىرى سۈرگەن. ئىپتىدائىي ناخشا-ئۇسسۇل سەنئىتى كىشىلەرنىڭ پۈتۈن تىرىكچىلىكى ھايۋانلارنى ئوۋلاش بىلەن باغلىق بولغان ئىپتىدائىي جامائەت شارائىتىدىكى توتېمىزىم دەۋرىدە بارلىققا كەلگەنلىكى ئۈچۈن، ناخشا مەزمۇنلىرى ۋە ئۇسسۇلنىڭ تەقلىد ھەرىكىتى ئەينى زاماندىكى رېئال ئەمگەك ئوبرازى بىلەن رومانتىك تەسەۋۋۇرلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغانىدى. ئىپتىدائىي سەنئەت ئۆز تەرەققىياتىدا نۇرغۇن دەۋرلەرنى باشتىن كۆچۈرگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئىپتىدائىي مەزمۇنلىرى سەنئەت تەركىبىدە ئاساسىي گەۋدە سۈپىتىدە داۋاملىق ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇپ كەلدى. قەبىلە ۋە مىللەت شەكىللەنگەندىن كېيىنمۇ، ھەرقايسى قەبىلە ۋە مىللەتلەر ئىپتىدائىي سەنئەت ئاساسىدا، ئۆزلىرىنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكلىرىگە ئاساسەن، ئوخشاش بولمىغان جايلاردا ئوخشاش بولمىغان سەنئەت تۈرلىرىنى كەلتۈرۈپ چىقارسىمۇ، ئىپتىدائىي سەنئەت ئامىللىرىنى ئاساس قىلىپ، شۇ ئاساستا تەرەققىي قىلدى. دولان مۇقام-مەشرەپلىرى، شۇنداقلا ئۇيغۇر مىللىي سەنئىتىنىڭ ھەر خىل تۈرلىرىمۇ ئىپتىدائىي سەنئەت ئاساسىدا تەرەققىي قىلدى. بىز مىللىي سەنئىتىمىزگە دىققەت قىلىدىغان بولساق، خۇددى ئىپتىدائىي توتېمىزىم مۇراسىملىرىدىكىدەك دەرەخنى دوراپ ھەر تەرەپكە نازلىنىش، بۈركۈتنى دوراپ قوللىرىنى كۆتۈرۈپ قانات قېقىش، لاچىن قانات ھەرىكەتلەرنى قىلىش ۋە لاچىندەك شۇڭغۇش،

---

① «مەشرەپ» ئەرەبچە: تەبىئەت، ئادەت، خەلق، رەۋىش دېگەن مەنىنى بىرىدۇ. كۆچمە مەنىسى ئادەتكە ئايلانغان بەزمىنى كۆرسىتىدۇ.

ئېپتىدائىي ئەمگەك شەكىللىرىنى دوراپ، ئوۋچىدەك ئوقيا ئېتىش، باتۇرلارچە يىرتقۇچ ھايۋانلارنى ئوۋلاپ، دائىرىگە ئېلىپ دۇمبالاپ يوقىتىش، ئەمگەك غەلبىسىدىن كېيىن شادلىق تەنتەنىلىرىنى ئۆتكۈزۈش قاتارلىق ھەرىكەتلەر كۆرۈلىدۇ. بۇنىڭ ھەممىسى ئېپتىدائىي سەنئەت مەزمۇنلىرى ئىدى. دولان مەشرىپىدە داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئالدى بىلەن تەگرىنى تەسۋىرلەيدىغان ۋە كىشىنىڭ دىققىتىنى قوزغاپ خىيالغا سالىدىغان تېكىستلەر بىلەن مۇقام توۋلاپ، ئۇنىڭدىن كېيىن خۇشاللىق باسقۇچىغا ئۆتۈپ ئۇسسۇل ئويناش، ئۇنىڭدىن كېيىن يېقىنلىرى بىلەن قوشاق ئېيتىش قاتارلىق مەشرەپ رەتمى ئەنە شۇ ئېپتىدائىي دەۋردىن باشلاپ داۋاملىشىپ كەلگەن. ئېيتىش كېرەككى، ئېپتىدائىي سەنئەت دەسلىپىدە تار دائىرىدە بولغان بولسا، قەبىلە ۋە مىللەت شەكىللەنگەندىن كېيىن ئۇنىڭ دائىرىسى ناھايىتى كەڭ، ھەتتا پۈتۈن قەبىلىنى ئۆز ئىچىگە ئېلىپ، ئېپتىدائىي سەنئەتنىڭ مەزمۇنلىرىنى كۆپەيتىپ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرگەن. V ، VI ئەسىرگە ئائىت «ۋېي سۇلالىسى تارىخى. قاڭقىللار تەزكىرىسى»دە قاڭقىللار (قەدىمكى ئۇيغۇرلار)نىڭ ئۆرپ-ئادىتى ئۈستىدە توختىلىپ: «ئۇلارنىڭ قەبىلىلىرى بىر يەرگە يىغىلىپ، مۇراسىم ئۆتكۈزگىنىدە، يىغىلغۇچىلار-نىڭ سانى نەچچە تۈمەن بولاتتى. مال سويۇپ ئات بەيگىسى قىلاتتى. سەيلە قىلاتتى، ناخشا ئېيتىپ ئۇسسۇل ئوينايتتى» دېيىلگەن. يەنە مۇشۇنداق مۇراسىملار توغرىسىدا شىنجاڭ مىڭئۆيلىرىنىڭ تام رەسىملىرىدە ئوبرازلار قالدۇرۇلغان بولۇپ، مىلادى V — VI ئەسىرگە تەئەللۇق قىزىل مىڭئۆيى 11-ۋە 38-غارىدىكى تام سۈرەتلىرىدە، ئەر-ئايال بىرلىكتە ساز چېلىپ، نەغمە-ناۋا قىلىپ، مۇراسىم ئۆتكۈزۈۋاتقانلىقى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. بۇنداق رەسىملەر تۇرپان بىزەكلىك مىڭئۆيى (25-غار)دە، كۇچار قۇمتۇر مىڭئۆيى (30-غار) دىمۇ بار. بۇ، ئېپتىدائىي سەنئەتنىڭ ئاشۇ دەۋردىكى تەرەققىي قىلغان شەكىللىرى ئىدى. ۋەھالەنكى،

ئۇيغۇر مىللىي سەنئىتى ئۇزاق يىللىق تارىخىي تەرەققىياتى
جەريانىدا، ھەرقايسى دەۋردە زۆرۈر بولغان ئۆزگىچە خاس تارىخىي
ۋە ئىجتىمائىي مەزمۇنلارنى قوبۇل قىلىپ، ئۆز تەركىبىنى ۋە
مەزمۇنلىرىنى بېيىتتى. غەزەل تۈرلىرىنى كۆپەيتىپ، مۇقىملاشقان
ۋە سىستېمىلاشقان ئاھاڭ تۈرلىرىنى قېلىپلاشتۇردى. مەشرەپ
تەركىبىگە خەلق فولكلورى ئاساسىدا تېكىست ۋە تەقلىد تۈرلىرىنى
كىرگۈزۈپ، كومېدىيىلىك خۇسۇسىيەت پەيدا قىلىپ، مۇقام-مەشرەپلەر-
نىڭ ئىستېتىك خۇسۇسىيەتلىرىنى ئاشۇردى. لېكىن، بۇ تەرەققىياتلار-
نىڭ ھەممىسى قەدىمكىنى ئاساس قىلىپ، تەدرىجىي ھالدا
تولۇقلىما سۈپىتىدە بارلىققا كەلدى. ھالبۇكى، ھازىرقى ھەرخىل
يەرلىك ناملار بىلەن ئاتىلىپ كېلىۋاتقان مەشرەپ شەكىللىرى
بولسۇن، ياكى كلاسسىك مۇزىكا ئون ئىككى مۇقام بولسۇن،
ھەممىسىدە مۇقامنى مۇقەددىمە قىلىش، مۇزىكىنى ئىلگىرى-كېيىن
چېلىپ غەزەلگە تەگكەش قىلىش، ئۇسسۇلچىلار يۈز-كۆزلىرىنى
بوياپ (گىرىم قىلىپ) ئۇسسۇلغا چۈشۈش، رېئاللىقنى ياكى
تەسەۋۋۇرنى تەقلىد بىلەن ئىپادىلەش، كېپىنەككە ئوخشىتىپ
كىيىم كىيىپ كېپىنەكنى دوراپ ئۇسسۇل ئويناش، يىلاننىڭ
تەقلىددىنى قىلىپ يىلاندەك تولغىنىپ ئويناش، بېيىت-قوشاقلار
ئېيتىش قاتارلىقلار كۆرۈلىدۇ. بۇنىڭ ھەممىسى ئىپتىدائىي سەنئەت
شەكىللىرىنىڭ سەنئىتىمىزدە ساقلىنىپ كېلىۋاتقان تەركىبلىرى
بولۇپ، ئىپتىدائىي سەنئەت شەكىللىرى دولان ناخشا-ئۇسسۇل
سەنئىتىدە ئىنتايىن روشەن كۆرۈلىدۇ. چۈنكى، دولانلىقلار قەدىمكى
قەبىلە بولۇپ ياشىغان دەۋرلەردە بولسۇن ياكى تارىم بوستانلىقىغا
كۆچۈپ كېلىپ «دولانلىقلار» دېگەن ناملار بىلەن ياشىغان
دەۋرلەر بولسۇن، ھەتتا بۈگۈنكى كۈنلەرگىچە ئايرىم جۇغراپىيىلىك
مۇھىت شارائىتىدا ياشاپ كەلگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇلاردا ئىپتىدائىي
ئۆرپ-ئادەتلەر ۋە ئىپتىدائىي ناخشا-ئۇسسۇل سەنئىتى ئۆزگەرمەس-
تىن، خۇددى ئاۋستراللىيىدىكىگە ئوخشاش قەدىمكى پېتى ساقلىنىپ

كەلگەن. ئىسپاتلاش مۇمكىنكى، ئاۋسترالىيىلىكلەر بۇ قىتئەگە بۇنىڭدىن 10-12مىڭ يىللار ئاۋۋال شەرقىي جەنۇبى ئاسىيادىن كەلگەنىدى. ئاۋسترالىيىلىكلەر باشقا كىشىلەردىن ئاجرالغان ھالدا خۇددى دولانلىقلارغا ئوخشاش قولايسىز بولغان تەبىئىي شارائىتقا دۇچ كېلىپ، ئۆز تەرەققىياتىدا ئارقىدا قالدى. ئۇلار 18-ئەسىرنىڭ ئاخىرىغا كېلىپ، ئىپتىدائىي جامائەت ئۇرۇق تۈزۈمىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى باسقۇچلىرىنىڭ بىرىدە تۇرغانىدى. ئۇلار ئانچە چوڭ بولمىغان قېرىنداش گۇرۇپپىلار، ئۇرۇقلارغا (گۇرۇپپىدا 50 — 60 كىشى بولغان) بۆلۈنۈپ ياشاشقان. ئۇلار ئوزۇق ئىزلىشىپ دائىم بىر يەردىن ئىككىنچى بىر يەرگە كۆچۈپ يۈرۈپ ھايات كەچۈرگەن. ئۇلار ئوۋچىلىق قىلىش، مېۋە ۋە يىلتىزلارنى تېرىش بىلەن مەشغۇل بولغان. ئۇچى تاش ياكى سۆڭەكتىن قىلىنغان نەيزە، سويۇل، قايىرلغان، سىلىقلانغان ئۇچى ئۆتكۈر كالتەكلەر بىلەن توپ-توپ بولۇپ ئوۋ قىلىشقان. ھايۋانلارنى كالتەك-تاياق بىلەن ئۇرۇپ ئۆلتۈرگەن. ئۇلار ھايۋاننى توتېم قىلىپ ئۇنىڭ شەرىپىگە مۇراسىم ئۆتكۈزگەن. مۇراسىمنىڭ ئاساسىي قىسمى ئويۇن بولۇپ، ئۇنىڭدا مۇراسىم قاتناشچىلىرى باش كىيىم، نىقاپلارنى كىيىپ ھەمدە تەنلىرىنى بوياقلار بىلەن بوياپ ئۆزلىرىنى توتېمغا ئوخشىتىشقا ھەرىكەت قىلىشقان. مۇراسىم ۋاقتىدا ئەپسۇن قوشاقلىرىنى ئېيتىشىپ، توتېملارنىڭ كۆپىيىشىنى تەلەپ قىلىشقان. بۇلارنىڭ تۇرمۇش ئادەتلىرى، ئۇسسۇل سەنئەتلىرى ئىپتىدائىي دەۋرگە خاس بولۇپ، بۇلارنىڭ قەبىلىلىرىمۇ ئۆز ئالدىغا ئوخشاشمىغان توتېملارغا ئېتىقاد قىلىپ، بەزى قەبىلىلىرى (گۇرۇپپىلىرى) قاغىنى، يەنە بىر قىسمى بۆرىنى توتېم قىلغان ۋە بۆرە ئۇسسۇللىرىنى ئويناپ كەلگەن. بەزىلىرى دەرەخنىمۇ توتېم قىلىپ دەرەخكە ئوخشاش ھەرىكەتلەرنى قىلغان.

ئاۋسترالىيىلىكلەر ھاياتىنىڭ قىسقىچە خاراكتېرى بۇ قەبىلە راۋاجلىنىشىنىڭ ئەڭ ئالدىنقى باسقۇچلىرىنىڭ بىرىدە تۇرغانلىقىنى

كۆرسىتىدۇ. شۇڭلاشقىمۇ ئۇلارنىڭ ناخشا-ئۇسسۇل سەنئىتى سەنئەتنىڭ دەسلەپكى شەكىللىرى توغرىسىدا تەسەۋۋۇر بېرەلەيدۇ.

دولان ناخشا-ئۇسسۇل سەنئىتىنىڭ خاراكتېرىدىمۇ تامامەن دېگۈدەك ئىپتىدائىي دەۋرگە خاس مەزمۇن، ھەرىكەت شەكىللىرى ساقلىنىپ كەلگەن. دولانلىقلارنىڭ مەدەنىيىتىدە تېخىچە توتېمىزم مەدەنىيەت كۆز قاراشلىرى بار. بۇلار ھازىرغىچە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ توتېملىرىدىن يۈرتى ئامەتنىڭ سىمۋولى ھېسابلايدۇ. ئامەتلىك بولىدۇ دەپ بوۋاقلارغا بۆرىنىڭ ئىلىك سۆڭىكىدىن تېشىلگەن «چوغا» سالىدۇ. بۆرە ئوشۇقنى ساقلىسا «قەست» يۈرمەيدۇ، قىمار ئوينىسا بۆرە ئوشۇقى بار كىشى ئۇتۇۋالىدۇ دەپ قاتتىق ئىشىنىدۇ. «چىراغ» ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق قەدىمكى قەبىلە ئادەتلىرىنى ئىجرا قىلىدۇ. بۇ ئۆرپ-ئادەتلەرنىڭ خاراكتېرى ئەجدادلارنىڭ ئىپتىدائىي ھاياتىغا خاس بولۇپ، ناخشا-ئۇسسۇل سەنئىتىمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئىپتىدائىي سەنئەت شەكلىدۇر. ئۇيغۇر مەدەنىيىتىمۇ راۋاجلىنىشتا خۇددى ئاۋستراليىدىكىگە ئوخشاشلا جەريان، باسقۇچلارنى باشتىن كەچۈرگەن، ھەرقانداق مىللەت، ھەرقانداق خەلقنىڭ تەرەققىيات راۋاجى ئۇنىڭ سىرتىدا قالمىغان. ھالبۇكى، تېگى تەكتىدىن ئېيتقاندا دولان ناخشا-ئۇسسۇل مەشرىپى، ئۇيغۇر ناخشا-ئۇسسۇل سەنئىتىمۇ، ئاۋستراليە سەنئىتىگە ئوخشاش شەكىللەنگەن. بۇ ھەقتىكى تەسەۋۋۇرىمىزنى دولان ناخشا-ئۇسسۇل سەنئىتىنىڭ شەكىل، مەزمۇنلىرى ۋە شۇنىڭ بىلەن بىر قاتاردا ساقلىنىپ كېلىۋاتقان ئىنسانىيەتنىڭ ئىپتىدائىي ھاياتىغا خاس ئۆرپ-ئادەتلەر بىلەن ئىسپاتلاش مۇمكىن. تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىنكى، ئىپتىدائىي سەنئەتنىڭ شەكىللىنىشى كۆپىنچە جايلاردا ئوخشاش بولغان. ھازىرقى ئىلىم-پەن نەتىجىلىرى ھازىرغىچە ئىپتىدائىي دەۋرلەردىكى مىللەت تەركىبى، ئالاھىدىلىكى قاتارلىقلارنى شەرھلەشكە مۇكەممەل ئاساس يارىتىپ بېرەلمىگەنلىكى

ئۈچۈن، بەزى مىللەتلەرنى چۈشەندۈرۈشكە ئامال بولمىسىمۇ، ئاسىيانىڭ جەنۇبى ۋە شەرقىي جەنۇبىي تەرەپلىرىدىن تارقالغان سەنئەت شەكىللىرىنىڭ ئىپتىدائىي شەكىللىنىش باسقۇچىنىڭ ئوخشاشلىقىنى پەرەز قىلىش مۇمكىن. ئاۋسترالىيە مەدەنىيەت سەنئىتىمۇ ئەسلىدە جەنۇبىي، شەرقىي جەنۇبى ئاسىيا مەدەنىيەت سەنئىتى ئىدى. شۇڭلاشقا، ئۇلارنىڭ مەدەنىيەت مەنبەلىرىمۇ ئاشۇ جايلاردىن تارقالغان ياكى يېقىن مۇناسىۋەتتە بولغان خەلقلەرنىڭ ئىپتىدائىي مەدەنىيەت سەنئەت شەكىللىرى بىلەن ئاساسەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ. بۇ خىل ئوخشاشلىق شۇ خەلقنىڭ ئىپتىدائىي مەدەنىيەت سەنئەتلىرىنىڭ ئىپتىدائىي شەكىللىنىشى توغرىسىدىكى تەسەۋۋۇرىمىزنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. مەلۇمكى، ئاسىيانىڭ جەنۇبىي، شەرقىي جەنۇبى تەرەپلىرىدە ئۇيغۇرلارنىڭ يىراق ئەجدادلىرى بولغان ساكلارنىڭ ئەجدادى، ھۇنلار، توخرىلار (ياۋچىلار)، تۈركلەر ياشىغانىدى. ئۇلار بىر قانچە قوۋمغا بۆلۈنگەندىن كېيىنمۇ، جەنۇبىي ئاسىيانى تاشلىماي، ئىلگىرى ھەرتەرەپكە تارقاپ كەتكەنلەرمۇ كۆچۈپ بېرىپ ھاكىمىيەت تىكلىگەن. ساكلار توغرىسىدا «خەن سۇلالىسى تارىخى» نىڭ غەربىي رايون تەزكىرىسىدە: «چوڭ ياۋچىلار غەربتە باكتېرىيىدە، ساك پادىشاھى جەنۇبتا كەشمىردە دەۋران سۈرگەن. ساكلار تارقاق بولۇپ، كۆپ ۋاقىتلاردا بىرنەچچە بەگلىككە بۆلۈنۈپ كەتكەن» دېيىلگەن.

ئارخېئولوگىيىلىك تەتقىقات نەتىجىسى: «ساك مەدەنىيىتى بىلەن ئۇيسۇن مەدەنىيىتى بىر پۈتۈن ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ ئىلگىرى-كېيىن ئىككى باسقۇچى» دېگەن ھۆكۈمنى ئىسپاتلىغان.

ساكلار بولسا، ئىپتىدائىي ئۇرۇق جامائىتى ياكى قەبىلە شەكىللەنگەن دەۋرلەردە ئاساسەن ئاسىئى، گاسىئانى، ئوخارى ۋە ساكائورا ئۇلۇدىن ئىبارەت تۆت قەبىلە ياكى قوۋمدىن تەركىب تاپقانىدى. ساكلارنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى تارقىلىش

www.uyghurkitap.com

دائىرىسى كەڭ بولۇپ، نۇرغۇن قەبىلە ياكى قوۋملار ساكلارنىڭ مەدەنىيەت تەسىرىگە ئۇچرىغان. مىلادىدىن بۇرۇنقى VII-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا ساكلارنىڭ شەرقتە ياشاۋاتقان قوۋملىرى ئىلى دەرياسى، چۇ دەرياسى بويلىرىغا كۆچۈپ كەلگەن. ساك قوۋملىرىدىن ئاسىئى قاتارلىق قەبىلەرمۇ بۇ جايدا پائالىيەت ئېلىپ بېرىشقا باشلىغان. مىلادىدىن بۇرۇنقى VI-ئەسىرنىڭ 20-يىللىرىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، ئىلى دەرياسى، چۇ دەرياسى بويلىرىدىكى ئاسىئى قاتارلىق قەبىلەر غەربكە — سىر دەرياسى بويلىرىغا كېڭەيگەن.

مىلادىدىن بۇرۇنقى 176-، 177-يىللىرى ئۇلۇغ ياۋچىلار غەربكە كۆچكەنلىكتىن، ساكلار ئىلى دەرياسى، چۇ دەرياسى بويلىرىدىن ۋاز كېچىپ ئۇلارنىڭ بىر قىسمى جەنۇبقا كۆچۈپ پامىردىكى ھەرقايسى جايلارغا تارقالغان. كېيىن يەنە شەرققە — تارىم ئويمانلىقىدىكى بوستانلىقلارغا كىرگەن. مىلادىدىن بۇرۇنقى 140-يىلنىڭ ئالدى-كەينىدە، خېلى كۆپ ساكلار سىر دەرياسىدىن ئۆتۈپ جەنۇبقا كۆچكەن، بىر قىسمى باكتېرىيىگە بېرىپ گرېكلار قۇرغان باكتېرىيە خانلىقىنى مۇنقەرز قىلغان. مۇشۇ ۋاقىتلاردا ساكلارنىڭ ئاسىئىلارنى ئاساس قىلغان بىر تارمىقى سىر دەرياسىنى بويلاپ ئارال دېڭىزى بويلىرىغا، ھەتتا كاسپى دېڭىزى بويلىرىغا كۆچۈپ بارغان. بۇلار تارىختا «ئائورسىلار» دەپ ئاتالغان. سىر دەرياسىنىڭ شىمالىي قىرغىقىدا قېپقالغان ساكارائۇللار كانگىيلىكلەر دەپ ئاتالغان. مىلادىدىن بۇرۇنقى 129-يىلى پامىردىكى ساكلار كۆكئارت (پامىر) تېغىدىن ئۆتۈپ، قەندىھار ۋە تاكسىلارغا بېسىپ كىرگەن. ئۇلار بۇ رايوندا كاپىچا (كەشمىر) دۆلىتىنى قۇرغان.

ئۇلۇغ ياۋچىلار 2-قېتىم غەربكە كۆچكەندە يەنە بىر قىسىم ساكلار سوغدىيانا ۋە توخارىستاندىن پېرسىيىگە بېسىپ كىرىپ، ترانكىيانا ۋە ئاراكشىيىنى ئىشغال قىلغان. ترانكىيانا شۇ سەۋەبتىن

ساك غەربكە غەربكە كۆچمەي قالغان سۇلالىسى تارىخى. غەربىي رايو ئايلانغان ئايلانغان. بىر قىسىم ساكلار دۆلىتى ساكلارنىڭ ، ئالتاي ت ئالتاي تېغىنىڭ شەرقىدە پائالىيەت نىلىقى ئىككە نىلىكىنى كۆرىدا قاڭقىلىدا قاڭقىللار دەپ ئاتالغان6-يىللىرىغا كەلگەندە ساك قوۋملىرىنىڭ غەربكە كۆچمەي قالغان بىر قىسمى ئۇلۇغ ياۋچىلارنىڭ ئەجدادىغا ئايلانغان. بىر قىسىم ساكلار خۇاڭخې دەرياسىنىڭ غەربى، ئالتاي تېغىنىڭ شەرقىدە پائالىيەت قىلغان، بۇلار خەنزۇ تارىخنامىلىرىدا قاڭقىللار دەپ ئاتالغان. يەنە بەزى مەنبەلەردە: سوغدىيانانىڭ شەرقى، پامىرنىڭ غەربى، سىر دەرياسىنىڭ جەنۇبى، ھىندىقۇش تېغىنىڭ شىمالىدىكى رايوننى «ساكارا» دەپ ئاتايدىغانلىقى، ساكلارنىڭ بۇ رايوندا كاراتائىپ، كومارى، كومېدىئائىپ، ماسساگېت، گرىناكى قاتارلىق كىچىك قەبىلىلىرىنىڭ ياشايدىغانلىقى توغرىسىدا مەلۇمات قالدۇرۇلغان.

مىلادىيدىن بۇرۇنقى 165-يىلدىن باشلاپ توخرىلار ھىندىستاندا كوشانىيە خانلىقىنى قۇرغان. ھىندىستان ساكلارنىڭ ئۇزاق ئەسىرلەر ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا تۇرغان بىر جاي بولۇپ، ساك مەدەنىيىتى جەنۇبىي ئاسىيا ئىككىنچى چوڭ قورۇقلۇقىدىكى دۆلەتلەرنىڭ مەدەنىيەت مەنبەسى بولغان. ئەجدادلىرىمىز ساك، ھۇن، توخرى، تۈركلار قاتارلىق ناملار بىلەن ئاتىلىپ دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا ئۆزىنىڭ مەدەنىيىتىنى، مۇزىكىسىنى، ناخشا-ئۇسسۇل سەنئىتىنى كەڭ تارقاتقان. كېيىنكى دەۋرلەردە يۇقىرىقى مىللەتلەرنىڭ ھەممىسى ئۇيغۇرلارغا سىڭىپ كەتكەن. «يېڭى تاش قوراللار دەۋرىدە ئوتتۇرا ئاسىيا قەبىلىلىرى بىلەن ئەينى ۋاقىتتا ئورال ئەتراپى، سىبىرىيە، شىنجاڭ، قارا دېڭىز ساھىلى، شۇنداقلا مىسوپوتامىيە، ئىران ۋە ھىندى ئوكيان بويلىرىدا ياشىغان قەبىلىلەر ئوتتۇرىسىدا مەدەنىيەت ھەم تارىخىي ئالاقىلار مەۋجۇت بولغان». ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتى بەلكى شەرقىي ئاسىيا، شەرقىي جەنۇبى ئاسىيا، جەنۇبىي ئاسىيا، ھەتتا

غەربىي ئاسىيا بىلەنمۇ تارىخىي مۇناسىۋەتتە بولغان.

مىلادىدىن بۇرۇنقى 2000 يىللار ئىلگىرى مىسوپوتامىيىدە مەركىزىي ئاسىيادىن كۆچكەن سۇمېرلار قەبرىگاھلىقىدىن ساندۇق شەكلىدىكى قالۇن تېپىلغان.

تارىخىي مەنبەلەرگە ئاساسلانغاندا، قەدىمدىن تارتىپ «غەربىي دىيار» دەپ ئاتىلىپ كەلگەن ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ھازىرقى شىنجاڭ رايونى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك مەدەنىيىتى، يۇنان مەدەنىيىتى، مىسوبوتامىيە مەدەنىيىتى، ھىندىستان مەدەنىيىتى ھەم ئەرەب ئىسلام مەدەنىيىتى قاتارلىقلارنىڭ بىر-بىرى بىلەن ئۇچراشقان يىپەك يولى ئارقىلىق دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرى بىلەن بېرىش-كېلىش بولۇپ تۇرىدىغان جاي بولغانلىقتىن، بۇ زېمىندا شەكىللەنگەن مۇزىكىلار ئاسىيا مەدەنىيىتىگە غايەت زور تەسىر كۆرسەتكەن. ئىپتىدائىي دەۋردىكى مەدەنىيەت-سەنئەت-مۇ قاتناش مۇناسىۋىتى ۋە قەدىمكى قەبىلىلەرنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى تۇرمۇش شەكلى، ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىگە ئاساسەن، ھاياتلىق مەنبىئى ئىزدەپ داۋاملىق كۆچۈپ تۇرۇشى، ھەتتا باشقا قىتئەلەرگىچە چىقىپ كېتىشتەك ئەھۋال ئاستىدا، ئۇيغۇر ئىپتىدائىي سەنئىتى دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىغىچە تارقاپ كەتكەن. بەزى تەرەققىي قىلالمىغان قەبىلىلەردە مىللەت شەكلى ئۆزگەرسىمۇ ئىپتىدائىي سەنئەت شەكىللىرى ئەينەن ساقلىنىپ كەلگەن.

ئارخېئولوگىيىلىك سەنئەت تەتقىقات نەتىجىلىرى شۇنى ئىسپاتلايدۇكى، ھازىرقى «دولان ئۇسسۇلى» دەپ كېلىۋاتقان ئۇسسۇل شەكلى ئەينى ۋاقىتتا ناھايىتى كەڭ دائىرىدە تارقالغان. تارىخىي مەنبەلەردىن مۆلچەر دەرياسى بويىدىكى قىيا تاشلارغا ئويۇلغان زور تۈركۈمدىكى سۈرەتلەرگە قارايدىغان بولساق، ئۇنىڭدا، ئۇسسۇلچىلار قىياپەتلىرىدىكى رەسىملەر بار بولۇپ، بولار يالغۇز كىشىلىك ئۇسسۇل، ئۈچ كىشىلىك ئۇسسۇل ۋە نىقابلىق

ئۇسسۇللاردىن ئىبارەت. بۇ ھەقتە ئۇسسۇل تەتقىقاتچىلىرىنىڭ ئىلمىي نەتىجىلىرىدىن قارىغاندا، يالغۇز كىشىلىك ئۇسسۇلدىكى ئۇسسۇلچى ئۇزۇن كۆڭلەك كىيگەن بولۇپ، ئىككى قولىنى مۈرىسىدىن يۇقىرى كۆتۈرۈپ چۆرگىلەۋاتقان، ئۇنىڭ ئېتەكلىرى چۆرگىلەشتىن كۆپۈپ كەتكەن سۈرەتنى ھازىرقى دولان ئۇسسۇلىنىڭ تۆتىنچى ھەرىكىتى بولغان «سېرىلما» غا ئوخشايدۇ، دەپ قارىغان. يەنە بىر ئۇسسۇلچى سۈرىتىدە بىر كىشى ئىككى قولىنى لاچىن قانات ھەرىكىتى شەكلىدە تۇتۇپ، قەدەم تاشلاۋاتقان، ئۇچىسىدىكى ئۇزۇن كۆڭلىكىنىڭ ئېتىكى سەل ئېچىلغان بولۇپ، بۇ ھەرىكەتنىڭ شەكلىنى ھازىرقى دولان ئۇسسۇلىنىڭ ئىككىنچى ھەرىكىتى بولغان «سەنەم» ھەرىكىتىنىڭ باشلىنىش قىسمىغا ئوخشاتقان. ئۈچ كىشىلىك ئۇسسۇلچىلارنىڭ قوللىرى ئوخشاشلا لاچىن قانات ھەرىكىتى شەكلىدە بولۇپ، قەدىمىنى چوڭ ئېلىپ، ئۇچىلىسى بىر خىل رىتىمدا ھەرىكەت قىلىپ كېتىۋاتقان. ئۇسسۇلدىكى قىياپەت ناھايىتى جىددىي ھەم چاققان بولۇپ، بۇنىڭدىكى ھەرىكەت شەكلىنى ھازىرقى دولان ئۇسسۇلىنىڭ ئۈچىنچى ھەرىكىتى بولغان «سەلىقە» ھەرىكىتىگە ناھايىتى ئوخشايدۇ، دەپ قارىغان. دولان مەشرەپلىرىدە ئوينىلىدىغان تەقلىدچىلىك ئىپتىدائىي سەنئەتنىڭ بىر خىل تۈرى بولۇپ، ئەجدادلىرىمىز قەدەم باسقان دىيارلاردا كەڭ تارقىلىشنىڭ سىرتىدا، بۇ خىل ئويۇن شەكىللىرى جەنۇبىي، شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا كۆچمەنلىرى بىلەن ئاۋستىرالىيىگە كېتىپ، ئۇ جايدا X Ⅷ - ئەسىرگىچە ئىپتىدائىي پېتى ساقلانغان.

يۇقىرىقى پاكىتلار شۇنى كۆرسىتىدۇكى، دولان ناخشا-ئۇسسۇل سەنئىتى تارىخى ئۇزۇن، تارقىلىش دائىرىسى كەڭ مىللىي سەنئەت بولۇپ، تېخى مىللەت ۋە قەبىلىلەر شەكىللىنىشتىن بۇرۇنقى ئەجدادلىرىمىز تەرىپىدىن ئىپتىدائىي توتېمزىمنىڭ پەيدا بولۇشى بىلەن تەڭ شەكىللىنىپ بەدىئىيلەشكەن ۋە ئىجتىمائىيلاشقان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

3. دولان مەشرەپ-مۇقاملىرىنىڭ تارىخي مەزمۇنلىرى

دولان مەشرەپ-مۇقاملىرىنىڭ مەزمۇنى ئىپتىدائىي ئەمگەك بىلەن ئىپتىدائىي پىكرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ناخشا-ئۇسسۇل پەيدا بولغان ئىپتىدائىي دەۋرلەردە، ئۇ زامانلاردىكى ناخشا تېكىستى، ئۇسسۇل تەقلىدى (ھەرىكەت مەزمۇنلىرى) ۋە قوشاق، بېيىت، مۇراسىم ياكى مەشرەپ خاراكتېرلىك پائالىيەتلەر ئەينى ۋاقىتتىكى ئىجتىمائىي ھادىسە ۋە ئىشلەپچىقىرىش خاراكتېرى، ئەمگەك ئوبرازلىرىنى ھەم ئىنسانلارنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى رېئال تۇرمۇشقا نىسبەتەن كۆز قاراش، تەسەۋۋۇرلىرىنى مەزمۇن قىلغانىدى. بولۇپمۇ ئىپتىدائىي ئەجدادلارنىڭ ھايات كۆچۈرۈشىگە ئەڭ زۆرۈر بولغان ئوۋچىلىق ئەمگىكى ئەينى ۋاقىتتا ئىنتايىن تەسىرلىك ئىدى. «شۇنىسى قىزىقكى، — دەپ يازىدۇ ئېنگېلس، — ئىپتىدائىي دەپ ئاتالغۇچى خەلقلەردە مۇقەددەسلىك توغرىسىدىكى تەسەۋۋۇرلار پەيدا بولىدۇ. ھايۋانلار ئالىمىدىن بىز تەقلىد قىلىپ ئالغان ھايۋانىي ئېلېمېنت... مۇقەددەس دەسلەپكىسىدۇر. ئىپتىدائىي كىشىلەر ئۈچۈن ئوۋچىلىق، مېۋە ۋە يىلتىز يىغىش ناھايىتى چوڭ ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان — بۇلار تىرىكچىلىكنىڭ ئاساسىي مەنبەسى ئىدى. بۇ تەبىئىي، دىندىمۇ ئۆز ئەكسىنى تاپتى. ئادەملەرنىڭ ئوزۇق-تۈلۈكى ھېسابلانغان ۋە ئۇلارغا ياشاش ئىمكانىيىتى بەرگەن ھايۋان ۋە ئۆسۈملۈكلەر دىنىي مۇراسىملارنىڭ دەسلەپكى ئوبيېكتلىرىدىن بىرى بولدى» ①. ھالبۇكى ئىپتىدائىي تۇتېم مۇراسىم ئويۇنلىرىنىڭ مەزمۇنى ئىپتىدائىي سەنئەت مەزمۇنىنى

---

① م. س. بوتنوۋا (سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى): «دىن قانداق پەيدا بولدى؟» 58-بەت.

پەيدا قىلدى. بۇ مەزمۇنلار ئىپتىدائىي ئەمگەك ۋە ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىگە باغلانغان بولۇپ، ئىپتىدائىي سەنئەت شەكلى ئىپتىدائىي ئوۋچىلىق ئىگىلىكى دەۋرىدىكى ئەمگەك ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئوبرازلىرىنى ئىپادىلەپ كەلدى. مەلۇمكى، «جەمئىيەتنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى قانداق بولسا، جەمئىيەتنىڭ ئۆزىمۇ ئاساسەن شۇنداق بولىدۇ. ئۇنىڭ ئىدىيە ھەم نەزەرىيەلىرىمۇ ھەم سىياسىي كۆز قاراشلىرى ۋە مەھكىمىلىرىمۇ شۇنداق بولىدۇ. ياكى قوپالراق قىلىپ ئېيتقاندا: ئىنسانلارنىڭ تۇرمۇشى قانداق بولسا، ئۇلارنىڭ پىكىر قىلىش يوسۇنىمۇ شۇنداق بولىدۇ» ئىپتىدائىي پىكىرلەردە پەقەت شۇ دەۋرگە خاس ئەمگەكلەر توغرىسىدىكى پىكىرلەر ئاساسىي ئورۇندا تۇراتتى. ئىپتىدائىي ئادەملەر بولسا، ھايۋانلارنى قانداق ئوۋلاش، ياۋايى ھايۋانلارنى قانداق كۆندۈرۈش، يىرتقۇچ ھايۋانلارغا قايسى يول بىلەن تاقابىل تۇرۇش، ئۇلارنى قانداق يوقىتىش، تۇرمۇش مەنبەلىرىنى قانداق تەييارلاش توغرىسىدا پىكىر قىلاتتى. ئۆز تۇرمۇشىنى كاپالەتكە ئىرىشتۈرۈش ئۈچۈن تىرىشاتتى. چۈنكى ئىپتىدائىي ئىنسانلار ئۈچۈن، ئىپتىدائىي ئەمگەك ۋە تۇرمۇش ۋاستىلىرى ئەڭ ئەھمىيەتلىك ئىدى. ئىپتىدائىي ئەمگەك — كۆپ خىل، جاپالىق ھەم ئىنتايىن تەسىرلىك بولۇپ، ئىپتىدائىي تۇرمۇش زۆرۈرىيەتلىرى ئۇنىڭدىن زادىلا ئايرىلالمايتتى.

ئىپتىدائىي مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ ئىپتىدائىي ئىنسانلار ئەمگەك جەريانىدىكى جاپا-مۇشەققەتلەر، قايغۇ-ھەسرەتلەر، ئارزۇ-ئارمانلار، شادلىق تەنتەنىلەر توغرىسىدىكى پىكىرلىرىنى قاپىيىلىك، قىزىقارلىق قىلىپ قوشاقلار توقۇپ، ناخشا تېكىستى ۋە ئۇسسۇل ھەرىكىتى ئارقىلىق ئىپادىلىدى. بۇ ھەقتىكى ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش نەتىجىلىرىدىن قارىغاندا: ئۇنىڭدىن ئون مىڭ يىللار بۇرۇنقى سەنئەت يادىكارلىقلىرى قاتارىدا فرانسىيىدىكى ئۈچ ئاكا-ئۇكا غارىدا، غارنىڭ ئىچكىرىسىدىكى تېمىغا سىزىلغان ئۇسسۇل ئويناۋاتقان

بىر ئەركەكنىڭ سۈرىتى تىپىلغان. ئۇ قىپيالىڭاچ بولۇپ، بېشىغا بۇغا مۈڭگۈزى قادالغان يوغان نىقاب كىيگۈزۈلگەن. رەسىم قىزىل ۋە قارا رەڭلەر بىلەن ئىشلەنگەن، شۇنىڭ بىېندىلا ھاكتاشتا شىر، ياۋا ئۆكۈز، بۇغا ۋە باشقا ھايۋانلارنىڭ رەسىمى سىزىلغان. ئۇلارنىڭ تەنلىرىگە نەيزىلەر سانچىلغان. يانلىرىدا چوماقلار ياتقان. سوۋېت تېررىتورىيىسىدىن سىبىرىيىدە ئاياللار، ھايۋانلار، بېلىقلار ۋە قۇشلارنى تەسۋىرلىگەن ھەيكەللەر كۆپ تېپىلغان بولۇپ، ئايال ئەمگەكچىلەرنىڭ ئەرلەر بىلەن بىر قاتاردا ئۇۋچىلىق ئەمگىكىگە قاتنىشىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىلگەن. بۇنداق تەسۋىرىي سۈرەت (ھەيكەل) كۆپ بولۇپ، بۇنىڭدا ئىنسانلارنىڭ تۇرمۇش كۆچۈرۈشىگە بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك يەنى ئەڭ زۆرۈر بولغان ئۇۋچىلىق ئەمگىكى تەسۋىرلەنگەن ۋە ئىجتىمائىي ئاڭ-پىكىر، سەنئەت شەكلى بىلەن ئىپادىلەنگەن. ئىنقىراق قىلىپ ئېيتقاندا، ئىپتىدائىي ئەجدادلار كۆز قارىشىنى، پىكىر-تەسەۋۋۇرلىرىنى سەنئەت ۋاستىسى ئارقىلىق بايان قىلغان.

دولان ئۇسسۇل ھەرىكىتىدىكى پىكىرلەرمۇ خۇددى يۇقىرىدىكىلەرگە ئوخشاش ئىپتىدائىي دەۋردە بارلىققا كەلگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇز دەۋرىدىكى ئىجتىمائىي ئاڭ-پىكىرلەر ئۇنىڭ مەزمۇنلىرىغا چوڭقۇر سىڭدۈرۈلگەن. ئېلىمىزنىڭ ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونىنىڭ كەڭ تاغلىق رايونلىرىغا تارقالغان قەدىمكى قىيا تاش رەسىملىرى، بولۇپمۇ شىنجاڭدىكى تەڭرى تاغلىرىنىڭ شىمالى، ئىلى ناھىيىسىنىڭ شىمالىدىكى تاغ باغرىلىرىغا، قورغاس ناھىيىسىنىڭ شىمالىدىكى «قۇرۇق جىلغا» تاغ جىرالىرىغا، چاغانتوقاي ناھىيىسىنىڭ «قىزىلتاش» جىلغىسى ۋە ئارشاڭ ناھىيىسىنىڭ تاغ جىرالىرىغا، ئالتاي تاغ تىزمىلىرى، موڭغۇلكۈرە ناھىيىسىنىڭ ئاق دەريا قاسنىقى، كۆكتوقاي ناھىيىسىنىڭ «تامبال تاش» جىلغىسى، شۇنداقلا قۇمۇل، ئارا تۈرۈك ناھىيىلىرىدىكى تاغ جىرالىرىغا سىزىلغان قەدىمكى قىياتاش رەسىملىرى، تەڭرى تاغلىرىنىڭ جەنۇبىدا كورلا، لوپنۇر ناھىيىلىرىگە

قاراشلىق قۇرۇقتاغ، ئالتۇنتاغ، قاراقۇرۇم، كوئېنلۇن تاغ تىزملىرىدىكى قىياتاش رەسىملىرىدە، ئەجدادلىرىمىز تاشلارغا ئويۇپ قالدۇرغان قەدىمكى ئوۋ تۇرمۇشىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان نۇرغۇنلىغان سۈرەتلەر بار. بۇنىڭدا ئات، كالا، قوي، ئۆچكە، تۆگە، ئىت، ئارقار، بۇغا قاتارلىق ھايۋانلارنىڭ سۈرەتلىرى بولغاندىن سىرت، بېشىغا مۈڭگۈز تاقاپ، ئارقىسىغا قۇيرۇق بېكىتىپ نىقابلانغان ئادەملەر-نىڭ، قول توتۇشۇپ ئۇسسۇل ئويناۋاتقان ۋە شۇ ئارقىلىق ياۋايى ھايۋانلارنى ئالداپ تۇتۇش ئۈچۈن ئۇلارغا يېقىنلىشىۋاتقان تەسۋىرىي سۈرەتلەر ئويۇلغان. مۆلجەر دەرياسىنىڭ بويىدىكى قىيا تاشلارغا ئويۇلغان بۇ سۈرەتلەردە دولان ئۇسسۇلىنىڭ ھەممە ھەرىكىتى روشەن تەسۋىرلەنگەن ①. بۇ ئۇسسۇللار دولان ئۇسسۇلىنىڭ ئىپتىدائىي شەكلىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئىپتىدائىي ئاتا-بوۋىلار ئوۋئوۋلاش، ۋەھشىي ھايۋانلار بىلەن كۈرەش قىلىپ، ئۆزىنى قوغداش، ئۆزئارا ھەمكارلىشىپ يىرتقۇچلارنى قورشاپ تۇتۇش، دۇمبالاپ ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈش، مۇشۇ ئارقىلىق خاتىرجەم بولۇپ، خۇشال-خۇرام ئۆتۈش، يەنە يۇۋاش ھايۋانلارنى تۇتۇپ كۆندۈرۈپ، چارۋىچىلىقنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈستىدە بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇ خىل تەسىرلىك ئەمگەك ۋە تەسەۋۋۇرلار ناخشا تېكىستى، ئۇسسۇل ھەرىكىتى، ئويۇن تەقلىدى ئارقىلىق تەسۋىرلەنگەن. ئىپتىدائىي ئەمگەك بەك جاپالىق، ئىنتايىن تەسىرلىك بولغانلىقىدىن كېيىنكى ئەۋلادلارمۇ سەنئەت ئوبرازلىرىدىن تەسىرلىنىپ، قەدىمكى ناخشا تېكىستى، ئۇسسۇل ھەرىكىتى، نىقابلىق ئويۇنلارنىڭ رىتىمى، قۇرۇلمىسى، ئاتىلىشى قاتارلىقلارنى ۋە مەزمۇنلىرىنى ئۆزگەرتمەستىن ئىپتىدائىي شەكلى بويىچە ساقلىغان، ئۇنى مىللىي سەنئەتنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى قىلغان. سەنئەتنىڭ كېيىنكى تەرەققىياتىدا بولسا، شۇ دەۋردىكى

---

① «ئۇيغۇر ئۇسسۇل سەنئىتى توغرىسىدا»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1991-يىل نەشرى 55-بەت.

ئەمگەك، ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋىتى، سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي ھادىسە ھەم ئۇنتۇلغۇسىز تەسىرلىك تارىخىي ۋەقەلەرگە ئاساسەن بارلىققا كەلگەن ئاڭ-پىكىر، تەسەۋۋۇرلىرى ئاساسىدا يېڭى مەزمۇن ۋە يېڭى ئويۇن تەركىبلىرىنى پەيدا قىلغان، ناخشا-ئۇسسۇل ئويۇنلىرىنىڭ تۈرلىرىنى تولۇقلىغان، كۆپەيتكەن ۋە سىستېمىلاشتۇرۇپ، مۇكەممەل قېلىپلاشتۇرغان. دولان مۇقام-مەشرەپلىرى ئەنە شۇ ئىپتىدائىي ناخشا-ئۇسسۇل سەنئىتىنىڭ سىستېمىلاشقان، يۈرۈشلەشكەن، قېلىپلاشقان شەكلىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇنىڭ مەزمۇنلىرىدىن ئىپتىدائىي سەنئەت ئوبيېكتلىرىغا خاس ناھايىتى مول مەزمۇنلارنى كۆرگىلى بولىدۇ. ناخشا تېكستلىرى، ئۇسسۇل ھەرىكىتى، مەشرەپ قۇرۇلمىسى جەھەتتىكى مەزمۇنلار دولان ناخشا-ئۇسسۇل سەنئىتىنىڭ ئىپتىدائىي سەنئەت ئاساسىدا مەزمۇنلىرىنى تەدرىجىي بېيىتىپ، مۇكەممەللەشكەن بىر يۈرۈش مۇقام ۋە مەشرەپ دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. شۇنىمۇ ئىزاھلاپ ئۆتۈش كېرەككى، بەزىلەر دولان مۇقام-مەشرەپلىرىنىڭ پەيدا بولغان جايلىرىنى يەركەن دەرياسى بويىدىكى مەلۇم بىر سۇ ئامبىرىنىڭ يېنىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئۇنىڭ مەزمۇنلىرىنى تەخمىنەن بۇنىڭدىن III - IV ئەسىر بۇرۇنقى مەلۇم بىر قىز ۋەقەسىدىن پەيدا بولغان دەپ قارىسا، بەزىلەر دولان مۇقام-مەشرەپلىرىنىڭ مەزمۇنلىرى يەركەن دەرياسى بويلىرىغا ئورۇنلاشقان دولانلىقلارنىڭ ئۆزلىرى ياراتقان خاس بەدىئىي ئىجادىيىتى دەپ قارايدۇ، بەزىلەر ئىمكانىيىتىنىڭ بارىچە ئۆز جايلىرىدا پەيدا بولغان قىلىپ كۆرسىتىشكە تىرىشىدۇ. بۇلارنىڭ مەلۇم ئاساسلىرى يوق دېگىلى بولمايدۇ، لېكىن ئۇ، دولان مۇقام-مەشرەپلىرىنىڭ ۋە ئۇنىڭ مەزمۇنلىرىنىڭ تارىم بوستانلىقىدا پەيدا بولغان دەيدىغان قاراشلىرىنى ئىسپاتلىيالمايدۇ. ھالبۇكى، بۇ خىل خىيالىي قاراشلار تارىختا ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. ئىزاھلاپ ئۆتۈش كېرەككى، دولانلىقلارنىڭ ئەسلىدىكى قەبىلىسى شەرقتە جۇجانلارنىڭ، غەربتە ئېفتالىتلارنىڭ قىسىشىغا ۋە زەربىسىگە ئۇچراپ

www.uyghurkitap.com

كىنگىت (قاراشەھەر) ئەتراپىدىن غەربكە چىكىنىپ تارىم بوستانلىقىنى ماكان تۇتقان V ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىكى دەۋرلەر بولسا، ئىنسانلارنىڭ كۆندىلىك ئەمگىكى ھايۋانلارنى ئوۋلاش، يىرتقۇچ ۋەھشى ھايۋانلار بىلەن كۆرەش قىلىش بىلەن ئۆتىدىغان دەۋردىن تەخمىنەن بەش مىڭ يىلدىن سەككىز مىڭ يىللار كېيىنكى ئىش ئىدى. « بۇنىڭدىن تۆت مىڭ يىل بۇرۇن شىنجاڭ رايونى مىس ۋە تاش قوراللىرىنى بىللە ئىشلىتىش دەۋرىگە كىرگەن. چارۋىچىلىق ۋە تېرىقچىلىق تەدرىجىي يوسۇندا ئوۋچىلىق ۋە يىغىش-توپلاش ئاساسىدىكى ئىگىلىكتىن روشەن ھالدا بۆلۈنۈپ چىقىش بىلەن بىرىنچى قېتىملىق ئىجتىمائىي چوڭ ئىش تەقسىماتى ئورۇندالغان. بەزى ئورۇق، قەبىلىلەر ئاساسلىقى چارۋىچىلىق بىلەن قوشۇمچە ئوۋچىلىق، بېلىقچىلىق، قول سانائىتى ۋە تېرىقچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان. شۇنىڭدىن كېيىنلا توقۇمىچىلىق، ساپالچىلىق، مېتالچىلىق قاتارلىق بەزى قول سانائىتى يەنە چارۋىچىلىق ۋە دېھقانچىلىقتىن بۆلىنىپ چىقىپ، ئىككىنچى قېتىملىق ئىجتىمائىي ئىش تەقسىماتى ئەمەلگە ئاشقان. تەخمىنەن بۇنىڭدىن ئۈچ مىڭ ئىككى يۈز يىل بۇرۇن شاڭ سۇلالىسىنىڭ ئوتتۇرا ۋە ئاخىرقى مەزگىللىرىدە شىنجاڭ رايونى تەرەققىي قىلىپ تۆچ قورال دەۋرىگە يېتىپ، تەدرىجىي ھالدا قۇللۇق جەمئىيەتكە قەدەم قويغان. تەخمىنەن ئىككى مىڭ يىل بۇرۇن چىن سۇلالىسى دەۋرىدە تۆمۈر قورال دەۋرىگە كىرگەن. قۇللۇق جەمئىيەتكە كىرگەندىن كېيىن، سودىگەرچىلىك تەدرىجىي ھالدا چارۋىچىلىق، دېھقانچىلىق، قول سانائىتىدىن بۆلىنىپ چىققان ۋە بۇ مەزگىلدە خېلى تەرەققىياتلار بارلىققا كەلگەن.

بۇنىڭدىن تەخمىنەن ئۈچ مىڭ يىل بۇرۇنقى ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللاردىن قارىغاندا، چارۋا مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش ۋە تېرىقچىلىق سەۋىيىسىنىڭ خېلى زور دەرىجىدە ئۆسكەنلىكى ئىسپاتلانغان. بۇ زامانلاردا، ئىپتىدائىي مەدەنىيەت بىلەن ئارىدا ئىنتايىن زور پەرقلەر پەيدا بولغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ ئېلېكتىرونلۇق نۇسخىسى

مىلادىدىن بۇرۇنقى III ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا غەربىي رايوندا 36 «سېپىللىق دۆلەت» بولۇپ، كېيىن بۆلۈنۈپ 50 نەچچىگە يەتكەن.

. مىلادىدىن بۇرۇنقى 60-يىللاردا تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى شىمالىي يول ھەم ئوتتۇرا يولنىڭ شەرق قىسمىدا 43 «سېپىللىق دۆلەت» بار ئىدى. ئۇلار: لوپنۇرغا يېقىن پىشامشان، لوپنۇرنىڭ شەرقىدىكى قۇتقۇر، ئالتاي، كوئېنلۇن ۋە قارا قۇرۇم تاغلىق رايونلىرىدىكى چاقلىق، قاغىلىق (ھازىرقى قاغىلىقنىڭ جەنۇبىدا)، كۆكيار (ھازىرقى يەكەننىڭ جەنۇبىدا)، ئۇدىيانا (كۆكيارنىڭ غەربىي جەنۇبىدا)، كوئېنلۇن تېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىدىكى چەرچەن (ھازىرقى چەرچەننىڭ غەربىي جەنۇبىدا)، شىياۋۋەن (ھازىرقى چەرچەننىڭ جەنۇبىدا)، رۇڭلۇ (ھازىرقى نىيە ناھىيىسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدا)، چىرىيە (ھازىرقى كېرىيىنىڭ شەرقىدە)، جىڭجۆ (ھازىرقى نىيىنىڭ شىمالىدا)، يۇمى (ھازىرقى كېرىيىنىڭ شەرقىدە)، ئۇدۇن (ھازىرقى خوتەننىڭ جەنۇبىدا)، گۇما (ھازىرقى گۇما)، يەكەن (ھازىرقى يەكەن)، پامىر ئېگىزلىكىنىڭ جەنۇبىدىكى قۇلى، يىلەي، پامىرنىڭ غەربىدىكى ۋۇلۇ، پامىرنىڭ شىمالىي قىرغىقىدىكى جۇەندۇ، سۇلې (ھازىرقى قەشقەر)، تەڭرىتېغىنىڭ غەربىي قىسمىدىكى يۇتۇ (ھازىرقى ئاقچى)، ئۇنسۇ (ھازىرقى ئۇچتۇرپان)، تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىدىكى قۇم (ھازىرقى ئاقسۇ كونا شەھەر ناھىيىسى)، كۇسەن (ھازىرقى كۇچار)، چېدىر (ھازىرقى بۈگۈرنىڭ شەرقىي جەنۇبىدا)، ئۇررى (ھازىرقى بۈگۈرنىڭ چېدىر يېزىسىدىكى ئەشمىدە)، كۆنچى (ھازىرقى كۆنچى)، تاغلىق (كۆنچىنىڭ شەرقىدە)، تەڭرىتېغىنىڭ شىمالىدىكى ئوتتۇرا يولنىڭ ئوتتۇرا قىسمى باغراش ئويمانلىقىدىكى كىنگىت (ھازىرقى قارا شەھەرنىڭ غەربىي جەنۇبىدا)، بوستان (ھازىرقى خوشۇت ناھىيىسىگە يېقىن)، تۇرپان ئويمانلىقىدىكى ئالدى قاڭقىل (گۇش — ھازىرقى تۇرپاننىڭ غەربىدە)، قاڭقىل تۇتۇقلۇقى،

تەگرىتېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىدىكى ئارقا قاڭقىل (هازىرقى جىمسار، بىلۇ، ئىسكەندەرىيە، تەنخۇەن بۇلارنىڭ ھەممىسى هازىرقى ئۈرۈمچى دەرياسى ۋادىسىدا)، ئارقا بىلۇ (هازىرقى سانجى)، شەرقىي چەمى (هازىرقى قۇتۇبى)، غەربىي چەمى، جىيې (هازىرقى سانجى ناهىيىسىنىڭ شىمالىدا)، ئارقا قاڭقىل قەلئەسى (ئېھتىمال هازىرقى گۇچۇڭ ناهىيىسى دائىرىسىدە)، تەگرىتېغىنىڭ شىمالىدىكى شىمالىي يولنىڭ شەرق قىسمىدىكى بارىكۆل، ئارقا بارىكۆل (ئىككىلىسى بارىكۆل ئوتلىقىدا بولۇپ، غەربىي مورىغا تۇتىشىدۇ)، يۈلشى (ئارقا بارىكۆلنىڭ شىمالىدا)دىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ «سېپىللىق دۆلەتلەر» كۆپلىگەن يەرلىك ئاھالىگە باشچىلىق قىلىپ كەلگەن. بۇلارنىڭ بەزىلىرى (بەزى ئاھالىلەر) چارۋا بىلەن بىللە ئوت-چۆپ، سۇ قوغلىشىپ ياشىسىمۇ، كۆپىنچە دۆلەت ئاھالىلىرى دېھقانچىلىق بىلەن ياشىغان، ئۆي ياساپ ئولتۇراقلاشقان. چارۋا مەھسۇلاتلىرىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلانغان. كۆچمەن چارۋىچىلىقمۇ نىسپىي تۇراقلىق بولغان①.

شىنجاڭ رايونى تەخمىنەن مىلادى XI ئەسىرنىڭ 60-يىللىرىدا فېئوداللىق جەمئىيەتكە قەدەم بېسىپ، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، قول سانائەت ئىشلەپچىقىرىشى ۋە تاۋار سودىسى ئۈزلۈكسىز راۋاجلانغانىدى. دولانلىقلار تارىم بوستانلىقىدا پەيدا بولغان زامانلاردا تارىم ۋادىسىدىكى خەلقلەر، شۇنداقلا دولانلىقلارمۇ ئىپتىدائىي تۇرمۇش باسقۇچىدا ئەمەس ئىدى. دولانلىقلارنىڭ تارىم بوستانلىقىدىكى يېڭى ماكانلىرىنىڭ شىمالىدا ئەردىۋىل (ئاقسۇ)، غەربىي جەنۇب تەرەپلىرىگە بارچۇق (مارالبېشى) جايلاشقان بولۇپ، مارالبېشى (بارچۇق) غەربىي خەن سۇلالىسى (مىلادىدىن ئىلگىرى 206-يىلدىن مىلادى 25 يىلغىچە ھۆكۈم سۈرگەن) دەۋرىدە غەربىي رايوندىكى 36 «سېپىللىق دۆلەت» نىڭ بىرى ئىدى. ئوچۇقراق قىلىپ ئېيتقاندا، دولانلىقلار تارىم بوستانلىقىغا كەلگەندە، ئىپتىدائىي ئوۋچىلىق

---

① «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى 1987-يىل 1-سان

(دولان ئۇسسۇلى مەزمۇنلىرىدىكى) قاتارلىق ئەمگەك تۈرلىرى تۇرمۇش كۆچۈرۈشنىڭ ئاساسىي مەنبەسى ئەمەس ئىدى. بەلكى قوشۇمچە پائالىيەتكە ئايلىنىپ قالغانىدى.

دولانلىقلار ماكانلاشقان بوستانلىق يىپەك يولىنىڭ مۇھىم قاتناش تۈگۈنى بولۇشى بىلەن، كۆپ خىل ئەۋزەللىككە ئىگە ئىدى. دولانلىقلارنىڭ بۇ ۋاقىتتىكى ۋەزىيىتى ئىپتىدائىي دەۋردىكىدەك ئوۋچىلىق ۋە داۋاملىق يىرتقۇچلار بىلەن كۈرەش قىلىپ ئۆزىنى قوغداش ئەمەس. بەلكى ئۆزلىرىنىڭ دۈشمەنلىرى تەرىپىدىن ۋەيران بولۇشتىن ساقلىنىش، ئۆي سېلىپ ئورۇنلىشىپ، بوز يەر ئېچىپ تېرىقچىلىق قىلىش قاتارلىقلار ئىدى. شۇڭلاشقا، دولانلىقلار يېڭى ماكانغا كەلگەندىن كېيىن، شۇ دەۋردىكى ئەمگەك ۋە تەسەۋۋۇرلىرىغا ئاساسەن، ئىلگىرىدىن داۋاملىشىپ كەلگەن ناخشا-ئۇسسۇل سەنئىتىگە يېڭى مەزمۇن، يېڭى شەكىللەرنى كىرگۈزۈپ، مۇقام تۈرلىرىگە مەلۇم دەرىجىدە يېڭى تۆھپىلەرنى قوشتى. دولان مەشرىپىگە ئۆزلىرىنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن بەزى يېڭى ئويۇن تەركىبلىرىنى كىرگۈزدى. ئاساسلىقى غەزەل تېكىستلىرى ۋە مەشرەپ قوشاقلىرى جەھەتتە ئىجادىيەتلىرى زور بولدى. بۇ، مىللىي مەدەنىيەتنىڭ تەقەززاسى ئىدى. مېنىڭچە، «دولان مۇقاملىرىنى دولانلىقلار ھازىرقى ئولتۇراقلاشقان جايلىرىدا پەيدا قىلغان، دولان ئۇسسۇلىدىكى ئوۋچىلىق دەۋرىگە خاس ئەمگەك ئوبرازلىرىنىڭ ھەرىكەتلىرى دولانلىقلارنىڭ تارىم بوستانلىقىدىكى ئەمگەك پائالىيەتلىرىنىڭ بەدىئىي كۆرۈنۈشلىرى» دەپ قاراش، تارىخىي ئاساسقا ئىگە ئەمەس. ئېنىقراق قىلىپ ئېيتقاندا، دولانلىقلار تارىم بوستانلىقىغا كەلگەندىن كېيىن، دولانلىقلارنىڭ قەدىمدىن داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان مۇقام-مەشرەپلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئويۇن تۈرلىرىنى كۆپەيتىپ يېڭى مەزمۇنلارنى قوشتى دەپ قاراش ئەقىلگە ئۇيغۇن. ئېيتىش كېرەككى، كىشىلەر ئۆز دەۋرىدە مەۋجۇت بولمىغان ھادىسىلەر ئۈستىدىكى تەسەۋۋۇرلىرىنى

www.uyghurkitap.com

ئەينى زاماننىڭ ئەمگەك، تەسەۋۋۇرلىرىدىكى ئاڭ-پىكىرلەرگە خىلاپ ھالدا ئۇسسۇل ھەرىكىتىگە مەركەزلەشتۈرۈپ چىقىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئىپتىدائىي ئادەملەر ھايۋانات دۇنياسى بىلەن بولغان كۈرەشتە ئۆزىنىڭ ئۈستۈنلىكىنى ھېس قىلغاندىن كېيىن ئۇنى بەدىئىي ئۇسۇلدا ئىپادىلەپ، ئىپتىدائىي سەنئەتنى شەكىللەندۈرگەن بولسا، كونا تاش قورال دەۋرىنىڭ ئاخىرلىشىشى، تېرىقچىلىقنىڭ پەيدا بولۇشى، ئىپتىدائىي ئوۋچىلىقتىن ھايۋان كۆندۈرۈشكە ئۆتۈشتىن باشلاپ ئادەملەرنىڭ ئاڭ-پىكىرلىرىدىمۇ زور ئۆزگىرىشلەر بولدى. ئاۋۋالقى خاس ھايۋان ئوبرازى ۋە ھايۋانلار بىلەن جان تىكىپ ئېلىشىدىغان كۈرەش ئوبرازىنىلا يارىتىشتىن ئىبارەت ئۇسۇل بىرىنچى ئىستېتىك ئورۇندىن قېلىپ، ئىجتىمائىي ھاياتنىڭ دىققەت نەزەرى بارغانسېرى ئادەملەر ۋە يېڭى ئىجتىمائىي ئاڭ-پىكىرلەر ئوبرازىغا قارىتىلىشقا باشلىغانىدى. جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئۆزگىرىشى ئادەملەرنىڭ ئاڭ-پىكىر تەسەۋۋۇرلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئاۋۋالقى دەۋرىگە خاس بولغان ئاددىي، ئازغىنا ئويۇن شەكىللىرىگە يېڭى مەزمۇن ۋە يېڭى شەكىللەرنى قوشۇپ، ھەرقايسى دەۋرلەردە ئۆزىگە خاس يېڭى ئوبرازلار بىلەن بېيىتىپ، سەنئەت شەكلىنى يېڭى باسقۇچقا كىرگۈزدى. ھالبۇكى، دولان مۇقام-مەشرەپلىرى ئۇزاق تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا ئۆزىنىڭ زورۇر بولغان ئىپتىدائىي مەزمۇنلىرىدىن باشقا، مۇھىم بىر قىسمىنى ئۇنتۇپ قالدى ۋە يېڭى بىر قىسىملىرى بىلەن تولۇقلىدى. كېيىنكى زامانلاردا دولانلىقلار ئايرىم جۇغراپىيىلىك مۇھىتتا ياشاپ، شەھەر مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىدىن مەھرۇم بولغانلىقى ئۈچۈن، V ئەسىرگە مەنسۇپ ئۇيغۇر ناخشا-ئۇسسۇل سەنئىتى شۇ شەكىل بىلەن دولانلىقلاردا ساقلىنىپ كەلدى. ئۇيغۇر مىللىي سەنئىتىنىڭ تەرەققىياتى تەرەققىي قىلغان سەنئەت بىلەن تەرەققىي قىلمىغان سەنئەتنى بىرقانچىگە، ئاساسلىقى ئىككىگە ئايرىۋەتتى. نەتىجىدە بىر مىللەت ئىچىدە ھەرىكىتى،

مەزمۇنى، ئاتىلىشى ئاساسەن بىر-بىرىدىن پەرقلەندۈرۈلگەن ئىككى خىل سەنئەت، يەنى «دولان مۇقام-مەشرەپلىرى» بىلەن «يەرلىك مۇقام-مەشرەپلەر» كېلىپ چىقتى. مەيلى ئۇ قايسى نام بىلەن ئاتالمىسۇن ئۇنىڭ مەزمۇن مەنبەسى ئوخشاش بولۇپ، كلاسسىك مۇزىكىمىز ئون ئىككى مۇقام بولسۇن ياكى يەرلىك مەشرەپ-سەنەملەر بولسۇن، ھەممىسىنىڭ شەكلى ۋە مەزمۇنلىرى دولان مۇقام-مەشرەپلىرىنىڭ مەزمۇنلىرى ئاساسىدا تەرەققىي قىلدى. تارىخىي جەھەتتىن ئورتاق مەزمۇنغا ئىگە بولۇپ كەلدى.

4. دولان مەشرەپ-مۇقاملىرىنىڭ تارقىلىشى

دولان مەشرەپ-مۇقاملىرى ئۇيغۇر رايونلىرىغا كەڭ تارقالغان بولۇپ، بۇنىڭغا ئاساسەن مۇنداق ئىككى خىل ئامىل سەۋەب بولغان:

بىرىنچى، دولان مەشرەپ-مۇقاملىرى كۆپ خىل ئويۇن تەركىبلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، مەزمۇنى مول، ھەرىكىتى قىزغىن، كۈيلىرى مۇڭلۇق، ئەر-ئايال چەكلەنمەستىن بىر سورۇندا تەڭ ئويناپ، ئوخشاش كۆڭۈل ئېچىش پۇرسىتىگە ئىگە بولالايدىغان قىزىقارلىق ئويۇن شەكلى بولغاچقا، ئويۇن مەزمۇنىنىڭ مول، ھەرىكەتلىرىنىڭ گۈزەل بولۇشتەك ئىستېتىك خۇسۇسىيەتلەر كىشلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلىپ، دولانلىقلار بىلەن ئارىلاش ياشايدىغان ياكى دولان رايونلىرىغا چەتلەش رايونلار خەلقلىرىگە سىڭىپ، دولان مەشرەپ-مۇقاملىرى شۇ جاينىڭ مىللىي سەنئىتىگە ئايلىنىپ كەتكەن. مەسىلەن: دولان رايونلىرىغا چەتلەش رايونلاردىن يوپۇرغا، يەكەن ۋە قاغىلىق ناھىيىلىرىدە، خوتەننىڭ مەلۇم جايلىرىدا، ئاقسۇ شەھرىنىڭ يېزىلىرىدا، كونا شەھەر ناھىيىسىنىڭ ئارال يېزىلىرى، ئۈچتۇرپاننىڭ ئاقيار ۋە ياكۆۋرۈك يېزىسىنىڭ بەزى جايلىرىدا قەدىمدىن تارتىپ دولان مەشرەپلىرىنى ئويناپ كەلگەن. يەنە

كۆپلىگەن جايلاردا مۇقام-غەزەللىرى ئوخشىمىسىمۇ، ئۇسسۇللىرى ئوخشاپ كېتىدىغان ئەھۋاللار بار.

ئىككىنچى، دولان مەشرەپلىرىنىڭ شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئۇيغۇر رايونلىرىغا ھەتتا چەت ئەللەرگىچە تارقاپ كېتىشتە، ئۇيغۇر مىللىي مەشرەپ-مۇقاملىرىنىڭ ئىستىېتىك تارىخىي مۇناسىۋەتلىرىدىن باشقا، كېيىنكى زامانلاردا يۈز بەرگەن كەڭ كۆلەملىك كۆچۈش ھادىسىلىرى مۇھىم سەۋەبلەرنىڭ بىرى بولغان.

دولانلىقلار V ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا ئېفتالىتلارنىڭ زەربىسىگە ئۇچراپ، كىنگىت (قارا شەھەر) ئەتراپىدىن كۆچۈپ تارىم بوستانلىقىنى ماكان تۇتقاندىن كېيىنمۇ بۇلار مەلۇم دەۋرلەر ئۆتكەندىن كېيىن، بۇ دىياردا تەبىئىي، سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي جەھەتلەردە كۆپ خىل قولايسىزلىقلارغا ئۇچراپ تۇرغانلىقتىن، ئۆزلۈكىدىن ياكى مەجبۇرىي ھالدا باشقا يۇرتلارغا ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ كۆپ قېتىم كۆچكەن. نەتىجىدە، كۆچمەن دولانلىقلار بارغان جايلىرىغا ئۆزى بىللە دولان مەشرەپ-مۇقاملىرىنىمۇ ئېلىپ كەتكەن.

دولانلىقلارنى ئۆزلىرى گۈللەندۈرگەن بۇ سۆيۈملۈك ماكانلىرىنى تاشلاپ كېتىشكە مۇنداق ئىككى خىل ئامىل مەجبۇر قىلغان.

بىرىنچىسى، ئەينى زاماندا دولانلىقلار ياشاپ ئۆتكەن بۇ قەدىمكى دىيار كۆپ خىل ئەۋزەللىككە ئىگە بولغان بولسىمۇ، بىرقانچە ئەسىرلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ نوپۇسى كۆپىيىپ، دېھقانچىلىق رايونلىرىنىڭ كۆپىيىشى بىلەن سۇغۇرۇش ئېھتىياجى ئېشىپ، دەريا-ئېقىنلار تېزگىنلەنگەن. بۇنىڭ بىلەن سۇ زاپىسى ئازلاپ، دەريالارنىڭ سۇ يۈزى پەسلەپ كەتكەن. يەنە بىر جەھەتتىن، دولانلىقلار ياشاۋاتقان بۇ رايوننىڭ تۇپرىقى يۇمشاق شورلۇق ۋە ياكى قۇملۇق بولغانلىقىدىن دەريا-ئېقىنلار بارغانسېرى چوڭقۇرلاپ كېتىپ يەر يۈزىگە سۇ چىقمىغان. دەريالار ئۆز ئورنىدىن پات-پات يۆتكىلىپ، بۈگۈنكى بوستانلىق تۇرۇپلا ئەتىسىگە قاقاسلىققا ئايلىنىپ قالىدىغان ئەھۋاللار يۈز بەرگەن. شۇنىڭ بىلەن

يىلدىن-يىلغا يۇرتىنىڭ تەبىئىي ئەۋزەللىكى تۈگەپ، قۇرغاقچىلىق ئاپەتلىرى يۈز بېرىپ تۇرغان. بۇ خىل تەبىئىي قولايسىزلىقلار دولانلىقلارنى كۆچمەسە بولمايدىغان ھالەتكە كەلتۈرۈپ قويغان. شۇ سەۋەبتىن ئۇلار سۇ قوغلىشىپ، مۇنبەت جايلارغا كۆچكەن ياكى قوشنا ناھىيىلەرگە تارقاپ شۇ جايلارنىڭ پۇقراسى سۈپىتىدە چەت-ياقا جايلارغا بېرىپ بوز يەر ئېچىپ، ئايرىم مەھەللە بولۇپ ئولتۇراقلاشقان.

ئىككىنچىسى، دولانلىقلار تەبىئىي ئوڭۇشسىزلىقلارغا ئۇچراپ تۇرۇشتىن باشقا، ھەرخىل ئالۋان-ياساقلارنىڭ دەستىدىن يىلدىن-يىلغا نامراتلىققا يۈزلىنىپ، داۋاملىق دېگۈدەك بۇلاڭ-تالاڭغا ئۇچراپ تۇرغانلىقتىن، جۇڭغار ھۆكۈمرانلىقى دەۋرى بولسۇن ياكى چىڭ سۇلالىسى دەۋرى بولسۇن، داۋاملىق نارازىلىق كۆرسىتىپ كۆپ قېتىم قارشىلاشقان. ھالبۇكى، دولانلىقلارنىڭ جۇڭغارلارغا، كېيىن چىڭ سۇلالىسىدىن ئىبارەت مانجۇ ئاقسۆڭەكلىرى بىلەن يەرلىك فېئودال-پومېشچىكلارنىڭ بىرلەشكەن ھۆكۈمرانلىقىغا ھەم ئۇلارنىڭ يۈرگۈزگەن مىللىي زۇلۇم سىياسىتىگە كۆرسەتكەن قارشىلىقى يەرلىك ھاكىمىيەتنى قاتتىق ئەنسىزلىككە سېلىپ، تەدبىر قوللىنىشقا مەجبۇر قىلغان. ئەگەر دولانلىقلاردا بىرەر قارشىلىق ئالامەتلىرى پەيدا بولسا، ئۇنى باستۇرۇش ئاسانغا چۈشمەيتتى. چۈنكى دولان يۇرتى ئىنتايىن ئەپچىل ستراتېگىيىلىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولۇپ، دولان دىيارىغا بېسىپ كىرىپ، تىرىك قايتىپ چىقىش تەس ئىدى. ئاقسۇ دەرياسى، قەشقەر (قاراقىرچىن) دەرياسى، يەكەن دەرياسى، خوتەن دەرياسى قاتارلىق ناھايىتى كەڭ، چوڭقۇر، شىددەتلىك ئاقىدىغان، ئادەم ئۆتۈش مۇمكىن بولمايدىغان دەريالار ۋە ئۇنىڭ گاھى قوشۇلۇپ، گاھى ئايرىلىپ ئاقىدىغان نەچچە ئونلىغان تارماق دەريا-جىلغىلىرى؛ دولان يۇرتىنىڭ كىرىش-چىقىش ئېغىزىدىكى ئۇزۇن مۇساپىلىك دەشت-چۆللۈكلەر، ئاقكۆل، قارا كۆل، تۆرەكۆل، ئاقمۇللىكۆل دەپ ئاتىلىدىغان يۈزلىگەن چوڭ-كىچىك

كۆللەر، سېپىلدەك يول توسۇپ ياتقان قاتمۇ قات قۇم بارخانلىرى، دۆڭ-دۈۋەنلىكلەر دولان دىيارىنى خۇددى قەۋەت-قەۋەت تاش قورغانغا ئوخشاش قوينىغا ئېلىپ تۇراتتى. قويۇق ئورمانلىقلار، پايانسىز چۆللۈكلەر مۇھىم ئىستىھكام ئىدى. دولانلىقلارنىڭ جوڭغارلارغا قارشى كۆرەشىدە ئاكا-ئۇكا قۇربان، سۇبھان دېگەن يىگىتلەرنىڭ يېتەكچىلىكىدە كۆتۈرۈلگەن «ئوتتۇز كېمە» ① قوزغىلىڭمۇ ئاشۇنداق تەبىئىي ئالاھىدىلىكتىن پايدىلانغانىدى. مارالبېشىدىن چىققان دولانلىقلاردىن ئوسمان قارىقاش، بارات قارىقاش دېگەن ئاكا-ئۇكىلار قوزغىلىڭدىمۇ، يۇرتنىڭ تەبىئىي ئالاھىدىلىكىدىن پايدىلىنىپ زور تەسىر پەيدا قىلغان. دولانلىقلار مۇشۇنداق جۇغراپىيىلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغانلىقتىن، ئاز ئادىمى بىلەن كۆپ دۈشمەنگە زەربە بېرەلەيتتى. مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا، دولانلىقلارنى تىنچلاندۇرۇش ئۈچۈن، ئۇلارنى ماكانلىرىدىن قوزغاپ يۇرت-يۇرتلارغا تارقىتىۋېتىش يولى بىلەن پارچىلاپ، شۇ ئارقىلىق تىزگىنلەپ نازارەت قىلىپ تۇرۇش چارىسى ھەرقانداق ھاكىمىيەت ئۈچۈن ئېيتقاندا بىرقەدەر ياخشى تەدبىرلەرنىڭ بىرى ئىدى.

چىڭ سۇلالىسى دولانلىقلارنىڭ قارشىلىقىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن دەل مۇشۇ تەدبىرنى قوللاندى. بۇنداق قىلىشتا يەنە بىر مۇھىم سەۋەبمۇ بار ئىدى. چىڭ سۇلالىسى جوڭغارلارنى تىنجىتىشقا ئۇلاپلا دولانلىقلارنى تىزگىنلەشنى چىڭ تۇتقانىدى. چۈنكى، بۇرھانىدىن خوجا چىڭ سۇلالىسى چېرىكلىرىنى باشلاپ كېلىپ جەنۇبىي شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ئۈچۈن قىلغان كۆرەشلەردە دولانلىقلارنىڭ تۇتقان ئورنى ناھايىتى چوڭ

---

① «ئوتتۇز كېمە» ئاۋات ناھىيىسى بىلەن مارالبېشى ناھىيىسى ئارىلىقىدىكى توغراقلىقتا، يەنى يەكەن دەرياسىنىڭ بويىدىكى بىر جاينىڭ نامى. دولانلىقلاردىن قۇربان، سۇبھان دېگەن ئاكا-ئۇكىلار بۇ جايدا جوڭغارلىقلار بىلەن قارشىلىشىپ كېمە ئۇرۇشى قىلىپ، ئۇنتۇلغۇسىز خاتىرە قالدۇرغان. شۇندىن تارتىپ بۇ جاينىڭ نامى «ئوتتۇز كېمە» دەپ ئاتىلىپ كەلگەن.

تەسىر قالدۇرغانىدى ①. شۇڭا دولانلىقلارنىڭ ھامىسى بىركۈنى ئىنتائىن تىسزلىك قىلىپ ھاكىمىيەتكە ياندىغانلىقىنى تونۇپ يەتتى. دولانلىقلار جەنۇبىي شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرۈش كۈرىشىدە ھەققەتەن زور خىزمەت كۆرسەتكەنىدى ②. بۇ ئىش چىڭ سۇلالىسىدا گۇمان پەيدا قىلىپ، دۈشمەنلىك نەزەرى بىلەن قاراشقا سەۋەب بولدى. دېگەندەك، ئۇزاق ئۆتمەيلا دولانلىقلارغا تىنچىتىش سىياسىتىنى قوللىنىپ، ئۇلارنى ئارقا-ئارقىدىن تۈركۈم-تۈركۈملەپ باشقا يۇرتلارغا كۆچۈرۈش سىياسىتىنى يۈرگۈزۈپ، دولانلىقلارنىڭ ئانا ماكانىنى خارابىلىققا ئايلاندۇرۇۋەتتى. دولانلىقلارنى كۆچۈرۈش سىياسىتى ۋە ئۇنىڭ ئەمەلىيلىشىشى توغرىسىدا يېزىلغان خەنزۇچە تارىخىي كىتابلاردىن چىڭ سۇلالىسىنىڭ «پادىشاھنىڭ جۇڭغارلارنى تىنچىتىش تەستىقى»، چىڭ سۇلالىسىنىڭ چېگرىنى تىنچلاندۇرغۇچى جياڭجۈنى جاۋخۈيىنىڭ مەلۇماتلىرى، مەسلىھەت ئامبىلى شۈ خېدېنىڭ مەلۇماتى، داساڭئانىڭ مەلۇماتى، چىڭ سۇلالىسىنىڭ رېنزۇڭ خانى زامانىسىدىكى ئوردا خاتىرىلىرى، «چىڭ گاۋزۇڭ خاتىرىلىرى»... قاتارلىقلاردىكى مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، چيەنلۇڭنىڭ 24-يىلىدىن (1759-يىل) باشلاپ چيەنلۇڭنىڭ 28-يىلى (1763-يىل) غىچە بولغان ئارىلىقتا دولانلىقلارنى ئەسىر قاتارىدا تۇتۇپ، ئاقسۇ، قارا شەھەر، بۈگۈر، كورلا، چېدىر، يېڭىسار، لۈكچۈن، ئىلى، قەشقەر ۋىلايىتى دائىرىسىدىكى بەزى جايلارغا بۆلۈپ 2800 تۈتۈندىن ئارتۇق ئائىلىنى يۆتكەپ، ئۇلارنى چەت جايلاردا بوز يەر ئاچقۇزۇپ دېھقانچىلىق قىلغۇزۇپ، پاراق تاپشۇرغۇزغان ③. يەنە «چىڭ ئوردا خاتىرىلىرى»دە، يەركەن دەرياسى بويلىرىدىن نەچچە مىڭلىغان دولانلىقلارنىڭ بۈگۈر، كورلا، سادايا (ھازىرقى بۈگۈرنىڭ سادايا يېزىسى)، ياڭزار (بۈگۈرنىڭ ياڭزار يېزىسى)، لوپنۇر قاتارلىق جايلارغا كۆچۈرۈلگەنلىكى توغرىسىدا مەلۇمات بار ④. يەنە بىر قىسىم دولانلىقلار مەجبۇرىي پالىنىشتىن بۇرۇن ئۆزلۈكىدىن تارقاپ كەتكەن. كۆچۈرۈلگەنلەرنىڭ تۇرار جايلىرى كۆيدۈرۈپ كۈلگە ئايلاندۇرۇلغان، كۆيدۈرۈپ ۋەيران قىلىنغان.

---

① ② ئا. كوروپاتكىن: «قەشقەرىيە» 156-بەتلەر.

③ ④ «شىنجاڭ سەنئىتى» 1989-يىل 1-سان 58-بەت.

1857-يىل 4-ئايدا يەركەن ۋالىيسى ئەفرىدۇن (1) ۋاڭنىڭ زۇلۇملىرىغا قارشى كۆتۈرۈلگەن ئاتۇش دېھقانلار قوزغىلىڭى دولانلىقلارنىڭ ھەرىكەتلىنىشىگە تۈرتكە بولدى. قوزغىلاڭ باندىت ۋەلىخان خوجىنىڭ بۇزغۇنچىلىقىغا ئۇچراپ، ئۈچ ئاي بولغاندا ۋەلىخان خوجا بىر قىسىم دېھقانلارنى قايمۇقتۇرۇپ ئەنجانغا ئېلىپ قاچتى، بۇلار بىلەن بىر تۈركۈم دولانلىقلارمۇ بىرگە كەتتى. ئۇنىڭدىن كېيىنكى. قوزغىلاڭ دولانلىقلارنىڭ قولىغا ئۆتۈپ، ئەفرىدۇن ۋاڭنى تۆت ئايغىچە (1857-يىل ئاپرېلدىن ئاۋغۇستقىچە) يەركەن شەھەر

---

(1) ئەفرىدۇن ۋاڭ — مۇھەممەت سەئىد ۋاڭنىڭ ئوغلى. مۇھەممەت سەئىد ۋاڭ مەلۇم بىر دېھقانلار قوزغىلىڭى جەنۇبىي شىنجاڭنى ئىلكىگە ئالغاندا ئۆلگەن (قوزغىلاڭدا ئۆلگەن بولسا كېرەك). مۇھەممەت سەئىد ئۆلگەندىن كېيىن ئوغلى ئەفرىدۇن ئالتە ياشتا يېتىم قالغان. توققۇز ئايدىن كېيىن، چىڭ سۇلالىسى لەشكەرلىرى قەشقەرگە يېتىپ كېلىپ، مۇھەممەت سەئىدنى سۈرۈشتۈرگەن. ئۇنىڭ ئوغلى ئەفرىدۇننىڭ ھايات ئىكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن، «خەبە ئامبان جۇڭتاسى» تەرىپىدىن چىڭ سۇلالىسى خانىغا مەلۇم قىلىنغان. خاندىن يارلىق كەلگىچە ئەفرىدۇن «خەبە ئامبان جۇڭتاسى»نىڭ غەمخورلۇقىدا تۇرغان. كېيىن خاندىن يارلىق چۈشۈپ، ئەفرىدۇن «جاساق جۇنۋاڭ»لىق مەنسەپ بىلەن ئۈز يۇرتى تۇرپانغا خان بولغان. ئۇ بالاغەتكە يەتكەندىن كېيىن، چىڭ سۇلالىسى خانى ئۇنى چاقىرتىپ قوبۇل قىلىپ، ئۈچ ئوتۇغات بەرگەن. ئۇ بىر نەچچە يىلدىن كېيىن خاننىڭ قېشىغا يەنە بارغان. بۇ نۆۋەت چىڭ سۇلالىسى پادىشاھى ئۇنىڭغا كىيىم-كېچەك تەقدىم قىلغان ۋە ئۇنى يەركەن سەككىز شەھەرنىڭ باش ۋالىيلىقىغا تەيىنلىگەنلىكى ھەققىدە يارلىق چۈشۈرگەن. بەش يىلدىن كېيىن سولا ئامبان، خاناجى، جالوجى دېگەن مەنسەپ بېرىلگەن. بۇ چاغدا ئەفرىدۇننىڭ نامى: «جاساق جۇنۋاڭ شاھ باھادىرخان» دەپ ئاتالغان.

ئەفرىدۇن 1852-يىلى يەركەنگە باش ۋالى بولۇپ، بەش يىلدىن كېيىن ئۇنىڭ زۇلمىغا قارشى ئاتۇش دېھقانلار قوزغىلىڭى كۆتۈرۈلگەن، قوزغىلاڭ ئاتۇشتىن قوزغالغان بولسىمۇ، كۆرەشنى دولانلىقلار داۋاملاشتۇرغان. قوزغىلاڭ باستۇرۇلغاندىن كېيىن، 1859-يىلنىڭ ئاخىرىدا مەلۇم پايدىسىز ئىش يۈز بېرىپ، ئىبنائىجان ئەفرىدۇن مەنسىپىدىن قالدۇرۇلۇپ، يۇرتى تۇرپانغا قايتۇرۇلغان. ئۈچ يىلدىن كېيىن يۈز بەرگەن تۇڭگان يېغىلىقىدا ئۇ ھەممىدىن چوڭ خىزمەت كۆرسەتكەن. تۇرپان ئالتە يىلدىن كېيىن بەدۆلەتنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتكەنگە قەدەر، ئۇ تۇرپاننىڭ ئاساسلىق ئادەملىرىدىن بىرى بولۇپ قالغان.

www.uyghurkitap.com

سىپىلىنىڭ ئىچىگە قامىلىپ، يەرلىك فېئودال- پومېشچىكلاردىن ئۆچ ئالىدۇ.
بۇ ھەقتە ئەفرىدۇن ۋاڭنىڭ پەرمانى بىلەن يەكەن ئوردا شائىرى مولا ياقۇت مىكروپى، موللا ئابدۇغاپپار تەرىپىدىن شۇ يىلى ئاۋغۇستتا يازغان «زەپەر نامە شاھ باھادىرخان» ① ناملىق تارىخىي داستاندا، گەرچە دېھقانلار قوزغىلاڭچىلىرىنى يامان ئىللار بىلەن ئىللاپ، دولانلىقلارنى ھاقارەتلىگەن بولسىمۇ، دولانلىقلارنىڭ باتۇرلۇقىنى، كۆرسەتكەن قەھرىمانلىقلىرىنى يوشۇرالمىغان. بۇ داستاندا:

سولاندى ئىككى شەھەر خەلقى شەھرىگە،
يۈگۈردى بۇ بەدكەشلەر بەھرىگە.
نېچۈنكىم ئۇلۇس ئۇلتەرەپ كۆپ ئىدى،
كى غارەتگەر ئۇلماقغە مەرغۇپ ئىدى.
ئەگەرچە سۇ دەريادا ئەردى تولا،
دولانلار كېلىپ بولدىلار رەھنىما.
تېپىپ قايغۇ چاقۇ يەنە سالدى سال،
تۆۋەندىن ئۆتۈپ كەتتى خىل دەغەل.
بۇ دەريانىڭ ئەردى ئۇيانقى لىبى،
دولان قىلتەبان ئانچە ئەھمەق غەبى.
نە مەكرىت خەلقى يەنە تاسقىمە،
قاتارلىق دولانلار يىغىلدى ھەممە.
ئىكەن مۇنتىزەر بارچە ئەھلى دولان،
بولار بارماقى ھەم يىغىلماق ھامان.

---

① «زەپەرنامە شاھ باھادىرخان» داستانى ھىجرىنىڭ 1273-يىلى (مىلادىيە 1857-يىلى) يېزىلغان قولىيازما بولۇپ، يەركەن تەختىنىڭ ئوردا كاتىپى موللا ئابدۇغاپپار، ئوردا شائىرى موللا ياقۇپ مىكروپىلار تەرىپىدىن يېزىلغان. جەمئىي 286بەت، ئابدۇغاپپارنىڭ داستانى 953بېيىت 1906مىسرا، موللا ياقۇپ مىكروپى شېئىرلىرى 67كۇپلېت 268مىسرا.

بۇ كىتاب ئەفرىدۇننىڭ پەرمانى بىلەن يېزىلغان بولغاچقا، چىڭ سۇلالىسى جېنىنىڭ بارچە ماختالغان، دولانلىقلار ۋە قوزغىلاڭچىلار ھاقارەتلەنگەن. لېكىن يۈز بەرگەن ۋەقەلەرنى يوشۇرۇپ قالالمىغان.

ئەلا-لا بىلەن يۇقىرى قىلدى ئەزىم،
كىمە سارى ئەزىم ئەتمەكنى قىلدى جەزىم.
بار ئەردى ئىگەرچىدە ئالتە كىمە،
كىمەلەرنى سەن ئىگىسىز دىمە.
ئىگىسى ئىدى كىمىگە مىڭ بىشى،
نەچچە يۈز چىرىك بىلەن كۆپ يۈز بىشى.
سەھەردە كىلىپ كىمىگە قوۋم دو(لۇ)ن،
شەبخۇن ئۇرۇپ قىلدى ئانداغ زەبۇن.
كۆرۈپ مىڭ بىشى قاچتى شىمال،
چىرىك باشسىز بولسا نە بولغۇسى هال.
چىرىك هالى چۈن بۆرە كۆرگەن رەمە،
بولۇپ قاچتىلار قالدى ئىگىسىز كىمە.
كىرىپ كىمىلەرگە ئاققۇزدى تۆۋەن،
نەمەلاھ قالدى ئاندا نەسەفەن.
ئىلىپ باردى مەكرىتنىڭ ئوترۇسىغا،
يىتىپ كۆپ قۇۋۋەت قول بازۇسىغا.
ئۆتۈپ قاغىلىق سىرى بو يوملار،
كى قارغا مەسەللىك نەپىسى شۇملار.

بۇ يەردە قىلىپ ئانچە كىم بەفە ئال،
گۇما تەرەپ ماڭدى نەچچە قوۋم زال.

نەمەكرىتۇ نە تاسقىما نە دولان،
نەبەش كەنتۇ پوسكام نەقولاغان.
ئىككى سۇ ئاراسى يانا قارغىلىق،
توققۇز كەنت، كۆكيار ھەم يول ئىرىق.
نەشىخو، چىغان، ئازغان، سال كوسال،
نە كولياڭ، نەسانجۇ، نەشخوشو ئاسال.

نەشورشورود ، ئامىرو ، نەكوس ئەرەب،
نەچۇفۇ ، نەچىمدۇ ، يەنە قوش ئەرەب.
رەباتچى، يېڭى ئاۋات، سۇلتان ئېرىق،
قىزىل مەسچىت، ئالبۇقچە ۋە خان ئېرىق.
ئوتتۇنچىلىقۇ، كامىرا ، ئوردا ئۆستىڭى ،
ئارالۇ ، نەتاتار ، كونا-يېڭى.
سوپىلانە ، ئاسلانبېغى، يارباغ،
ياڭاغلىق ، نەدارخانىشە ، نە قارازاغ.
قورۇلچاش، تاغارچىيۇ چىغرى مىشار ،
ئېزنىقۇ ، مۇغۇل، كولتارىم ھەرنەبار .
شۇمار ئەيلىسە كەنتلەرنى بىسى،
بولۇر ئىسىم-ئىسمى ئۇلۇغ دەپتىرى.
شەھەر چۆرىسىدە بولۇپ سەپ-سەپ،
ئەتا ئەيلىگەي شەھەر ئىلىنى تەلەپ.
دېگەن مىسرالار بىلەن دولانلىقلارنىڭ ئومۇميۈزلۈك قوزغالغانلىقى بايان قىلىنغان بولسا:
ئېتىپ زەمبىرەك، توپلىنى كۆپلىگەن،
سادا تۇتتى ئالەمنى باستى تۇمان.
قاتتىق ھۇجۇم قىلىپ ئۇيانىدىن دولان،
قىلىپ تىرە-باران بۇيانىدىن سولان.
ئۇرۇپ ئىككى يانىدىن بۇ قالماق خەدەڭ
ئېتىپ يانى چەمپەن ئارادىن تۆفەڭ.
بولار ئەردى گويا ئۆلۈمگە ھېرىس،
ھېرىلەر بولسا ئۇ، ئۆزۈمگە ھېرىس.
دەپ ئۇرۇشىنىڭ دەھشەتلىك بولغانلىقىنى ئىپادىلەش بىلەن، دولانلىقلارنىڭ جەڭگىۋارلىقىنى تەسۋىرلەپ بەرگەن ۋە:
تاياقۇ-چوماق ھەم بۇ يەڭلىغ ئېرۇر،
ۋە لېكىن مەساق ئىچىدە داغلىق ئېرۇر،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

گاھى ئات سېلىپ كىرسە مەيدان ئارا،
يېنىپ چىقماق ئاسانمۇ زىندان ئارا.

دەپ يازغان. دولانلىقلار بىر تەرەپتىن يەركەن باش ۋالىيسى ئەفرىدۇن قوشۇنلىرى بىلەن جەڭ قىلىپ، يەنە بىر تەرەپتىن ئۈنىڭغا كېلىۋاتقان دۈشمەننىڭ ياردەمچى قوشۇنلىرىغا زەربە بېرىش ئۈچۈن، ئاقسۇغا قوشۇن تارتقانلىقى توغرىسىدا:

يەنە ئاقسۇغا تېگەر ۋە بارچە دولان،
كېلىپ بولدى لەشكەر بېسى بىگىران
بېرىپ ئۆتەڭ-ئۆتەڭگە ئوت ياقتىلار
كېيىنلىككە باقماي ئۆيىنى چاقتىلەر.

دېگەن مەلۇماتلار قالدۇرۇلغان.

دولانلىقلار بىلەن ئەفرىدۇن ۋاڭ قوشۇنلىرى تۆت ئاي ئېلىشقان، ئەفرىدۇن يەكەن سېپىلىنىڭ ئىچىگە تۆت ئاي قامىلىپ قالغان بولۇپ، بۇ ھەقتە موللا ياقۇپ مىكروپى:

بولاڭچى يانمىدى تۆت ئاي،
بېيجىڭدىن كەلمىدى قالماق.
تەنەزۇلغا چۈشۈپ ئالەم
كېلىپ ھەلقۇمغا ئەلنىڭ جان.

بېگىم ئاخۇنلۇقۇم باشلاپ
مۇناجات ئەيلىدى ھەققە:
«سېنىڭدىن تاش پاناھ يوقتۇر،
خودايا ئەيلە دەپ ئاسان.

دۇئايى بولدى ئىجابەت،
ناگىھان نۇرغۇن چېرىك باشلاپ
كى يەتمىش كۈن دېگەندە كەلدى،
«شى دارىن» دېگەن ئامبان.

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

كېلىپ قالماق بۇلاڭچىلارنى
قوغلاپ كۆكرەبات بارسا،
ئۇشبۇ قاچقانچە ئوغرى
كەتكەندى تۇرمايىن ئەنجان.

بۇ قالماق ئولجىغا تويدى،
بۇلاڭچىغا قاراپ باقماي،
بارىنى ئوغرى ئالدى،
قالغىنىنى قالماق بولۇپ رەمبان.

ئېلىپ قالماق سىپاھى كەنت —
سەھرانى يىگىرمە ئۈچ كۈن،
توشۇپ ئالغان چاپاۋۇلنى
ھېرىپ قالماق بىلەن چەمپەن.

چېرىك يەركەندە توختاپ
ئوغرىلار ھەممە قاچمىغان ئەردى،
كى ئون تۆت مىڭ چېرىك بىرلە،
كېلىپ «تەيدو» دېگەن ئامبان.

بۇ ئىككى دەپتەردە كەلگەن
چېرىكلەر جەمئىي بولغان چاغ.
ئودودتا تۆت ئاي تولغان،
ئىدى كۈندىن ھەم توقسان.

دەپ يازغان. قوزغىلاڭ باشلىنىپ، ھېسابتا تۆت ئاي، كۈن ھېسابىدا توقسان كۈندىن كېيىن ئەفرىدۇن ۋاڭنىڭ ئىلتىماسىغا ئاساسەن چىڭ سولالىسى قوشۇن ماڭدۇرۇپ، دولانلىقلار ئۈستىدىن قاتتىق باستۇرۇش ھەرىكىتى ئېلىپ بارغان.

«زەپەرنامە شاھ باھادىرخان» داستانىدا بۇ ھەقتە:

خەبە ئامبان جاڭ جۇڭ ئاڭلائى ھامان،
ئۇلۇغ خانغا ئاڭلاتقىدى بىگۇمان.
ئەرزنى كۆرۈپ قىلدى خان يارلىغ
«چىرىك ماڭسۇن» دەپ قىلدى دىلدارلىغ.
بۇيۇردى چىرىك چوڭلىرىنى كوۋوھ-كوۋوھ
قەبىلە-قەبىلە، گۇرۇھ-گۇرۇھ.
ئۇرۇمچى، قاراشەر، گەنجۇردىن،
ئىلى، تارباغاتاي، لەنجۇردىن.
يەنە ھەر شەھەردىن پىيادە، سىۋار
مىڭلاپ-مىڭلاپ، مىڭلىغان مىڭلار.
يەنە زەبت لەشكەر «تىدو» نى ھەم
خەبامبان جاڭجۇڭ «زوندو» نى ھەم
بۇيۇردى: «بېرىپ ئوغرىلارنى تۇتۇپ،
يوق ئەتسۇن ھەممە يىلتىزىنى قۇرۇتۇپ».
نەچچە فورجاڭجۇڭ تەيخولار،
نەچچە زەمبىرەك چىغولار،
يەنە قانچە مىلتىق ئوقيالار،
نەشەمشەر، خەنجەر، نە ياخشى سىپەر
ياراغ، ئوزۇق، دارا، ئوق بىشومار
ھارۋىلار ۋە تۆگىلەردە قاتار.
ئەلەمدارلار بىلەن مىڭچە ئەلەم
كى ھەربىر ئەلەم مىڭ كىشىگە ئەلەم
جەم بولۇپ ماڭدىلار فوج-فوج
كېيىن-ئىلگىر مېڭىپ دەريا مەۋج.
مارالبېشىدا يول توسۇپ كۆپ دولان
ئاڭا توختى مانجۇ ئىدى ھۆكۈمران
چېرىكنىڭ يولىنى توستى بۇ قوۋم دولۇن
سوقۇشتى چېرىك بىلەن تا كەچقۇرۇن.

دىگەن مەلۇماتلار يېزىلغان.

يوقىرىقىدەك يۈز بەرگەن ۋەقەلەرنىڭ كېلىپ چىقىشى دولانلىقلارنىڭ كۆچۈپ، ھەر قايسى يۇرتلارغا تارقىلىشىدىكى مۇھىم سەۋەبلەرنىڭ بىرى بولۇپ، دولانلىقلار بارغان جايلىرىدا توپلىشىپ ئولتۇراقلىشىش ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ مەشرەپ-مۇقاملىرى بىلەن ئىچ پۇشقى، دەرد-ئەلەملىرىنى چىقىرىپ، جايلاردىكى مىللىي سەنئەتكە تەسىر كۆرسەتكەن.

دولانلىقلارنىڭ تارقىلىش دائىرىسى ناھايىتى كەڭ بولۇپ، ئۇزۇن يىللار داۋامىدا ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى يەرلىك خەلق بىلەن ئۆزلىشىپ ئۆزلىرىنىڭ نام ئالاھىدىلىكىنى يوقاتقان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ مىللىي ئويۇن شەكىللىرى يەرلىك مەشرەپ تەركىبىگە سىڭىپ، شۇ رايون ياكى شۇ رايون خەلقىنىڭ نامى بىلەن ساقلىنىپ قالغان. ھازىرغا قەدەر، دولان مەشرىپى ئومۇميۈزلۈك ئوينىلىپ كېلىۋاتقان ئاۋات، مارالبېشى، مەكىت ناھىيىسى، ئۇنىدىن باشقا، دولان رايونلىرىغا چەتلەش جايلاردىن يەركەن، يوپۇرغا، قاغىلىق ناھىيىلىرىنىڭ مەلۇم يېزا-كەنتلىرىدە ئوينىلىشىنىڭ سىرتىدا، ئاقسۇ، كونىشەھەر، ئۇچتۇرپان، بۈگۈر، لوپنۇر، چەرچەن قاتارلىق جايلارنىڭ مەلۇم يېزا-كەنتلىرىدە ئوينىلىپ كەلمەكتە. كۇچار، كورلا، ئىلى، قۇمۇل مەشرەپلىرىدىكى ئويۇن تەركىبلىرى بىلەن دولان مەشرىپىدىكى ئويۇن تەركىبلىرى ئوتتۇرىسىدا ئوخشاشلىقلار خېلى چوڭقۇر ئىپادىلىنىدۇ. دولان مەشرىپىدىكى دەررە (پوتا) ئويۇنى بىلەن كۇچار مەشرىپىدىكى چىلىم ئويۇنى تامامەن دېگۈدەك ئوخشايدۇ. يەركەن ئەر-ئايال بېيىت ئېيتىششى، ئىلى مەشرىپىدىكى بېيىت بىلەن چاي تۇتۇشۇش، پىيالە ئۆرۈش، ئەرزىيەت ئويۇنىدىكى دەۋا سوراش، ئەيىبلەنگۈچىنى جازالاش تۈرى ۋە شەكلى، سۈرەت تارتىش، جانلىقلارنى دوراش قاتارلىق ئويۇن شەكىللىرىنى دولان مەشرەپ ئويۇنلىرىنىڭ ئەينەن كۆچۈرۈلمىسى ئەمەس دەپ ھېچكىم ئىنكار قىلالمىسا كېرەك. بۇ ئويۇنلار دولان تارىخىدا مۇھىم ئاساسقا ئىگە بولۇپ، دولانلىقلار ئارقىلىق تارقالغان.

5. دولان مەشرەپ-مۇقاملىرىنىڭ تارقالغان جايلىرى

دولان مەشرەپ-مۇقاملىرى دولانلىقلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋىتى، جۇغراپىيىلىك ئورنى ۋە مىللىي خۇسۇسىيەتلىرىگە ئىنتايىن ماس كېلىدىغان، تەشكىللىنىشى ئاددىي، ھەرقانداق جايدا ئوينىغىلى بولىدىغان بىر خىل مىللىي سەنئەت بولغاچقا، دولان خەلقى ئەجدادلىرىدىن تارتىپ يايلاقلاردا، ئېتىزدا، ئورمانلاردا، كۆل-دەريالار ۋادىسىدا، ئاساسەن قاچان ئويناغۇسى كەلسە شۇ جايلاردا ئويناپ كەلگەن.

دولانلىقلار تارىم بوستانلىقىغا كەلگەندىن كېيىن، كەلپىننىڭ چىلان ۋە چۆل قۇدۇق ئەتراپىدىكى «يايدى» دېگەن جاينىڭ شەرقىي تەرەپ قىسمىغا تۇتاش قەدىمكى تۈنجى بوستانلىق، ھازىرقى «تالاشور» غا ئورۇنلىشىپ، غەربتىن شەرققە قاراپ يايدىدىن قارا كۆلگىچە، جەنۇبتىن شىمالغا قاراپ مارالبېشىنىڭ پىچاق سۇندىغا قاراشلىق «ئاللاۋەدى» دىن ئاقسۇغا قاراشلىق «شۇتا قۇدۇق» نىڭ جەنۇبىي قىسمىغىچە بولغان دائىرە ئىچىدىكى جايلاردا ياشىغان. كېيىنچە نوپۇسى كۆپەيگەنسېرى دولانلىقلار سۇ قوغلىشىپ ھەر تەرەپكە كېڭەيگەن. تەدرىجىي كېڭىيىش داۋامىدا ئۇلارنىڭ ئىگىلىگەن زېمىن دائىرىسى — جەنۇبتىن شىمالغا قاراپ، مارالبېشىدىن ئاقسۇنىڭ قۇمباش دەرياسى① غىچە، غەربتىن شەرققە قاراپ تالاشوردىن خوتەن دەرياسىنىڭ «زىلىل» ② غىچە يېتىپ بارغان. بۇ جاغلاردا دولانلىقلار ئىقتىسادىي جەھەتتە ھاللىنىپ قالغان بولۇپ، يېزا ئىگىلىكى بىلەن چارۋىچىلىقى بىر قاتاردا تەرەققىي قىلغان. تارىخىي پاكىتلاردىن قارىغاندا،

---

① قۇمباش دەرياسى — ھازىرقى ئاقسۇ كونا دەرياسى.

② زىلىل — ئەرەبچە كۆلەڭگە، كۆچمە مەنىسى چىگرا ياكى تەسىر دائىرە.

قول ھۈنەرۋەنچىلىكتىمۇ بىر قەدەر تەرەققىي قىلغان. ئۆز ئالدىغا بىر يۇرت بولۇپ سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي جەھەتتە باشقا يۇرتلار قاتارىدا زور ئابرويغا ئېرىشكەن. XV — XVI ئەسىردىن باشلاپ دولانلىقلاردا يۈز بېرىپ تۇرغان بەزى ئۆزگىرىشلەر تۈپەيلىدىن دولانلىقلار ئەسلىدىكى زېمىن دائىرىسىدىن ۋاز كېچىشىپ ئەتراپتىكى رايونلارغا كەڭ تارقىلىشقا باشلىغان. بۇلار سۇ قوغلىشىپ، يەركەن دەرياسىنى بويلاپ ئېگىسىز يەرلەرگە كەڭ دائىرىدە تارقىلىپ، شەرقىي شىمال تەرەپتە ئاقسۇ شەھىرىنىڭ قارىتال يېزىسىدىن باشلاپ، غەربىي جەنۇبقا قاراپ ئاۋات ناھىيىسىنىڭ يۇقىرىقى دولان، تۆۋەنكى دولان، تامتوغراق، ئۈجمە، تۇغلۇق ئالتۇن، قارىتال مەھەللىسى، قىياق قۇدۇق، تەتۈر مۇما، غوروچۆل دولان مەھەللىسى، ئارا مەھەللە، بوسۇغا، ئەلەمقۇدۇق (دولان كۆتەمىسى)، كۆلاس، ئىلەك، سايلات قاتارلىق جايلارغا، مارالبېشى ناھىيىسىنىڭ شاقۇر، ئاختام، يېڭى مەھەللە، مازارغوجام، جىغانچۆل، تومشۇق، پىچاق سۇندى، چاۋاغ (مازار ئالدى، تۇگمەن بېشى، ئويقوتان)، دۆلەتباغ (سېرىغۇنۇش، ئامانتوغراق)، ئانا كۆل، كونا شامال، شامال، ئۆتەڭ، ئاقساقمارال، ئالاغىر (ئۆتەڭ، خاڭدى)، چوڭقۇرچاق، يېڭى ئۆستەڭ، سېرىق بۇيىنىڭ يولۋاس قوتان، قۇرام توغراق، ئاۋات قاتارلىق جايلىرىغىچە تارقىلىپ، بۇ جايلارنى گۈللەندۈرگەن. ئۇندىن كېيىن تېخىمۇ كېڭىيىپ مەكىت تەرەپكە ئىلگىرىلەپ. مەكىت ناھىيىسىنىڭ يانتاق، قىزىلئاۋات، تومەنتال، غازكۆل، شېھىتدۆڭ، ئىگەرچى دېگەن جايلىرىغىچە، تەدرىجي مەكىتكە قاراشلىق ئارالاڭغا، قارا ئۆي، بولۇڭلاڭغا، ئويبۇغداي، لايداڭ، تاۋا كېسەك، تومۇرەك، پاختىلىق، قومۇش مەھەللە، چاشقان قاتارلىق جايلارغا كېڭىيىپ بارغان. يەكەن ناھىيىسىنىڭ مەكىتكە يانداش جايلىرىدىن: ئىگەرچى، بەشكەنت، ئاۋات، ئالمەت، باغئاۋات، ئازادباغ يېزىلىرى؛ يوپۇرغا ناھىيىسىنىڭ شاپتۇل، ئۆردەكلىك، قوشئاۋات دېگەن جايلىرىغىچە تارقىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ

www.uyghurkitap.com

ئەجدادلىرىدىن تارتىپ ئۇيناپ كېلىۋاتقان مەشرەپ-مۇقاملىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ، تېخىمۇ تەرەققىي قىلدۇرغان. دولانلىقلارنىڭ تارقىلىش دائىرىسى بىر قەدەر كەڭ بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرىنى دولانلىق دەپ ئاتاپ كېلىۋاتقانلار، دولان مەشرەپ-مۇقاملىرىنى ئۆزلىرىنىڭ مىللىي سەنئىتى قىلىپ كېلىۋاتقانلار خېلى كۆپ. يوسكام ناھىيىسىنىڭ ئالاغىر، سىرىقتۇلاق، تاتار، ژىما قاتارلىق يېزا-كەنتلىرى؛ قاغىلىق ناھىيىسىنىڭ تۆگىچى، جايتېرەك، چارباغ، بارنى، جاڭلىلەس، غوجا ئېرىق، سولتىزىق، توگتاش، دەفتەر، چاچقۇم، شورۇق، قاچى دېگەن جايلىرىغىمۇ دولان مەشرەپ-مۇقاملىرى كەڭ تارقالغان. ئۇندىن باشقا، ئۆزلىرىنى دولانلىق ھېسابلىمايدىغان خەلقلەردىمۇ دولان مەشرەپ-مۇقاملىرى بار. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئەسلىدىكى مىللىي سەنئەتلىرىگە نىسبەتەن مەزمۇنى مول، قىزىقارلىق بولغان دولان مەشرەپ-مۇقاملىرىنى ھېرىسمەن بولۇپ، تەدرىجىي قوبۇل قىلىش ئارقىلىق، كېيىنكى ۋاقىتتا شۇ جاينىڭ مىللىي سەنئىتىگە ئايلاندۇرغان. بولۇپمۇ، ئاقسۇ شەھىرىنىڭ ۋە كونىشەھەر ناھىيىسىنىڭ بىر قىسىم جايلىرىدا دولان مەشرەپلىرى ئۇينىلىپ كەلمەكتە. يەنە بەزى جايلارنىڭ مىللىي سەنئىتىگە دىققەت قىلىدىغان بولساق، ئۇنىڭ ھەممىسى دولان مەشرەپلىرىنىڭ ئۆزگەرگەن ۋارىيانتلىرى ئىكەنلىكىدە شەك يوق. بۇنى ئىلى مەشرەپلىرىدىكى جازا ئويۇنلىرىدىن تېخىمۇ روشەن يەرق ئەتكىلى بولىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبلىرى بەكمۇ ئېنىق بولۇپ، كۆچكەن ۋە كۆچۈرۈلگەن دولانلىقلار شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا تارقىلىپ ماكانلىشىش جەريانىدا، بىر قىسمى بارغان جايلاردا مەھەللە بولۇپ ياشاپ ئۆز مەدەنىيىتىنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن بولسىمۇ، بىر بۆلۈكى دەسلەپتە يەرلىك خەلقتىن يەرقلىنىپ ياشىغان. تەدرىجىي ئۇلاردىن كۆپ سانىنى تەشكىل قىلىدىغان شۇ جايدىكى كىشىلەرگە ئۆزلىشىپ كېتىپ، ئۆزلىرىنىڭ ناملىرىنى يوقاتقان. لېكىن ئۇنىڭ مەلۇم ئادەتلىرى ۋە ئۇسسۇل-سەنئەتلىرى

شۇ جاينىڭ مىللىي سەنئىتى سۈپىتىدە يەرلىك نامى بىلەن ساقلىنىپ كەلگەن. دولان مەشرەپلىرىنىڭ تارقالغان جايلىرى كۆپ، مەن پەقەت دولان مەشرەپ-مۇقاملىرى ئومۇملاشقان ۋە قەدىمىيلىكىنى بۇرۇنقىدەك ساقلاپ كەلگەن جايلار ئۈستىدىلا توختىلىپ ئۆتتۈم.

6. دولان مەشرەپ-مۇقاملىرىنىڭ تارىخىي ئىزلىرى

دولانلىقلار قەدىمدىن تارتىپ سەنئەتخۇمار كىشىلەر بولۇپ، تارىختىن بۇيانقى دولانلىقلار ياشاپ ئۆتكەن بىپايان داللار، توغراقلىقلار، دۆڭ-دۆۋەنلەر، دەريا-ئېقىنلار، چۆل-جەزىرىلىكلەرنىڭ ھەممىسى دولان مەشرەپ-مۇقاملىرىنىڭ دائىملىق سەھنىسىگە ئايلانغان. دولانلىقلار بۇ جايلاردا نۇرغۇن كۈيلەرنى ئىجاد قىلغان. قوشاقلار توقۇغان. ئۇزلىرىنىڭ تارىخىنى، ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋىتىنى، ھەتتا ئۆزلىرى ياشاپ تۇرغان مۇھىتتىكى ھەر بىر تۈپ توغراق، يۇلغۇنلارغىچە بەدىئىي ئىجادىيەتلىرىنىڭ ھەر بىر مىسرا، جۈملىلىرىگىچە سىڭدۈرۈۋەتكەن. دولانلىقلار ياشاپ ئۆتكەن جايلارغا نەزەر سالىدىغان بولساق، مارالبېشى ناھىيىسى بىلەن ئاۋات ناھىيىسى ئارىلىقىدىكى دەريا ۋادىلىرىدا، توغراقلىقلاردا نۇرغۇن مەدەنىيەت ئىزلىرى بار. خارابىلىقلار بار. بۇ جايلاردا ساقلىنىپ كەلگەن ھويلىلاردا بىر ئائىلىدە چوڭ-كىچىك بىر قانچە ئۆيلەر بولۇپ، ھەر بىر ئائىلىدە دېگەندەك بىر ئېغىزدىن ناھايىتى يوغان ئۆيلەرنىڭ سېلىنغانلىقى كىشىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدۇ. بۇ ئۆيلەر مەشرەپ-مەرىكىلەر ئۈچۈن سېلىنغان. ئۇندىن باشقا قاتناش يولى ئۈستىدىكى ئۆتەڭلەرگە، ئەمگەك مەيدانلىرىغا مەشرەپ سۇپىسى سالغان. بۇ ئورۇنلارنىڭ بەزىسى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان ئورۇن قىلىپ بېكىتىلگەن. بۇ ھەقتە ئۆزۈمنىڭ بىۋاستە بېرىپ تەپسىلىي تەكشۈرۈش

www.uyghurkitap.com

نەتىجىلىرىم ۋە مارالبېشى ناھىيىلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش ئورنىنىڭ مەسئۇلى يولداش تۇرغۇن راخمانىنىڭ ئۆزى بىۋاستە تەكشۈرۈپ ئارخىپلاشتۇرغان پاكىت ماتېرىياللىرىدىن قارىغاندا، قەدىمكى «ئۆتەڭ» لەرنىڭ ھەممىسىدە مەخسۇس مەشرەپ ئويناش ئۈچۈن سېلىنغان «سۇپا»، «لەمپە» لەرنىڭ سېلىنغانلىقى ئىسپاتلاندى. بۇلاردىن مارالبېشىنىڭ «شاقۇر» نىڭ 20 كىلومېتىر شەرقىي تەرىپىدىكى بىر جايدا، كەڭلىكى 24 مېتىر، ئۇزۇنلۇقى 68 مېتىر، ئېگىزلىكى بىر مېتىر كېلىدىغان بىر «سۇپا» بار. ئۇنى كىشىلەر «مەشرەپ سۇپىسى» دەپ ئاتايدۇ. ئۇندىن باشقا ناھىيە دەرىجىلىك قوغداش رايونلىرىدىن «قىزىل زارات»، «شېھىتدۆڭ»، «داۋزا ئالدى ئۆتەڭ»، «قىڭراق ئۆتەڭ»، «ئوتتۇز كېمە» قاتارلىق ئۆتەڭ ۋە جايلارنىڭ ھەممىسىدە يۇقىرىقىدەك شەكىلدىكى مەشرەپ سەھنىلىرى بار. «ژىرىنرا تام» خارابىسىدىكى مەشرەپخانىلار ئېنىق دەرىجىدە ساقلىنىپ كەلگەن. ئاچىدۆڭدىكى «كۆكساراي» خارابىسىمۇ مەخسۇس مەشرەپ ئۈچۈن سېلىنغان ھەشەمەتلىك سارايلار توغرىسىدا رىۋايەتلەر بار. مارالبېشى ناھىيە تەۋەسىدىلا 240 ئورۇندا مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى بار بولۇپ (بۇنىڭدىن 19 ئورۇن ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك موھاپىزەت قىلىنىلىدۇ. 30 ئورۇن ناھىيە دەرىجىلىك ئاسرىلىدۇ)، بۇ ئورۇنلاردا دولان مەشرەپ-مۇقاملىرىغا مۇناسىۋەتلىك مۇھىم تەتقىقات مەنبەلىرى ساقلانغان. توققۇز سارايدىكى قىيا تاشقا ئويۇلغان سۈرەتتە، ناغرىغا كەلتۈرۈپ ئويناۋاتقان ئوسسۇلچىنىڭ بىر قولىنى كەينىگە تۇتۇپ، بىر قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ تۇرغان رەسىمى چۈشۈرۈلگەن.

يۇقىرىقىدىن باشقا «سەنەم تاغ»، «سەنەم دۆڭ»، «تونىساتوغراق»، «لەمپە دۆڭ»، «قارلىغاچ دۆڭ»، «غېجەك ئاستى»، «سانى دۆڭ» قاتارلىق ناملار بىلەن

www.uyghurkitap.com

ئاتىلىپ كېلىنىۋاتقان جايلار بار. بۇلار دولان مەشرەپ-مۇقاملىرىنىڭ تارىخىي دەۋرلىرىنى بىر قەدەر يورۇتۇپ بېرىدۇ.

سەنەم تاغ:

بۇرۇنقى دەۋردە بىر ھۆكۈمران دولانلىقلارنىڭ قارچىغا قوشلاپ يۈرگىنىنى كۆرۈپ ھەۋەس قىلىپ قاپتۇ-دە، ماڭىمۇ بىر لاچىن تۇتۇپ بېرىڭلار، دەپ پەرمان قىپتۇ. دولانلىقلار ناھايىتى قىيىندا، لاچىندىن بىرنى تۇتۇپ كەپتۇ. ھۆكۈمران قاراپ ئولتۇرسا، لاچىن ئاپئاق ساڭقىپتۇ. ئۇنى كۆرگەن ھۆكۈمران لاچىنىنىڭ پوقىغا قاراپ: «بۇ قېتىق ئىچىدىكەن ئەمەسمۇ» دەپ ئويلاپ، ناھايىتى نۇرغۇن لاچىن تۇتۇپ يۇرتىغا ئەۋەتمەكچى بولۇپ، دەرھال يۇرتقا «لاچىن سەيىسى» دەپ بىر سەيسە چېچىپتۇ. ھەر بىر ئادەمگە بىر چېلەك قېتىقنى كۆتەرتىپ تاغقا ھەيدەپتۇ. بىچارە خەلقلەر ئاچ-زېرىن يۈرۈپ لاچىن تۇتالماپتۇ، لېكىن، لەشكەرلەر تاغدىن چۈشكىلى قويماپتۇ. ئاخىر زۇلۇمغا چىدىمىغان دولانلىقلارنىڭ ھەممىسى سەنەم تاغنىڭ ئۈستىگە توپلىنىشىپ، ئەتىگەندىن-كەچكىچە مەشرەپ ئويناپتۇ. ئاخىرىدا مەشرەپنىڭ سەنىمىنى ئويناۋېتىپ، ئارقىسىغا بېرىپ ئادەملەر بىر-بىرلەپ ئۆزىنى تاغدىن تاشلاپ مىڭلىغان ئادەملەر ئۆلۈپ كېتىپتۇ. بۇ خەۋەر مەلۇم بولغاندىن كېيىن، لاچىن سەيىسىنى توختىتىپتۇ.① بۇ تاغ، مەشرەپ بىلەن زۇلۇمغا تاقابىل تۇرغان جاي بولغانلىقتىن، «سەنەم تاغ» دەپ ئاتىلىپ كەلگەن.

«تۇنساتوغراق»:

بۇ جاي مارالبېشى ناھىيىسىنىڭ ئاقساقمارال يېزىسىدىكى «شېھىتلىك»نىڭ يېنىدا. بۇ جاي ئىلگىرىكى زامانلاردا دولانلىقلارنىڭ تارقاق چارۋىچىلىق رايونلىرى بولۇپ، تۇنساخان ئىسىملىك داڭلىق

---

① مارالبېشى ناھىيە دۆلەتباغ يېزا سىرىغونۇش كەنتىدىن ھەسەنجان توقسۇپ قاتارلىقلار بىلەن بولغان سۆھبەت خاتىرىسىدىن.

بىر دولان مۇقامچىسى ئۆتكەنىكەن. ئۇنىڭ مۇقامىغا پۈتۈن خەلقلەر خۇشتار بولۇپ، بۇلار مۇشۇ توغراقنىڭ ئاستىغا توپلىشىپ مەشرەپ ئوينايدىكەن. بۇ مەشرەپنىڭ داڭقى يىراق ئەتراپلارغىمۇ تارقاپ، مەشرەپنى كۆرگىلى كېلىشىدىكەن. تۇنساخاننىڭ ئالەمدىن ئۆتۈشى بىلەن بۇ جايدا مەشرەپمۇ بولماپتۇ. توغراقنى كۆرگەنلەر تۇنساخاننى ئەسلىشىپتۇ. شۇنداق قىلىپ، بۇ توغراقنى كىشىلەر «تۇنسا توغراق» دەپ ئاتاپ كەپتۇ①.

«سەنەم دۆڭ»:

بۇ جايمۇ ئاقساقمارالدا. سەنەم دۆڭنىڭ ئەتراپى چاتقاللىق جاڭگال بولۇپ، سەنەم دۆڭ جاڭگالنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئېگىز قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ. قەدىمكى چاغلاردا دولانلىقلار ئەمگەك قىلىپ هارغان چاغلىرىدا توپلىشىپ دۆڭنىڭ ئۈستىدە مەشرەپ ئوينىغان. شۇ سەۋەبتىن هازىرغا قەدەر «سەنەم دۆڭ» دەپ ئاتىلىپ كەلگەن②.

«قارلىغاچ دۆڭ»:

دولان هاكىمى سائادەت بەگ ئۇستا ناغرىچى ئىكەن. ئۇ قارلىغاچخان دېگەن بىرسىگە ئاشىق بولۇپ، ئۇنى كۆرگىسى كەلگەندە ناغرا چالىدىكەن. قارلىغاچخان ناغرا ساداسىنى ئاڭلاپ يىراقتا تۇرۇپ دۆڭگە چىقىپ، سائادەت بەگ تەرەپكە قارايدىكەن. شۇڭا بۇ جاي قارلىغاچ دۆڭ دەپ ئاتىلىپ قالغان.

«غېجەك ئاستى»:

بۇ جاينىڭ ئورنى مارالبېشى بىلەن ئاۋات ناهىيىسى ئارىلىقىدىكى توغراقلىقتا بولۇپ، سائادەت بەگ بىر كۈنى يوغان بىر تۈپ توغراقنىڭ ئاستىدا مەشرەپ ئويۇشتۇرۇپتۇ. نەغمىنىڭ ئاۋازى يىراق يەرلەرگىچە

---

① مارالبېشى ناهىيىسىنىڭ مۇئاۋىن هاكىمى مەمتىمىن توختى بىلەن بولغان سۆھبەت خاتىرىسىدىن.

② مارالبېشى ناهىيىلىك مەدەنىيەت ئىدارىسىنىڭ باشلىقى هوشۇر قاسىم بىلەن بولغان سۆھبەت خاتىرىسىدىن.

يېتىپ بېرىپتۇ. بۇ ئەتراپتا بىر ئائىلە بولۇپ، ئۇ ئائىلىدە «سانى» ئىسىملىك بىر ئۇسسۇلچى بار ئىكەن. نەغمىنىڭ ساداسىنى ئاڭلاپ ئېگىز بىر دۆڭگە چىقىپ ئۇسسۇل ئويناپتۇ. مەشرەپكە كېلىۋاتقانلاردىن بىرى بۇنى كۆرۈپ قېلىپ، مەشرەپچىلەرگە يەتكۈزۈپتۇ. خەۋەرنى ئاڭلىغان مەشرەپ ئەھلى سانىخاننىڭ ئۇسسۇل ئويناۋاتقىنىنى كۆرۈش ئۈچۈن ئورنىدىن قوزغىلىپ بىر دۆڭگە چىقىپ قاراپتۇ. نەغمىكەشلەر غېجەكلىرىنى ئېسىپ قويۇپ ئولتۇرۇشۇپتۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ، سانىخان ئۇسسۇل ئوينىغان دۆڭ «سانى دۆڭ»، كىشىلەر قارىغان دۆڭ «قارلىغۇچ دۆڭ»، نەغمىكەشلەر غېجەكلىرىنى ئېسىپ قويغان توغراق «غېجەك ئاستى» دەپ ئاتىلىپ كەپتۇ.① ھازىرغىچە شۇ نام بىلەن ئاتىلىپ كەلمەكتە. ئۇندىن باشقا، «سائادەت بەگنىڭ لەمپىسى» دېگەن جايمۇ، ئەينى زاماندىكى ئۇستى يېپىلغان مەشرەپ سەھنىسىدىن ئىبارەت. دولان مەشرەپ-مۇقاملىرى دولان مەدەنىيىتىدە مۇھىم ئورۇندا تۇرغانلىقى ئۈچۈن، مەشرەپ سورۇنلىرى تارىختا تەسىرلىك ھادىسىلەر قاتارىدا خاتىرىلىنىپ كەلگەن. يۇقىرىقى رىۋايەتلەر، دولان مەشرەپ-مۇقاملىرى سەھنىلىرىنىڭ ئىنتايىن كەڭ، خەلق ئارىسىدا زور تەسىرگە ئىگە ئەنئەنىۋى مىللىي سەنئەت شەكلى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. بۇنىڭدەك تارىخىي ئىزلار ھەر قايسى جايلاردا نۇرغۇن تېپىلىدۇ.

7. دولان مەشرەپ-مۇقاملىرىنىڭ ئىسلام دىنى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

دولان مەشرەپ-مۇقاملىرى بىلەن دىن تارىختا بىرگە ياشاپ كەلگەن. دولان مەشرەپ-مۇقاملىرىنىڭ مەنبەسى ئىنسانىيەتنىڭ

---

① ئاۋات ناھىيىسىنىڭ ئايباغ يېزا ئىلەك كەنتىدىن فولكلور ئىجادىيەتچىسى، خەلق تارىخچىسى ھاشىخان موللا ئىبراھىم (1886-يىلى تۇغۇلۇپ 1993-يىلى 5-ئاينىڭ 15-كۈنى ئالەمدىن ئۆتكەن) بىلەن بولغان سۆھبەت خاتىرىسىدىن.

دىنىي مۇراسىملىرىدىن شەكىللەنگەچكە، تارىختىن بۇيانقى ئەجدادلار ئېتىقاد قىلىپ كەلگەن كۆپ خىل دىنلارنىڭ ھەممىسىدىكى دىنىي پائالىيەتلەردە مۇزىكا چېلىش، مۇزىكىغا تەڭكەش قىلىپ مۇقام (ھۆكمەت) توۋلاش، سۇلۇكلەردە ئۇسسۇل ئويناشلار يۈز بېرىپ كەلگەن. دىنىي قاراشلاردىمۇ: مۇزىكا ئادەمدىن بۇرۇن يارالغان، ئۇنىڭ ۋاستىسى بىلەن جاننى تەننىڭ ئىچىگە كىرگۈزگەن، دېگەن رىۋايەتلەر بار. تارىختا ئۆتكەن نۇرغۇنلىغان دىنىي ئۆلىمالار مۇقام، مۇزىكا بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەن. ئەبۇ نەسىر فارابى ئۆزىنىڭ «رىسالەئى مۇغەننىيۇن» ناملىق كىتابىدا مۇقام-مۇزىكىنى مەنىۋى ھاياتنىڭ تەڭداشسىز لەززىتى ھېسابلاپ: «سەمائى نەغماتنىڭ تىلسىز مۆڭلىرى ئىنسانىيەتنىڭ روھىغا مەنىۋى ئوتنى تۇتاشتۇرغۇچى ئاملدۇر. ئەگەر ئۇنىڭغا ئەشئار ئەبىيات قوشۇلسا، ئۇل مۆڭنىڭ سىرى نېمە ئىكەنلىكى ئاڭلانۇر»، «يۈز يىل ئىبادەت قىلىپ ئالالمىغان فەيزنى مېنىڭ قالۇنىمنىڭ سىملىرىدىن ئالغايسىزلەر» ① دەپ، مۇزىكىسىز ھاياتنىڭ ئەھمىيەتسىز قاراڭغۇ ھايات ئىكەنلىكىنى بايان قىلغان.

دولان رايونلىرىنى ئالساق، تارىختىن بۇيان دىن بىلەن مۇقام قارشىلاشمىغان. دولان مۇقاملىرى تېكىستلىرىنىڭ تۇراقسىز بولۇشتەك ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، مۇقامغا ھەرقانداق دەۋردە شۇ دەۋرگە لايىق قوشاقلارنى سالغان، ھەرقانداق سورۇندا شۇ سورۇنغا مۇۋاپىق تېكىستلارنى ئوقۇپ، ئۆزىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئاشۇرۇپ كەلگەن. چەكلەش ئەمەس، بەلكى پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىپ كەلگەن. بەزى خەلق پېشۋالىرى ئارىسىدا: مۇقام-مۇزىكىدىكى ئىستېتىك زوق جاندىن ئۆتۈپ ئۇستىخاننى ئېرىتىدۇ. مەسىلەن: غېجەك ياكى نەي چالسا، چارۋىمۇ ئوت يېمەي تىڭشاپ تۇرىدۇ. «ئەللەي» ئېيتقاندا بوۋاقنىڭ ئۇستىخانلىرى يۇمشاپ، بىھوش بولۇپ ئۇخلاپ كېتىدۇ. «لايلاي» ئېيتسا، قوشاق كالىللىرى بىھوش بولۇپ ھارغىنلىقنى سەزمەي،

① «تارىخىي مۇسىقىيۇن» مىللەتلەر نەشرىياتى 1984-يىل نەشرى 28-بەت.

ھەيدىمىسمۇ ئۆزلۈكىدىن ماڭىدۇ. «لايلاي» ئېيتسا، روھ-ئەرۋاھلار تىنچىشاپ خۇشال بولىدۇ، كېچىلىرى يول يۈرگەندە مۇقام توۋلاپ ماڭسا، يامان نىيەتلىك ئادەم-ئىنسان، جىن-ئالۋاستى، ئوغرى-قاراقچى ھەتتا يىرتقۇچلارنىڭمۇ دىلى ئېرىپ كۆڭلى يۇمشاپ، زىيانكەشلىك قىلمايدۇ. توي-مەرىكە، كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرىدا مۇقام ئېيتىپ مۇزىكا چالسا، سورۇن ئەھلىگە ھۇزۇر بېغىشلايدۇ. ياشلار ئارا مۇقام توۋلاپ مۇزىكا چالسا، ھېسسىيات قوزغاپ، مېھىر-مۇھەببەتنى پەيدا قىلىدۇ. ئېرىنلىقتا مۇقام ئېيتسا، غەم-قايغۇدىن خالى قىلىدۇ. چاقچى خوتۇن «خانا» سىلىپ چاق ئېگىرسە، ئىشى ئاينىپ، ھارغىنىنى بىلمەي قالىدۇ. كىچىكىدە «ئەللەي»نى كۆپ ئاڭلىغان بوۋاقنىڭ ئۇستىخانلىرى ئۆزلۈك بولىدۇ. مۇقامنىڭ مۇڭى بوۋاقنىڭ ئۇستىخانلىرىغا سىڭىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، چوڭ بولغاندا مۇقامچى بولىدۇ ياكى مۇقامغا خۇشتار دىلى يۇمشاق ئادەم بولىدۇ. ئۆمرىدە مۇقام-مۇزىكا بىلەن ئۆتكەن كىشى ئۇنىڭ خاسىيىتىدىن پات قېرىمايدۇ، بەلكى ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرىدۇ،① دەپ، مۇقام-مۇزىكىنىڭ پۈتۈن ھايۋانات ۋە ئادىمزات ھاياتىدا كەم بولسا بولمايدىغان مەنىۋى ئامىل ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاش بىلەن، مۇقام-مۇزىكىنىڭ ھاياتلىقنى چەكلەش ياكى تەسىرلەندۈرۈپ جانلاندۇرۇش كۈچ قۇدرىتىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەپ، مۇقام مۇزىكا تارىخىنى ھاياتلىق بىلەن تەڭداش ئورۇندا قويىدۇ. دىنىنىڭ چەكلەيدىغىنى، مەشرەپ-مۇقام ۋاستىسى بىلەن قىلىنغان يامان ئىشلاردىن ئىبارەت. دولانلىقلارنىڭ قايسى تەبىقىسىدىكىلەر بولمىسۇن، ھەممىسى مۇقام-مۇزىكىنى ئەڭ قىزىقىنىپ تىڭشايدۇ ھەم قىزغىن سۆيىدۇ. دىنىي پائالىيەتلەر بىلەن مەشرەپ پائالىيىتى بىر-بىرىدىن ئايرىم ھالدا ئۆز ئالدىغا ئېلىپ بېرىلغاچقا، ئارىلىقتا ھېچقانداق زىددىيەت مەۋجۇت ئەمەس.

دولان رايونلىرىدا دىنىي ئەقىدىلەر يەرلىك ئالاھىدىلىككە

---

① ئاۋات ناھىيە بازار ئىچىدىن قۇدرەتتۇللا مەخسۇم خاتىپ ھاجىم، ئەخمەتجان داموللام قاتارلىقلار بىلەن بولغان سۆھبەت خاتىرىسىدىن.

ماسلىشىپ ماڭىدۇ. باشقا ئۇيغۇر رايونلىرىدىن مەلۇم دەرىجىدە پەرقلىنىدۇ. بولۇپمۇ ئايالللارنىڭ جەمئىيەتتە تۇتقان ئورنى ۋە ھوقۇقى جەھەتتە ئالاھىدە پەرقلىنىپ، ھەر خىل پائالىيەتلەرگە ئەرلەر بىلەن ئوخشاش قاتنىشالايدۇ. بۇ، دولان رايونلىرىنىڭ ئىجتىمائىي ئالاھىدىلىكى بولۇپ، بۇنى چەكلىگىلىمۇ بولمايدۇ. دولانلىقلارنىڭ ياشاپ كەلگەن جايلىرى تامامەن دېگۈدەك جاڭگال، چەت-ياقا جايلار بولغاچقا، جۇغراپىيىلىك ئورنى دەريا بويلىرىغا، قۇملۇق، شورلۇقلارغا ئىنتايىن تارقاق دەرىجىدە ئورۇنلاشقان. شۇڭلاشقا، قانچىلىك بىنەم ئاچسا، ئۆز ئىختىيارلىقىدا بولغان. مۇشۇ سەۋەبتىن ئۇلاردا يەر كۆپ، ئادەم ئاز، ئەمگەك كۈچى يېتىشمەسلىك ھادىسىسى دائىم يۈز بېرىپ تۇرغان. نەتىجىدە ئايالللارمۇ ئەرلەر بىلەن ئوخشاش ئېتىز ئەمگەكلىرىگە قاتنىشىشقا مەجبۇر بولۇپ، ئوخشاش ئىشلەپ تۇرمۇش كەچۈرگەن. يۈزلىرىنى يېپىپ ئۆيدىن چىقماي ئەرلەرگە تايىنىپلا تۇرمۇش كەچۈرۈشكە ئىجتىمائىي شارائىت يار بەرمىگەن. دىن بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارمۇ ئوخشاشلا ئەمگەك قىلماي بولمىغان. ئىجتىمائىي ئەمگەك ھەممە ئادەملەرنى بىر-بىرلىرى بىلەن كۆرۈشتۈرۈپ، كىشلەردە ئۇنىڭ قايسى تەبىقە، قايسى جىنىستىن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئەركىنلىك ئاساسىدىكى باراۋەرلىكنى پەيدا قىلغان. ۋەھالەنكى، بەزى دىن بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار مەشرەپ-مۇقاملارنى قوللاپ، ئۇنىڭ تەرەققىياتىغا زور تۆھپە قوشقان. ئالايلۇق، ھازىرقى ئاقسۇ شەھىرىنىڭ ئايكۆل يېزا سايئېرىق كەنتىدە ئولتۇرۇشلۇق پېشقەدەم سازەندە، دىنىي زات ئابلاخان غوجا مەخسۇم ھاجىم (82 ياش) نىڭ ئاتىسى ھەمدۇللاخان مەخسۇم ئاۋات ناھىيىسىگە چوڭ ئاخۇن، قازى قۇززات بولغان 25 يىل (1924—1949) داۋامىدا، ئاۋات ناھىيىسىنىڭ مىللىي سەنئىتىگە ئىنتايىن زور ئىلھام بەرگەن. ئۆزى مۇقام خۇشتارى بولۇپ، ئەينى ۋاقىتتىكى داڭلىق مۇقامچىلاردىن ئاۋات بازار ئىچىدىن تەۋەككۈل قۇربېشى (ساتاچى)، راشىدىن ئاخۇن تەمبۇر، ئاقسۇلۇق توختى راۋاپ (دولان راۋابچىسى)، داپەندى تاۋاخان قاتارلىق جەمئىي سەككىز نەپەر مۇقامچى،

سازەندىنى ئاۋات چوڭ خانقىرىدىكى قازىخانىسىدا كىچە-كۈندۈز ئۆزى بىلەن ھەمراھ قىلىپ، ئۇيغۇر كلاسسىك مۇزىكىسى ئون ئىككى مۇقامىنى ئورۇندىتىپ ھوزۇر ئېلىپ كەلگەن. مۇقامچىلارنىڭ تۇرمۇشىنى ئۆزى ئۈستىگە ئالغان. كوچىغا چىقىشقا توغرا كەلسە، ئىككى تەرەپتە تۆتتىن سەككىز كىشى ساز چېلىپ، مۇقام تووۋلاپ نەغمە-ناۋا بىلەن چىقىپ، كوچىلارنى ئايلىنىپ قازىخانىسىغا قايتقان. چاقىرغان جايلاردا داغدۇغىلىق مەشرەپ ئۇيۇشتۇرۇلغان. كۈنلەپ-كۈنلەپ مەشرەپ قىلىپ، دولان مۇقام-مەشرەپلىرىدىن ھوزۇرلانغان. كىشلەر ئۇنىڭ ئالدىدا ئەركىن ئۇسسۇل ئوينىيالىغان. ئۇ قىرىپ ماغدۇرىدىن كېتىپ قالغان چاغلاردىمۇ، تالىپلىرى ئۇنىڭ ئىككى قولتۇقىدىن يۆلەپ، سازەندىلەر ئەتراپىدا مۇقام ئورۇنداپ بازار كوچىلىرىنى ئايلانغان. ھەمدۇللاخان مەخسۇمنىڭ مۇقام-مۇزىكا، مەشرەپلەرنى قوللىشى مەشرەپ-مۇقاملارنى چەكلەش كۆزقارشىغا قاتتىق زەربە بەرگەن. ئۇنىڭ ۋاقتىدا ئاۋات ناھىيىسىدىكى دولان مەشرەپلىرى ناھايىتى يۇقىرى دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان.

ھەمدۇللاخان مەخسۇم ئوغلى ئابلاخان غوجام مەخسۇم ھاجىمنى ئۆز يېنىدىكى مۇقامچىلارغا شاگىرتلىققا تاپشۇرۇپ، مۇقام-مۇزىكىنى ئۆگەتكۈزگەن. ئابلاخان غوجام دۇتار، تەمبۇرنى ۋە ئۇيغۇر كلاسسىك مۇزىكىسى ئون ئىككى مۇقامنىڭ بىر قىسمىنى ئۆگىنىپ، مۇقام-مۇزىكىنى ئۆزىگە تۇرمۇش لەززىتى قىلىپ كەلگەن①. بۇ ئەھۋال خەلقنىڭ مۇقام-مۇزىكا بىلەن شۇغۇللىنىشىغا زور ئىلھام بولغان.

مارالبېشىنىڭ پىچاق سۈندىدىن مەمتىلاخۇن داموللام (1896—1964) يۇرتداشلىرىغا مۇزىكا ئۆگىنىشنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى تەرغىپ قىلىپ كەلگەن. ھازىرقى پىچاق سۈندىنىڭ قۇملۇقتىكى قالۇنچى راخمان ئېلى، پىچاق سۈندىنىڭ «شېرىن» 11-كەنتىنىڭ ئىمامى، غېجەكچى تۇردى خۇدەك قاتارلىقلار ئۇنىڭ تەشەببۇسى بىلەن قالۇن، غېجەك، راۋاپ، داپ

---

① ئاۋات ناھىيىسىدىن ھاشىخان موللا ئىبراھىم، ئابدۇراخمان موللا ھاجىم قاتارلىق ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرگەن پېشقەدەملەر بىلەن بولغان سۆھبەت خاتىرىسى ۋە ئابلاخان غوجام مەخسۇم ھاجىمدىن بىۋاستە تەكشۈرگەن ئەمىلىي خاتىرىدىن ئېلىندى.

قاتارلىقلارنى ئۆگەنگەن. تۇردى خۇدەك ئىمام بولۇشتىن ئىلگىرى مەشرەپلەردە ئەلنەغمە بىلەن شۇغۇللانغان①. ئاۋات ناھىيىسىنىڭ بازار ئىچىدە ياشاپ ئۆتكەن موللا ئىبراھىم موللام (1968—1938) ئۆزىنىڭ ئاتاقلىق دىنىي ئۆلىما بولۇشىغا قارىماي، دۇتار، تەمبۇر بىلەن مۇقام ئېيتىپ، قولۇم-قوشنا ۋە ئۆلپەتلىرىنىڭ بەدىئىي ئارزۇلىرىنى ئورۇندىغان. ئائىلىسىدە مەشرەپ ئويۇشتۇرۇپ بەرگەن، دولان ئۇسسۇلىنى ئوينىغان. بېيىت-قوشاقلار توقۇپ، مەشرەپتە «پوتا» (دەررە) ئويۇنى ئوينىغان. ئوغلى ئابلاخانغا مۇقام-مۇزىكا ئۆگىتىپ، ئۇنىڭ ئاممىۋى سورۇنلاردا ناخشا-مۇزىكا بىلەن شۇغۇللىنىشىنى توسمىغان②. ئۇ دولان خەلقىنىڭ مىللىي سەنئىتى بولغان دولان مەشرەپ-مۇقاملىرىنى قوللاپ، زور تەسىر قالدۇرغان. ئۇنىڭ نامى ھازىرغا قەدەر رىۋايەت بولۇپ كەلگەن. ھازىر تىلغا ئېلىنىپ كېلىۋاتقان مۇقامچىلارنىڭمۇ، كۆپىنچىلىرىنىڭ ئاتا-بوۋىلىرى دىنىي زاتلاردۇر. مۇقامچى، سازەندىلەردىن ئاقساقمارالدىكى ئەخمەت ھاجىم، چىغانچۆلدىن ئاخۇن قارىم، مارالبېشىنىڭ ئاۋات بازىرىدىن ئەمەت موللام، ئازى موللام، موللا شەھرى قاتارلىقلارغا ئوخشاش نۇرغۇن كىشىلەر زور دىنىي ھۆرمەتكە ئىگە تۇرۇقلۇق، ئۆزلىرىمۇ مۇقام-مۇزىكا بىلەن شۇغۇللانغان. باللىرىغىمۇ تەشەببۇسكارلىق بىلەن مۇقام-مۇزىكا ئۆگەتكەن. ھازىر بار بولغان مۇقامچى، سازەندىلەر ئارىسىدىمۇ، ئاقسۇدىن ئابلاخان غوجا مەخسۇم ھاجىم، مارالبېشىنىڭ ئاۋاتتىن مەردان موللام، نەۋرە ئىنىسى ئەخمەت قالۇن، يېڭىئۆستەڭدىن ئوسمەك موللام، قۇملۇقتىكى تۇردى خۇدەك، شاقۇردىن مەھەممەت ھاجىم موللا ئىسلام قاتارلىق دىنىي ئالىم ۋە موللا، ھاجىلار بار. دولان رايونلىرىدا مەشرەپ-مۇقاملار مىللىي ئۆرپ-ئادەتلەر بىلەن

---

① مارالبېشى پىچاق سۇندى قۇملۇقتىن قالۇنچى راخمان بىلەن بولغان سۆھبەت خاتىرىسىگە ئاساسلاندىم.

② ھاشىخان موللا ئىبراھىم، ئابلاخان غوجام مەخسۇم ھاجىم قاتارلىقلار بىلەن بولغان سۆھبەت خاتىرىسىگە ئاساسلاندىم.

چەمبەرچاس باغلىنىپ كەتكەچكە، ھەممە ئادەم ئۆزلىرىنىڭ
ئاتا-بوۋىلىرىدىن قالغان بۇ ئەنئەنىۋى ئادەتنى قىزغىن سۆيۈپ، دۇ
نيي زاتلار ئائىلىلىرىدە توي-تۆكۈن بولۇپ قالسا، باشقا كىشىلەرگە
ئوخشاشلا توي مەشرىپى ئۆتكۈزۈپ كەلگەن. ئاياللارنىڭمۇ ئەرلەر
بىلەن بىر قاتاردا ئەنئەنىۋى بىلەن شۇغۇللىنىشى چەكلەنمىگەن.
ئاۋات ناھىيىسىدە بىر ئۆمۈر ئەنئەنىۋى بىلەن شۇغۇللىنىپ، سەنئەتنى
ئۆزىنىڭ تۇرمۇش مەنبەسى قىلىپ ئالەمدىن ئۆتكەن شەرىخانىغا
ئوخشاش نۇرغۇنلىغان ئايال مۇقامچىلارمۇ ئۆتكەن. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى
دولان مىللىي سەنئىتى مىللىي ئۆرپ-ئادەت بىلەن باغلانغان بولغاچقا،
دىنىي پائالىيەتلەر بىلەن ئورتاق ياشاپ كەلگەنلىكى، شۇ سەۋەبتىن
دولان مەشرەپ-مۇقاملىرىنىڭ چەكلىمىگە ئۇچرىماستىن دەۋرىمىزگە
قەدەر چالغۇ ئەسۋابلىرى، بېيىت-قوشاقلىرى، ئويۇن ژانىرلىرى، تەر
تىپ-ئىنتىزاملىرى بىلەن تولۇق يېتىپ كەلگەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.



ئىككىنچى باب

دولان مۇقاملىرى

1. دولان مۇقاملىرىنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە ئۇنىڭ تارىخىي نامىلىرى

دولان مۇقاملىرى (ئەلنەغمىلىرى) دولانلىقلارنىڭ ناخشا-ئۇسسۇل سەنئىتىگە ئىنتايىن ماس كەلگەن، ئاۋاز سىستېمىسى ئۆزگىچە بولغان دولان قىل غېجىكى، دولان قالۇنى، دولان راۋىپى، دولان نەغمە دېيىدىن ئىبارەت مەخسۇس چالغۇلارنىڭ ياڭراق سادىسى بىلەن ئۇرۇنلىنىدۇ. ئۇنىڭغا سېلىنغان تېكىستلەر خەلق قوشاقلىرىدىن ئىبارەت بولۇپ، قىسمەنلىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، تېكىستلىرى ئاساسەن تۇراقسىز بولىدۇ.

دولان مۇقاملىرى ئەڭ بۇرۇن يەككە ھالدا (مۇزىكىسىز) بارلىققا كېلىپ، بارا-بارا ئىپتىدائىي مىللىي مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، ئۇسسۇللۇق مەشرەپ مۇقامىغا ئايلانغان ۋە مۇزىكىلىق مۇقام، مەشرەپنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىنى شەكىللەندۈرگەن. بارا-بارا مەشرەپ شەكىللىرى تولۇقلىنىپ، مۇكەممەل سىستېمىغا ئايلانغاندىن كېيىنمۇ، مۇقام، مەشرەپنىڭ يېتەكچىسى سۈپىتىدە مەشرەپنىڭ مۇقەددىمىسىدىن ئورۇن ئېلىپ، پەيدا بولۇش تارىخىنىڭ ئۇزۇنلۇقىنى، ئىپتىدائىي مۇزىكىسىز يەككە ھالەتتىن تەدرىجىي تەرەققىي قىلىپ مۇزىكا بىلەن تەڭكەش قىلىنىدىغان، ئۇسسۇللۇق مۇزىكىلىق مەشرەپنىڭ تۇنجى باسقۇچىنى شەكىللەندۈرگەنلىكىنى نامايان قىلغان.

دولان مۇقاملىرى (ھەر بىر مۇقام) مەشرەپنىڭ ئۆزگىرىشىگە قاراپ بەش

نەغمىگە ئايرىلغان. بۇلار: «مۇقام» (باشلىنىش مۇزىكا)، «چېكىتمە»، (4 / 3تاكتلىق)، «سەنەم» (4 / 4تاكتلىق)، «سەلىقە»، (4 / 2تاكتلىق)، «سىيرىلما» (4 / 2تاكتلىق) نەغمىلەردىن ئىبارەت بولۇپ ھەممىسى ئون ئىككى مۇقام بېشى، ئاتمىش نەغمە بىلەن تاماملىنىدۇ.

مۇقامناملىرى

دولان مۇقاملىرى تارىختا نۇرغۇنناملار بىلەن ئاتىلىپ كەلگەن. «بىپايان بارچۇق» ① ناملىق كىتابتا قەيت قىلىنىشىچە، دولان مۇقاملىرىنىڭ بۇرۇنقى ناملىرى «باياۋان» دەپ ئاتىلىپ، سانى قىرىق تۆتكە يەتكەن. كېيىنكى ۋاقىتتا قىرىق تۆت «باياۋان»-دىن ئون ئىككىسى تاللىنىپ، «ئون ئىككى ئاچال» دەپ ئاتالغان. ئۇنىڭدىن كېيىن تاللانغان ۋە تاللانمىغانلىرى قوشۇلۇپ «ئون ئىككى ئاچال، ئوتتۇز ئىككى باياۋان» دەپ ئاتىلىپ كەلگەن ②. «ئون

① «بىپايان بارچۇق» ناملىق بۇ كىتاب مارالبېشى ناھىيىسىنىڭ توققۇز ساراي ئاچالدا ئۆتكەن يۈسۈپ باخشىنىڭ قولىدا ساقلانغان. مەدەنىيەت ئىنقىلابىدىكى كىتاب كۆيدۈرۈش مەزگىلىدە، يۈسۈپ باخشى مۇشۇ كىتاب بىلەن بىر قاتاردا يىگىرمىدىن ئارتۇق تارىخ كىتابىنى بىر شېغىللىقتا كۆمۈۋەتكەن. مەدەنىيەت ئىنقىلابىدىن كېيىن، يولداش تۇرغۇن راخمان بىلەن بىرلىكتە شېغىللىقنى قېزىپ كىتابنى تاپالمىغان. كىتابنى قالدۇرغان نۇرغۇننىڭ خاتىرىسىگە ئاساسلانغاندا، بۇ كىتاب سالىھ ناملىق ئاپتور تەرىپىدىن يېزىلغان بولۇپ، ئۇ بىر كىتابىدا ئەينى زاماندىكى ھۆكۈمرانلارنى «قىزىل كۆز مايمۇنلار» دەپ ئاتىغانلىقى ئۈچۈن، توققۇز سارايدا دارغا ئېسىپ ئۆلتۈرۈلگەنىكەن. كىتابنىڭ مەزمۇنى مارالبېشى تارىخىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئاساسلىقى دولان مەدەنىيەت-سەنئەت تارىخى يېزىلغان. ئۇنىڭ تۈركى باسما ۋە قول يازمىلىرى تارقالغان بولۇپ، مەدەنىيەت ئىنقىلابىدا كۆيۈپ تۈگىگەن. يۈسۈپ باخشى كۆمۈۋەتكىنى مارالبېشى ناھىيىلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش ئورنىدىكى تۇرغۇن راخمان ئارقىلىق داۋاملىق ئىزدەلمەكتە.

② تۇرغۇن راخماننىڭ «بىپايان بارچۇق» ناملىق كىتابنى قالدۇرغان خاتىرىسىگە ئاساسلاندىم. «ئون ئىككى ئاچال، ئوتتۇز ئىككى باياۋان» دېگەن ناملار مارالبېشىنىڭ پىچاق سۇندى قومۇلۇق قاتارلىق جايلىرىدىمۇ تارقالغان، باشقا جايلاردىمۇ بار.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى تادرىسى

ئىككى ئاچال» دېگەن سۆز روشەنكى، ئون ئىككى ئايرىلىش ئون ئىككى تۈر، ئون ئىككى خىل دېگەنلەردىن ئىبارەت بولۇپ دولان كۈيلىرىنىڭ ئون ئىككى تۈرى دېگەننى بىلدۈرىدۇ. بۇ ھەقتە مارالبېشىنىڭ توققۇز ساراي ئاچالدا (ھازىرقى 51-تۈەن 4-لىيەن) ئۆتكەن پېشقەدەم تارىخچى يۈسۈپ باخشى (1902—1983) نىڭ رىۋايەت قىلىشىچە، ئەينى زاماندا مۇقام ئەنئەنىۋى ئابرويغا ئىگە بولغان. شۇ سەۋەبتىن، ھەرقايسىسى يۇرتلاردىكى مۇقامچىلارنى بىر جايغا توپلاپ، ھەر بىر يۇرتتىن بىردىن مۇقامنى تاللاپ ئون ئىككى جايدىن ئون ئىككى مۇقام تاللىغان. شۇ سەۋەبتىن، «ئون ئىككى ئاچال» دەپ ئاتالغان. مارالبېشىنىڭ بەزى جايلىرىدا دولان مۇقاملىرىنى «ئون ئىككى ئاچال، ئوتتۇز ئىككى باياۋان» دەپ ئاتاشلار ھازىرمۇ بار ۋە باشقا دولان رايونلىرىدىمۇ دولان مۇقاملىرىنىڭ نامىنى خەلق ئىچىدە «باياۋان» دەپ ئاتاپ كەلگەن. «باياۋان» دېگەن نام دولان كۈيلىرىنىڭ دەسلەپكى ناملىرى بولۇپ، بۇ نام ئۆزىنىڭ مەزمۇنى بىلەن دولان مۇقامىنىڭ تۇنجى پەيدا بولۇش تارىخىي شارائىتىنى روشەن ئىپادىلەپ بېرىپلا قالماستىن، دولانلىقلارنىڭ ئەينى چاغدىكى ئىجتىمائىي ھاياتىدىنمۇ مەلۇمات بېرىدۇ.

«باياۋان» دېگەن نام دولان مۇقاملىرىنىڭ ئومۇمىي نامى بولۇشتىن باشقا، مۇقام گۇرۇپپىسىدىكى ھەر بىر مۇقامنىڭ نامىغا قوشۇلۇپ ئىسىم بولۇپ ئاتىلىپ كەلگەن. خەلق ئىچىدە (ياشانغانلار) ھازىرغا قەدەر «دولان مۇقامى» دېگەن نام ئىشلىتىلمەي، يەنىلا قەدىمدىن قوللىنىپ كېلىۋاتقان «باياۋان» دېگەن نام بىلەن ئاتالماقتا. «مۇقام ئېيتىش» دېمەي، «باياۋان تولاش» دېيىشىنىڭ ئۆزىمۇ «مۇقام» دېگەن نامنىڭ دولان «باياۋان» لىرىنىڭ ئورنىغا سىڭىپ كىرىشكە باشلىغىنىغا تېخى ئۇزاق دەۋرلەر بولمىغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ.

«مۇقام» دېگەن نامغا كەلسەك، XV - XVI ئەسىرلەردە چاچما ئۇدارلىق نەغمە ئۇقۇمى «مۇقام» نامى بىلەن ئىپادىلەنگەن① بولۇپ، تەدرىجىي ھالدا ھەممىلا كلاسسىك كۈي-مۇزىكىلار ۋە سىستېمىلاشقان كۈيلەر گۇرۇپپىسى مۇقام نامى بىلەن ئىپادىلىنىدىغان②. دولان كۈي-مۇزىكىلىرى دەسلەپتە يەككە ھالدا بارلىققا كەلگەن بولۇپ، كېيىن تەرەققىي قىلىپ، كۆپ خىل تۈرلەرنى شەكىللەندۈرگەن ۋە ئۇيغۇر ئۇسسۇل سەنئىتىنىڭ تەركىبىدە خېلى بۇرۇنلا يېتەكچى ئورۇننى ئىگىلىگەن. شۇڭلاشقا، مۇقىملاشقان كۈيلەر گۇرۇپپىسىنى شەكىللەندۈرگەن. «مۇقام» ئاتالغۇسى دولان كۈيلىرى گۇرۇپپىسىغىمۇ ماس كەلگەنلىكى ئۈچۈن، كېيىنكى چاغلاردا «مۇقام» دېگەن بۇ يېڭى ئاتالغۇنى دولان كۈيلىرىنىڭ نامىغىمۇ ئىشلىتىلگەن. ئەمما، ئۇنى دولان كۈيلىرى گۇرۇپپىسىنىڭ ئومۇمىي نامى بولغان «باياۋان» سۆزىنىڭ ئورنىغا دەسسەتكەن بولسىمۇ، لېكىن دولان مۇقاملىرىنىڭ نامى شۇ مۇقامنىڭ پەيدا بولۇشىغا مۇناسىۋەتلىك مۇھىم ۋەقەلەرگە ئاساسەن قويۇلغاچقا، ھەر بىر يەككە مۇقامنىڭ نامىغا قوشۇلۇپ كېلىدىغان «باياۋان» سۆزىنى زادىلا ئۆزگەرتەلمىگەن. خەلق ئىچىدە بولسا، «مۇقام» دېگەن يېڭى ئاتالغۇنى ئەمەس، بەلكى ئەجدادلىرىدىن تارتىپ ئاتاپ كەلگەن «باياۋان» دېگەن نامنى قوللىنىپ كېلىۋەرگەن.

باياۋان دېگەن نامنىڭ كېلىپ چىقىشى

«باياۋان» دېگەن سۆز چۆل-جەزىرە، جاڭگال، بىپايان

① «تارىخىي مۇسىقىيۇن». مىللەتلەر نەشرىياتى 1984-يىل نەشرى 7-بەت.
② «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» 1992-يىل 1-سان 64-بەت.

كەڭرى دالا دېگەن مەنىدە بولۇپ، بۇ مەزمۇن جەھەتتىن ئىپتىدائىي باشلانغۇچ دەۋرلەرگە قارىتىلغان. ئىپتىدائىي دەۋرلەردىكى ئەجدادلىرىمىز دىنىي مۇراسىملىرىدا ئۇسسۇل ئويناپ ناخشا ئېيتىش ۋە ئۆزئارا قوشاق ئېيتىشقا ئوخشاش ئويۇن-پائالىيەتلىرىنى ئۆتكۈزۈشتىن باشقا، ئوۋ ئوۋلاش، بېلىق تۇتۇش، ئورمان كېسىش، بوزيەر ئېچىش قاتارلىق ئىشلەپچىقىرىش شەكىللىرى بىلەن شۇغۇللىنىش جەريانىدا، ئۆزلىرىنىڭ ئارزۇ-ئارمانلىرى، ھەسرەت-نادامەتلىرى، مۇھەببەت-نەپرەتلىرىنى، تەسىرلىك ھادىسىلەرنى، رېئال ئەمگەك ۋە تەسەۋۋۇرلىرىنى تەسۋىرلەپ، بېيىت-قوشاقلار توقۇغان. ئۇلار سەپەر قىلغاندا، يايلاقلاردا ياكى چۆل-باياۋانلاردا يۈرۈپ يالغۇزلۇق، غېرىبلىق ھېس قىلغان چاغلىرىدا ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىش ئۈچۈن، ئاشۇ تەسىرلىك قوشاقلارنى ئاھاڭغا سېلىپ، يۇقىرى ئاۋاز بىلەن مۇڭلۇق توۋلاپ، غەزەل قىلىپ ئوقۇغان. بۇ غەزەللەر ئۆزىنىڭ مىللىيلىكى ۋە ھېسسىياتچانلىقى بىلەن ئاڭلىغۇچىلارنىڭ ئىستېتىك زوقىنى قوزغاپ، ئۇلارنى ئۆزىگە قاتتىق جەلپ قىلغان. نەتىجىدە بۇ خىل مۇڭلۇق غەزەللەرنىڭ ئەمگەك جەريانىدا چۆل-باياۋانلاردا يۇقىرى ئاۋاز بىلەن ئوقۇلغىنىغا ئاساسەن «باياۋاندا توۋلانغان غەزەل»، «غېرىبلىق ناخشىسى» ياكى «باياۋان غەزىلى» دېگەن مەزمۇندا «باياۋان» دەپ ئاتالغان. دولان «باياۋان» (مۇقام) لىرى دەسلەپتە سىرتتا، باياۋانلاردا ئوقۇلغان بولسا، كېيىنچە خەلق ئارىسىدىكى مۇڭلۇق كۈيلەرنىڭ ھەر خىل ژانىرلىرىنى قوبۇل قىلىش ئارقىلىق بېيىپ، ئاۋۋالقى يەككە ھالەتتىن تەرەققىي قىلىپ بارا-بارا مۇزىكا تەڭكەش قىلىنىدىغان، كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرى، توي-مەرىكە ۋە باشقا مۇناسىپ سورۇنلاردا ئېيتىلىپ، كىشىلەرگە ھوزۇر بېغىشلايدىغان، ئۇنىڭ يېقىملىق مۇڭلىرى خەلقنىڭ مەنىۋى ھاياتىنى جانلاندۇرىدىغان بولدى.

مۇزىكىلىق باياۋاننىڭ بارلىققا كېلىشى دولان مەشرىپىنىڭ تۈنجى شەكىللىنىشتىن كېيىنكى تولۇقلىنىش باسقۇچى بولۇپ، مۇزىكىلىق مۇقام، مەشرەپنىڭ ئېپتىدائىي باسقۇچىدىكى ئادىي ئويۇن شەكلىنى تولۇقلاپ مۇكەممەللەشتۈرۈپ، مۇقەررەر سىستېمىغا كىرگۈزگەن. شۇندىن باشلاپ، مۇزىكىلىق مۇقام بارا-بارا ئۇسسۇللۇق مەشرەپنىڭ باشلامچىسى بولۇپ قالغان. دولان مەشرىپىدە مۇقامنىڭ يېتەكچى ئورۇندا تۇرۇشى ۋە ھەر بىر ئېيتىلىشتىن كېيىن بىر قېتىم توۋلاپ، ئاندىن ئىككىنچى ئېيتىلىشنى باشلىشى، مۇقام سەنئىتىنىڭ تۈنجى باسقۇچى بولۇپ، ھەممىدىن بۇرۇن بارلىققا كەلگەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. «باياۋان» دېگەن نامىمۇ، ئۇنىڭ پەيدا بولۇش دەۋرىگە ئىنتايىن ماس كەلگەن.

دولان مۇقاملىرىنىڭ ناملىرى ۋە ئۇنىڭ پەيدا بولۇشى

دولان مۇقاملىرىنىڭ ناملىرى ئاساسەن، شۇ مۇقامنىڭ پەيدا بولغان دەۋرى، جۇغراپىيىلىك ئورنى، مۇزىكىلىق خۇسۇسىيىتى، سورۇننىڭ خاراكتېرى، مۇناسىۋەتلىك تارىخىي ۋەقەلەرگە ئاساسەن، خەلق تەرىپىدىن ياكى مۇزىكانتلار تەرىپىدىن قويۇلغان. تارىخىي مەنبەلەردىن ۋە خەلق ئارىسىدىكى پىشقەدەم مۇقامچىلاردىن تەكشۈرگەن نەتىجىلەردىن قارىغاندا، تارىختا ھەر خىل ئاھاڭ (غەزەل) ژانىرلىرىدىن بۆلۈنۈپ چىقىپ مۇقىملاشقان «باياۋان» كۈيلىرى قىرىق تۆتكە يېتىپ، ھەر قايسىسى بىر خىل نام بىلەن ئاتالغان. كېيىنكى ۋاقىتتا قىرىق تۆت باياۋاننىڭ ئارىسىدىن ئون ئىككىنى تاللاپ، ئۇنى «ئون ئىككى ئاچال» دېگەن ئومۇمىي نامى بىلەن ئاتىغاندىن كېيىن، تاللانغان ئون ئىككى مۇقامنىڭ ئىسمىلىرى داۋاملىق ئېغىزغا ئېلىنىپ، قالغان ئوتتۇز ئىككى باياۋاننىڭ ناملىرى ئېتىباردىن

قالغان. ئۇنىڭ نامىلىرى پەقەتلا «ئون ئىككى ئاچال، ئوتتۇز ئىككى باياۋان» دېگەن ئومۇمىي نام بىلەن ئاتىلىپ، يەككە نامىلىرى تەدرىجىي ئەستىن كۆتۈرۈلگەن ياكى تاللانغان ئون ئىككى مۇقامنىڭ نامىلىرىغا ئارىلىشىپ قېلىپ، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بىر مۇقامنىڭ نامى ھەر بىر جايدا ئوخشىمىغان بىر خىل نام بىلەن ئاتىلىپ، نەتىجىدە بىر مۇقام بىر قانچە نام بىلەن ئاتىلىشتەك مۇجمەللىكنىڭ كېلىپ چىقىشىغا سەۋەب بولغان. بۇ ھادىسە، مۇقام نامىلىرىنى ئۇنتۇش، ئازغىشىشتىن كېلىپ چىققان بولۇپ، بەزىسىنىڭ مۇقامى بار، نامى يوق، بەزىسىنىڭ نامى بار، مۇقامى يوق بولۇشتەك ئەھۋال يۈز بېرىپ، بەزى نامى ئۆچكەن مۇقاملارنى ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامنىڭ نامىلىرى بىلەن ئاتىۋالغان. ھالبۇكى بۇ ناملار دولان مۇقاملىرىنىڭ نامىلىرى تەتقىقاتىدا يەنە بىر مۇرەككەپلىكنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. بەزى ناملار يەرلىك تىل تەلەپپۇزىدا ئىككىگە بۆلۈنۈپ كەتكەن. مەسىلەن: جۇلا باياۋاننى ئالساق، مارالبېشى ناھىيىسىنىڭ ئاۋاتبازار، يېڭىئۆستەڭ يېزىلىرىدا «جىلۇ» دەپ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. بەزىلىرى «جەلىر»مۇ دەپ قويىدۇ. مەدەنىيەت ئورۇنلىرىدىكى ئارخىپلارغا ئاشۇ بويىچە «جەلىر» دەپمۇ يېزىلىپ قالغان. ھازىرقى ۋاقىتتا، دولان رايونلىرىدا تىلغا ئېلىنىپ كېلىۋاتقان ناملار: باش باياۋان، بوم باياۋان، زىل باياۋان، سىم باياۋان، موغال باياۋان، سامۇق باياۋان، ئۆزھال، ئەرزال، خۇدەك باياۋان، جۇلا (جىلۇ) باياۋان، دۇگامەت (دولامەت)، راك (رەك)، ناۋا، چۆل باياۋان، مۇشاۋىرەك، چۆل بۇيۇك، يەكتەك باياۋان، دۇتار باياۋان، بايات، قەمبەر، باياۋان مۇقامى قاتارلىق 22 تۈردىن ئىبارەت بولۇپ، مارالبېشى ناھىيىسىدە ئون ئىككى مۇقام، بىر سەنەم بار. بۇلاردىن دۆلەتباغ يېزىسىنىڭ سېرىغۇنۇش كەنتىدىكى ھەسەنجان توقسۇپنىڭ ساقلاپ كەلگىنى: زىل باياۋان، بوم باياۋان، سىم باياۋان، باش باياۋان (**راك**)،

جۇلا، چۆل باياۋان (مۇشاۋىرەك)، سامۇق باياۋان (ئەرزال)، خۇدەك باياۋان، ناۋا، دوگامەت، چۆل بۆيۆك باياۋان قاتارلىق 11 مۇقام، «قەمبەرخان» ناملىق بىر سەنەمدىن ئىبارەت. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇ سەنەمنىڭ مۇقەددىمىسى «قەمبەر باياۋان» دەپ ئاتالغان. تەدرىجى ئۇنىڭ مۇقام قىسمى ئەستىن كۆتۈرۈلۈپ، سەنىمى قالغان. بۇنى ئەلنەغمىچىلەر «قەمبەرخاننىڭ سازىمەن» دەپ ئاتاپ كەلگەن. بۇ نەغمە پەقەت بىرلا سەنەم بىلەن ئاخىرلىشىدۇ. مارالبېشىنىڭ ئاۋات بازىرىدىكى مۇسا ئاۋۇت ساقلاپ كەلگەن «دۇتار مۇقامى» ياكى «دۇتار باياۋان» دەپ ئاتىلىدىغان بىر مۇقام بار. مارالبېشىنىڭ تۇمشۇق چاپان كۆيدىدە ھەمەجان سىدىق ساقلاپ كەلگەن «يەكتەك مۇقامى» ياكى «يەكتەك باياۋان» دەپ ئاتىلىدىغان يەنە بىر مۇقامۇ بار. يۇقىرىقىلاردىن باشقا، مارالبېشىنىڭ ئاۋات بازىرىدا مەشرەپلەردە مۇقەددىمە قىلىنىپ كېلىۋاتقان نامسىز مۇقاملاردىنمۇ بىر قانچىسى بار. ئاۋات بازىرى مارالبېشى ناھىيىسىنىڭ ئەڭ چەت يېزىسى بولۇپ، بۇ جاينىڭ مەدەنىيىتىدە باشقا رايونلاردىن پەرقلىنىدىغان مەلۇم ئۆزگىچىلىكلەر. بار. ئوخشاش بىر خىلدىكى مۇقاملارمۇ، ئېيتىلىش جەھەتتىن باشقا رايونلاردىن پەرقلىنىدۇ. بەزى مۇقاملاردا، داپەندىلەردىن بىرى مۇقامنى باشلاپ بىرىنچى مىسراسى ئاياغلىشىش بىلەن تەڭ، چالغۇچىلارنىڭ ھەممىسى بىردەكلا يۇقىرى ئاۋاز بىلەن پەقەت بىرلا قېتىم، «يا» دەپ توۋلايدۇ. ئۇندىن كېيىن تەكرارلىمايدۇ. مۇقام ئاھاڭلىرى قىسقا-قىسقا ئېيتىلىدۇ. يەنە بەزى مۇقاملارنىڭ باش مىسراسىنىڭ تۈگىشى بىلەن باشقا مۇقاملارغا قوشۇلۇپ كېلىدىغان «ئاللا» ياكى «ئاللا، ئاللا، ئاللا» نىڭ ئورنىغا «بولا، بولا، بولا» دەپ ئاخىرلاشتۇرىدۇ. بۇ مۇقاملار ئەسلىدە دولان باياۋانلىرىنىڭ تەركىبى قىسمى بولۇپ، ئىسلامىيەتتىن كېيىن پەقەت تاللانغان «ئون ئىككى ئاچال»

(ئون ئىككى مۇقام) نىڭ قوشۇمچىلىرىنى ئۆزگەرتىپ «ئاللا» سۆزىنى كىرگۈزگەن بولسىمۇ، مەشرەپ تەركىبىگە كىرگۈزۈلمىگەن يەككە باياۋانلار بىلەن كارى بولمىغان. كېيىنكى دەۋرلەردە چەت-ياقا جايلاردىكى رايونلاردا ساقلىنىپ كەلگەن بۇ باياۋانلار مەشرەپ تەركىبىگە كىرىپ مۇقەددىمە قىلىنغان. «يا»، «بولا، بولا، بولا» دېگەن قوشۇمچىلارمۇ قەدىمدىن يېتىپ كەلگەن. ۋەھالەنكى، بۇ مۇقاملار قىسمەن جايلاردا ساقلانغان بولسىمۇ، نامى ئۆچۈپ كەتكەن. ئىزاھلاپ ئۆتۈش زۆرۈركى، يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان دولان مۇقامىنىڭ ئاتىلىپ كېلىۋاتقان نام تۈرلىرىدە ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىناملىرىنىڭ كۆرۈلۈشى دولان مۇقامى ناملىرى تەتقىقاتىدا مۇجمەللىك پەيدا قىلىسىمۇ، مۇشۇ ناملار بىلەن ئاتىلىدىغان دولان مۇقاملىرى روشەن ھالدا ياكى مەلۇم دەرىجىدە ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنىڭ ئاشۇ نامى بىلەن ئاتىلىدىغان مۇقاملىرىغا ئوخشىشىپ كېتىدۇ. بۇ ئەھۋال، ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامدىكى بەزى مۇقاملارنىڭ دولان مۇقاملىرى ئاساسىدا تەرەققىي قىلغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. بۇنىڭدەك ئوخشاشلىقنى دولان مۇقاملىرى ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامدىن قوبۇل قىلىۋالغان دەپ قاراشقا بولمايدۇ. ھالبۇكى ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقاملىرى دولان مۇقاملىرى ئاساسىدا تەرەققىي قىلغان بولغاچقا، بۇ مۇقاملارنىڭ ئەسلىدىكى ناملىرى يوقالغان ئەھۋال ئاستىدا، دولان مۇقاملىرى ئۇنىڭ تەرەققىي قىلغان باسقۇچىنىكى يېڭى ناملىرىنى قوبۇل قىلىپ قوللانغان. شۇڭلاشقا دولان مۇقاملىرىنىڭ ھەرقايسى رايونلىرىدىكى نام ئاتىلىشى ئوخشىمىسىمۇ، مۇقامنىڭ ئۆزى ئوخشايدۇ. ئاۋات ۋە مەكىت قاتارلىق رايونلاردىكى مۇقاملارنىڭ ھەممىسى نامدا مەلۇم دەرىجىدە پەرقلەنسىمۇ، ئەمەلىيەتتە، مارالبېشى ناھىيىسىدە ساقلانغان دولان ئون ئىككى مۇقامى ئارىسىدا كۆرۈلىدۇ. ئوخشىمايدىغىنى مارالبېشىدا ئۈچ مۇقام ئارتۇق.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

دولان ئون ئىككى مۇقامىنىڭ نام پەرقلىرى

1) باش باياۋان (بۇنى رەك دەپمۇ ئاتايدۇ)
2) بوم باياۋان
3) زىل باياۋان (ئاۋات ناھىيىسىدە موغال باياۋان دەپ ئاتايدۇ)
4) سىم باياۋان
5) چۆل باياۋان (سىرىغۇنۇشتا، دولان ناۋاسى دەيدۇ)
6) سامۇق باياۋان (بەزىلەر ئۆزھال دەپ ئاتايدۇ، يەنە باشقا ناملار بىلەن ئاتاشلارمۇ بار. تولۇق بىرلىككە كەلمىگەن)
7) جۇلا (مارالبېشىنىڭ يېڭىئۆستەڭ، يېڭىئاۋاتتا «جىلۇ» دەپ ئاتايدۇ. بەزىلەر «جەلىر» دەيدۇ.
8) دۇگامەت (ئاۋات ناھىيىسىدە «دولامەت» دەپ تەلەپپۇز قىلىدۇ)
9) باياۋان مۇقامى (بۇنى ئەرزال دەپمۇ ئاتايدۇ)
10) چۆل بۈيۈك باياۋان (ئاۋات ناھىيىسىدە ناۋا دەيدۇ)
11) خۇدەك (ئاۋات ناھىيىسىدە يوق)
12) دۇتار باياۋان (دۇتار مۇقامى، ئاۋات ناھىيىسىدە مۇشاۋرەك دەپ ئاتايدۇ).

دولان مۇقاملىرىنىڭ مۇنداق كۆپ خىل نام بىلەن ئاتىلىشىغا مۇنداق ئىككى مەسىلە سەۋەب بولغان بولۇشى مۇمكىن.

بىرىنچىسى، دولان مۇقاملىرى ئۇزاق تارىخقا ئىگە بولغاچقا، ئۇزاق تارىخي دەۋرلەر جەريانىدا ئۇنىڭ ناملىرى ئالمىشىپ كەتكەن ۋە ياكى بەزى ناملار ئۆچۈپ كەتكەن. مۇقام ناملىرىنى تەكشۈرۈشتە ئېيتىپ بەرگۈچىلەر ئېسىگە كەلگەنلىرىنى دەپ بەرگەن ياكى تاپالمىغان مۇقاملارنىڭ ئورنىغا ئۇيغۇر كلاسسىك مۇزىكىسى ئون ئىككى مۇقام ناملىرىدىن بىلگەنلىرىنى ئېيتىپ بىرىپ تولدۇرۇپ قويغان.

ئىككىنچىسى، مۇقامناملىرىنى دەسلەپكى قەدەمدە تەكشۈرۈپ تىزىملاش ئىشلىرى ئاددىي ئۇسۇلدا بولۇپ، بەزى مۇقاملارنىڭ ناملىرى تولدۇرۇپ قويۇلغان. ئالايلۇق، دولان مۇقاملىرىدا زىل باياۋان دېگەن نام ناھايىتى مۇھىم ئاساسقا ئىگە بولسىمۇ، ئاۋات ناھىيىسىدە ئۇنى موغال باياۋان دەپ ئاتاپ كەلگەن. ئەسلىدە بۇ مۇقام ئاۋاتقا مارالبېشى ناھىيىسىدىن كىرگەن بولۇپ، مارالبېشى ناھىيىسىنىڭ چوڭقۇرچاقتىكى موغال كەنتىدىن ئىبلاخۇن ئىسىملىك بىر مۇقامچى تەخمىنەن بۇنىڭدىن 200 يىللار ئىلگىرى ئاۋات ناھىيىسىنىڭ غورۇچۆل يېزىسىغا كۆچۈپ كېلىپ، ئاۋات، ئاقسۇ قاراتال قاتارلىق يۇرتلىرىغا زىل باياۋان مۇقامىنى تاراتقان. ئىبلاخۇن زىل بايان مۇقامىدا مەشھۇر بولغان. ئۇنىڭدىن كېيىن ئوغلى ئايۇپخان يېتىشىپ چىققان. بۇلار ئاۋاتقا يەرلىك بولمىغاچقا، ئاۋاتلىقلار ئۆز ئادەتلىرىگە ئاساسەن ئۇلارنىڭ ئەسلىدىكى يۇرتىنى فامىلىگە ئوخشاش قوللىنىپ «ئىبلاخۇن موغال»، «ئايۇپخان موغال» دەپ ئاتىغان. ئايۇپخاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئوغلى نايۇپخان، ئۇنىڭ ئوغلى ئەيسا، ئۇنىڭ ئوغلى مۇسا، ئۇنىڭ ئوغلى ئابدۇقادىر مۇسالارغا كەلگىچە ھەممىسىنىڭ ئىسمىغا «موغال» دېگەن نام قوشۇلۇپ كەلگەن. بۇ بىرقانچە ئەۋلاد كىشلەرنىڭ ھەممىسى مۇقامچىلار بولۇپ، بىر-بىرىگە ۋارىسلىق قىلىپ، زىل باياۋان مۇقامىنى ساقلاپ كەلگەن. لېكىن بۇ مۇقامنىڭ نامى تەدرىجىي ئۇنتۇلۇپ كەتكەن. مۇقام ناملىرىنى تىزىملاشتا بۇ مۇقامنىڭ ئەسلى نامىنى بىلمىگەنلىكتىن، ئاشۇ مۇقامچىلارنىڭ قوشۇمچە نامىدا (موغاللىقلار ئېيتقان مۇقام بولغاچقا)، موغال باياۋان دەپ تىزىملاپ يوللىۋەتكەن. شۇنىڭ بىلەن بۇ، دولان مۇقاملىرىدىكى بىر خىل نام بولۇپ قالغان. بۇنداق كەيپىياتلار ھازىرمۇ مەۋجۇت. بەزى ئاپتورلار ئاۋات ناھىيىسىدە «بوستان1»، «بوستان2»، «بوستان3»، «بوستان4» دېگەن يەرلىك دولان ئەلنەغمىلىرى بار، دەپ ئوتتۇرىغا قويىدى. بۇ ئەلنەغمىلەرنىڭ نامى «بوستان» ئەمەس، بەلكى «بەشئىرىق سەنمى» دېيىلىدۇ. ھازىرمۇ

شۇنداق. «بوستان مۇقامى» دېگەن نامنى شۇ جايدىكى خەلق ياكى مۇقامچىلارمۇ بىلمەيدۇ. ئەسلىدە بەشئېرىق يېزىسىدا (ئۇ يېزا 1958-يىلى ئاقسۇ ناھىيىسىدىن ئاۋات ناھىيىسىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەن بولۇپ، دولان يېزىسى ئەمەس) بۇنىڭدىن بىر قانچە يىللار ئىلگىرى ئىمىن قارلىغاچ ناملىق بىر كىشى ئۆتكەن بولۇپ، ئۇ، ئۆزىگە قوشنا بولغان ئاۋات، قارىتال قاتارلىق جايلاردىكى دولان مۇقاملىرىدىن ئۆرنەك ئېلىپ، دولان مۇقاملىرىغا يېقىنلىشىپ كېتىدىغان ئىككى-ئۈچ خىل مۇقام ئىجاد قىلغان. يېقىنقى ئىككى-ئۈچ يىلدىن بۇيان بەشئېرىق سە نىمگە قىزىققۇچىلار ئۇنىڭ ناملىرىنى سۈرۈشتۈرگەندە، بىر كىشىنىڭ — ئىمىن قارلىغاچ دېگەن كىشى بەشئېرىقنىڭ بوستان كەنتىدە ئۆتۈپتىكەن. شۇنىڭ مەھەللىسى نامىدا «بوستان» دەپ قويايلى دېگىنىگە ئاساسەن، بۇ ئالاھىدە گەۋدىلىنىپ مەيدانغا چىقىپ قالغان. بۇنداق قالايمىقانچىلىقنى باشقا مۇقام ناملىرىدىمۇ يوق دېگىلى بولمايدۇ. دولان مۇقاملىرىنىڭ ئەزەلدىن ئاتىلىپ كەلگەن ئۆزىنىڭ ناملىرى بار. بۇ ناملار شۇ مۇقامغا قەدىمدىن سىلىنىپ كەلگەن مەلۇم تېكىستلىرى بىلەن ماسلىشىدۇ. ھالبۇكى دولان مۇقاملىرىغا سىلىنغان تېكىستلەرنىڭ ھەممىسى خەلق قوشاقلىرى بولۇپ، تۇراقسىز بولسىمۇ، لېكىن ھەر بىر مۇقامنىڭ ئەزەلدىن ئۆزىدە ساقلىنىپ كېلىۋاتقان بىرنەچچە تېكىستلىرىمۇ بولىدۇ. ئۇ، جەزمەن شۇ مۇقامنىڭ تارىخىغا خاس مەلۇم ئوبرازلىق مەزمۇنلارغا ئىگە.

دولان مۇقامى ناملىرىنىڭ كېلىپ چىقىشى

دولان مۇقامى ناملىرىنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدە دولان مۇقامچىلىرىدىن ئاۋات ناھىيىسىنىڭ غورۇچۆل يېزا خاكگۈك كەنتىدە (ئەسلى مەھەللىسى ئاۋات ناھىيىسىنىڭ ئاياغ يېزا تۆۋەنكى دولان كەنتىدىن) ئۆتكەن مەشھۇر دولان راۋابچىسى ماموت زەيدىنىڭ شارگىرتى، ھازىرقى پېشقەدەم دولان راۋابچىسى مەمتاۋلا (مۇھەممەت

www.uyghurkitap.com

ئابدۇللا)راۋابىنىڭ ئىسپاتلىشىچە، تارىختا ئۆتكەن دولان مۇقامى ئۇستازلىرى شاگىرتلىرىغا ھەر بىر مۇقامنى ئۆگەتكەندە شۇ مۇقامنىڭ تارىخىنىمۇ بىرگە ئۆگىتىشنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن. بۇ خىل ئاغزاكى تارىخلارنىڭمۇ ناھايىتى مۇھىم ئاساسى بار. تەكشۈرۈش نەتىجىلىرىگە ئاساسلانغاندا، دەۋرىمىزگە يېتىپ كەلگەن دولان مۇقاملىرىنىڭ ناملىرى يىگىرمە ئىككىگە يەتسىمۇ، ئاساسلىق دولان مۇقامى ئون ئىككى بولۇپ، ئۇنىڭ ناملىرىمۇ ئون ئىككى. بۇ ناملار:

1. باش باياۋان، 2. بوم باياۋان، 3. زىل باياۋان، 4. سىم باياۋان، 5. چۆل-باياۋان، 6. سامۇق باياۋان، 7. جۇلا باياۋان، 8. دۇگامەت، 9. باياۋان مۇقامى، 10. چۆل بۈيۈك باياۋان، 11. خۇدەك باياۋان، 12. دۇتار باياۋان (دۇتار مۇقامى) قاتارلىقلاردىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ ناملارنىڭ ھەر بىرى بىر مۇقامغا مۇتلەقلىشىپ كېتەلمىگەن. بوم باياۋان، سىم باياۋان، جۇلادىن باشقا مۇقاملارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ھەر بىر جايدا بىر خىل نام بىلەن ئالماشتۇرۇپ ئاتالغان. شۇڭا بۇ ئەھۋال، بىزنىڭ دولان مۇقاملىرىنى قېزىش، رەتلەش، ناملىرىنى ئىسپاتلاش ئىشلىرىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ. تۆۋەندە دولان مۇقامى ناملىرىنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدا بىر-بىرلەپ توختىلىپ ئۆتىمەن.

1. «باش باياۋان» — «تۇنجى باياۋان» دېگەن سۆز بولۇپ، ئەڭ بۇرۇن پەيدا بولغان، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ مۇقام دەسلەپتە مۇزىكىسىز بارلىققا كەلگەن. مەلۇم دەۋرلەردىن كېيىن، يەنە باشقا مۇقام تۈرلىرى ۋە مۇزىكىلىق مۇقاملار بارلىققا كېلىپ ئومۇملاشقان. مۇقاملارنى پەرقلەندۈرۈشتە، بۇ مۇقام ئەڭ بۇرۇن پەيدا بولغانلىقى ئۈچۈن «باش باياۋان» دەپ ئاتىلىپ، ئۇنىڭ قەدىمىلىكى ئىپادىلەنگەن.

مەسىلەن:

بالا دەشتىدە ئەرۋاھ،
ئۇنىڭ ھالىنى كۆردۈم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

يېتىپتۇ داڭ سۆڭەك بولۇپ،
ئۇنىڭ مازارىنى كۆردۈم.

دېگەن بۇ تېكىست، مۇقەررەر باش باياۋان مۇقامىغا سېلىنىپ كەلگەن. بۇنىڭدا ئىپتىدائىي زامانلاردا ئادەم ئۆلسە، دەپنە قىلماي ئاشكارا تاشلىۋېتىشتەك ئادەتلەرنىڭ بولغانلىقى ئىپادىلەنگەن.

يەنە باش باياۋان مۇقامىغا:

ئىلاھا مەن باياۋاندا،
تېنەپ قالدىم بۇ جاڭگالدا.
پۇتۇمغا كۆك تىكەن تەگسە،
ئالالماي ئەقلىم ھەيراندا.

دېگەن تېكىستلەر سېلىنىپ كەلگەن. بۇنىڭدا ئىپتىدائىي دەۋرلەردىكى ئادەملەرنىڭ باياۋانلاردا ياشاپ ئۆتكەنلىكى، داۋاملىق چۆللۈك ياكى جاڭگاللاردا ئېزىپ يۈرگەنلىكى، ئۇ زامانلاردىكى ئادەملەرنىڭ بىلىم-سەۋىيىسىنىڭ تۆۋەنلىكىدىن پۇتىغا كىرگەن كۆك تىكەننى ئېلىشقىمۇ ئەقلى يەتمەي، ھەيران قالغانلىقىدەك تارىخىي ئوبرازلار ئىپادىلەنگەن.

2 . «بوم باياۋان»، 3 . «زىل باياۋان»، 4 . «سىم باياۋان» دېگەن ناملار — شۇ مۇقام راۋابىنىڭ قايسى سىمىدىن باشلانغان بولسا، شۇ سىمنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان.

دولان راۋىبى پەدە بېكىتمەي چالىدىغان كۆپ خىل ئاۋازلىق چالغۇ ئەسۋابى بولۇپ، بەزى جايلاردا ئون يەتتە تال سىم، بەزى جايلاردا ئون ئۈچ تال سىم سالىدىغان قىلىپ ياسىلىدۇ. ئون يەتتە سىملىقنىڭ يۇقىرىدىكى ئۈچ قۇلاقتا ئىككىسى بوم، بىرى زىل ئۈچ تال تار، تۆۋەنكى قىسمىدىكى قۇلاقتا ئون تۆت تال سىم ئورنىتىلىدۇ. ئون ئۈچ سىملىقنىڭ يۇقىرىدىكى ئۈچ قۇلاقتا ئىككىسى بوم، بىرسى زىل ئۈچ تال تار، تۆۋەندىكى قۇلاقلىرىغا ئون تال سىم ئورنىتىلىدۇ. ئەمما ھەر ئىككىسى ئوخشاش خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولۇپ، ئاساسىي ئاھاڭى بوم ئاۋاز بىلەن تۈزىلىدۇ. ئون

تۆت سىمدىن (ياكى ئون تال سىمدىن) يەتتە خىل ئاۋاز چىقىدۇ. باش تەرەپتىكى ئىككى خىل سىم بىرلىشىپ، نوتا ئاھاڭىدىكى «سو» نى تەشكىل قىلسا، 3-، 4-سىم بىرلىشىپ چېكىتلىك ئېگىز «دو» ئاھاڭىنى، 5-، 6-سىم بىرلىشىپ، چېكىتلىك ئېگىز «رەي» ئاھاڭىنى، 7-، 8-سىم بىرلىشىپ، چېكىتلىك ئېگىز «مى» ئاھاڭىنى، 9-، 10-سىم بىرلىشىپ، چېكىتلىك ئېگىز «فا» ئاھاڭىنى، 11-، 12-سىمى بىرلىشىپ، چېكىتلىك ئېگىز «سو» نى، 13-، 14-سىمى بىرلىشىپ، چېكىتلىك ئېگىز «لا» ئاھاڭىنى تەشكىل قىلىدۇ. ئون ئۈچ قۇلاقلىق راۋابنىڭ ئون تال سىمىمۇ، ئون تۆت سىم بىلەن ئوخشاش ئاۋاز بېرىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بولۇپ، ئەمەلىيەتتە ھەر ئىككى خىل راۋابنىڭ ئاۋاز بېرىشى پەرقلەنمەيدۇ.

بۇ راۋاب ئاساسلىق 1- تارىنىڭ ئۈستىگە چۈشكەن قولنىڭ تۆۋەنگە يۆتكىلىش خۇسۇسىيىتىگە ئاساسەن توققۇز ئاۋازغا تەڭ كېلىدىغان ۋە ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ ئاۋاز چىقىرىشتەك خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولغانلىقتىن، مۇقامنىڭ بوم تارىدىن باشلانغىنى «بوم باياۋان»، زىل تارىدىن باشلانغىنى «زىل باياۋان»، سىمدىن باشلانغىنى «سىم باياۋان» دەپ ئاتىلىپ كەلگەن.

شۇنىمۇ ئىزھالاپ ئۆتۈش زۆرۈركى، «بوم باياۋان»، «زىل باياۋان»، «سىم باياۋان» مۇقاملىرىنىڭ نامى راۋابنىڭ باشلىنىش سىملىرىغا ئاساسەن قويۇلغان دېگەنلىك يۇقىرىقى ئۈچ مۇقام بىرلا ۋاقىتتا ۋۇجۇدقا كەلگەن، دېگەنلىك ئەمەس. خەلق رىۋايەتلىرى ۋە مۇقام تېكىستلىرىدىن قارىغاندا، يۇقىرىقى مۇقاملار بىر-بىرىدىن ئىلگىرى-كېيىن ھالدا بارلىققا كەلگەن بولۇپ، ئارىلىقلىرىدا نۇرغۇن تارىخي دەۋرلەر ئۆتكەن. بوم باياۋاندىكى:

بۇ راۋاب قانداق راۋاب،
قوي تارىسى سالغان راۋاب.
ياخشى مېھمان كەپتۇ دەپ،
شۇنىڭ ئۈچۈن چالغان راۋاب.

www.uyghurkitap.com

دېگەن تېكستلەر، راۋابنىڭ سىمسىز، تارلىق چالغۇ ئەسۋابى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. بۇنىڭدىن «بوم باياۋان» مۇقامى تېخى راۋابقا سىم سېلىش كەشپ قىلىنمىغان دەۋرلەردە پەيدا بولغانلىقىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش مۇمكىن.

«سىم باياۋان» مۇقامى بولسا، راۋابقا سىم سېلىش كەشپ قىلىنغاندىن كېيىن بارلىققا كەلگەن.

5. «چۆل باياۋان» — دولانلىقلار قەدىمكى ماكانلىرىدىن كۆچۈپ، تارىم بوستانلىقىغا يېڭى كەلگەن زامانلاردا ئىجاد قىلىنغان بولۇپ، كۆچمەن دولانلىقلار يېڭى جايغا كەلگەندىن كېيىن، دەسلەپتە:

كەلمىگەن يەرگە كېلىپ داپنى سوقالمايدۇ كىشى،
چەككىلى تاماكا يوق ئۇيىنغىلى نەدە كىشى.

دەپ قوشاق قوشۇپ غەزەل ئوقۇغان بولسا، يېڭى جاينىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى، ئۇ جايدىكى توغراق، يۇلغۇنلارغا قاراپ:

خەلقى بۇ جاينى چۆل دېگەن،
چۆل ئەمەس بازار ئىكەن،
توغرىقى ئالمىغا ئوخشاش،
يۇلغۇنى مازار ئىكەن.

دەپ قوشاق قوشۇپ، بۇ مۇقامنى چۆل-جاڭگاللاردا يۇرۇپ ئېيتقان. مۇقامغا سېلىنغان قوشاقلار ناھايىتى ئوبرازلىق بولۇپ، ھەم ئەمەلىي، ھەم رىغبەتلەندۇرۇش مەزمۇنىغا ئىگە، ھەم ئۇ، چۆللۈكتە ياشاۋاتقان تارىخىي شارائىتتا پەيدا بولغانلىقى ئۈچۈن، مۇقامنىڭ نامىنى «چۆل باياۋان» دەپ ئاتىغان.

6. «سامۇق باياۋان» — ئەسلى ئاتىلىشى «ساما باياۋان». «سەمائ»، ئەرەبچە ئىشىتىش، ئاڭلاش، ناخشا-مۇزىكا، ساما، رەقس (ئۇسسۇل) قاتارلىق مەنىلەرنى بېرىشتىن باشقا، كۆك، ئاسمان قاتارلىق مەنىلەرگىمۇ ئىگە بولۇپ، قەدىمكى زامانلاردا كىشىلەر كۆكتىن ئۆزلىرىگە نىجاتلىق تىلەيدىغان بىر خىل مىللىي ئۇسۇللارنى ساما بىلەن

ئىپادىلىگەن. ئاغزاكى تارىخلارغا ئاساسلانغاندا، «ساموۇق» نامى بىلەن ئاتالغان بۇ مۇقام، ساما ئۇسسۇلىنىڭ مۇزىكىسىدا مۇقەددىمە قىلىنغان، دېگەن رىۋايەت بار①. مېنىڭچىمۇ بۇ رىۋايەت مەلۇم ئاساسقا ئىگە بولۇپ، «ساموۇق باياۋان»، «ساما باياۋان» نىڭ ئۆزگەرگەن ۋارىيانتى دەپ قاراش ئەقىلغا ئۇيغۇن.

«ساموۇق باياۋان» نىڭ بارلىققا كېلىشى ئەڭ ئۇزاق تارىخقا ئىگە بولۇپ، ئۇ، دىن بىلەن تەڭ پەيدا بولغان. «ساما» ناخشا-مۇزىكا بىلەن ئۇسسۇل ئويناپ ئېلىپ بارىدىغان مۇراسىم ئويۇنى بولۇپ، ھەرقايسى تارىخى دەۋردە شۇ دەۋرگە (شۇ دەۋرنىڭ دىنىي ئېتىقادىغا) خاس تېكىستلەر سېلىنىپ ئېيتىلىپ كەلگەن. «ساموۇق باياۋان» نىڭ تېكىستلىرىغا سېلىنىپ كېلىۋاتقان:

نادامەت ئەيلىگەن بىلەن،
ئۆلۈپ كەتكەن تىرىلمەيدۇ.
ئاھ ئۇرۇپ پەرياد چەكسەڭ،
قەبرىدىن ئاۋاز كەلمەيدۇ.

گۆرنىڭ ئىچى قاراڭغۇلۇق،
قايدىن كېلۇر يورۇقچۇلۇق.
بىچارە بولۇپ ياتقۇلۇق،
بۇ دۇنيانىڭ ۋاپاسى يوق.

خۇدانىڭ ئەمرىنى تۇتماي،
مۇسۇلمانمەن دېگەن بىلەن،
قاراڭغۇ گۆر ئازابىدىن،
قۇتۇلماقلىق بېسى مۇشكۇل.

دېگەن تېكىستلەرمۇ ئىسلامىيەتتىن كېيىن كىرگۈزۈلگەن تېكىستلەردۇر.

---

① ئاۋات ناھىيىسىنىڭ بازار ئىچىدە ئولتۇرۇشلۇق (غورۇچۆل) مەمتاۋلا راۋاب بىلەن بولغان سۆھبەت خاتىرىسىدىن پايدىلاندىم.

ئىسلامىيەتتىن تارتىپ تاكى ھازىرغا قەدەر تەرىقەتچىلەر داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتقان سۇلۇك مۇراسىمىدا، ئۇيۇن باشلىنىشتىن بۇرۇن مۇقامنى مۇقەددىمە قىلىدۇ. ئاندىن نەغمە، ئۇسسۇللىرىنى ئوينايدۇ. بۇ ھەقتە موللا مۇسا سايرامى: «...بۇ گۇرۇھنىكى كىشىلەر، ئەر-خوتۇن بىر ئۆيگە يىغىلىپ، نەغمە باشلىنىپ، ئەر-خوتۇن ئۇسسۇلغا چۈشىدىكەن. گاھى يىقىلىپ، گاھى قوپۇپ، مەست ۋە بىھوش بولۇپ، ئاغزىدىن كۆپۈك كېلىپ ھۇزۇر قىلىشىدىكەن. بۇلار ‹ھۇزۇرۇم› دەپ بىر مۇقام ئىختىرا قىلغىنىكەن. شۇنداق قىلىپ بىرنەچچە سائەتتىن كېيىن ئۇلار ھوشلىرىغا كەلگەن بولۇپ ‹ئۇھ› تارتىشىپ كۆزلىرىنى ئېچىپ ئولتۇرۇشىدىكەن. مۇنداق قىلىقنى ‹كەبىرۇيە› سۇلۇكى دەپ ئاتىشىدىكەن» ① دەپ يازغان. پاكىتلارغا ئاساسلانغاندا، بۇ مۇقام، سۇلۇكلەردە ۋە سىرتقى پائالىيەتلەردىمۇ ئىيتىلىدىغان بولغاچقا، «سۇلۇك باياۋان» دەپ ئاتالغان بولۇشىمۇ مۇمكىن. كېيىنكى ۋاقىتتا، «ساما باياۋان» «سۇلۇك باياۋان» دېگەن ناملار ئەمەلدىن قېلىپ، «سامۇق باياۋان» دەپ ئاتالغان. ھازىرقى ۋاقىتتا بۇ مۇقام، مەشرەپلەردە ئېيتىلىشىنىڭ سىرتىدا، تەرىقەتچىلەرنىڭ «جەھرىيە» سۇلۇكىدىمۇ ئېيتىلىپ كەلمەكتە.

7. «جۇلا» — مەخسۇس توي كۆچۈرۈش مۇقامىدۇر. تويدىن باشقا مەرىكىلەردە ئوقۇلمايدۇ. توي مەشرىپىدىمۇ توي ئاخىرلىشىپ، قىزنى كۆچۈرۈپ ماڭغاندىلا ئېيتىلىدۇ.

«جۇلا» سۆزى يەرلىك تىلدا زاڭاق، قۇلاق تۈۋى ئەتراپىنى كۆرسىتىدۇ. خەلق قوشاقلىرىدىكى:

گۈل قىستىم جۇلايىمغا،
يارىشىپتۇ چىرايىمغا.
سەن قىلساڭ يامانلىقنى،
مەن قويدۇم خۇدايىمغا.

---

① موللا مۇسا سايرامى: «تارىخى ئەمنىيە» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1989-يىل نەشرى 105-بەت.

دېيىلگەن جۇلا سۆزى، دەل قۇلاق تۇۋىگە قارىتىلغان. دولانلىقلارنىڭ توي كۆچۈرۈش ئادىتىدە قىزنى يىگىت ئاتقا مىنگەشتۈرۈپ ئېلىپ ماڭىدۇ. قىز بىلەن يىگىت ئاتقا مىنىپ بولغاندىن كېيىن، يىگىت قولىدىكى بىرى ئاتنىڭ جۇلاسىدىن تۇتۇپ تۇرۇپ يېتىلەپ ماڭىدۇ. يەنە بىر توپ يىگىتلەر ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن مەخسۇسلاشقان توي مۇقامىنى توۋلاپ ماڭىدۇ. شۇڭا، بۇ مۇقام ئاتنىڭ جۇلاسىدىن تۇتۇپ مېڭىش داۋامىدا ئېيتىلغانلىقى ئۈچۈن، «جۇلا» دەپ ئاتالغان. بىر ئادەم ئاتنىڭ جۇلاسىدىن تۇتۇپ يېتىلەپ مېڭىش ئادىتى دولان يىگىتلىرىنىڭ ئاتقا ئولتۇرالمىغانلىقىدىن ئەمەس، بەلكى ئىنتايىن زور، ئۇنتۇلغۇسىز بىر تارىخىي ۋەقەدىن كېيىن پەيدا بولغان. پېشقەدەملەرنىڭ دولان مۇقامچىلىرىدىن ياشانغانلارنىڭ ئاتا-بوۋا ۋە ئۇستازلىرىدىن ئاڭلىغانلىرىغا ئاساسەن رىۋايەت قىلىشىچە: دولانلىقلار يەركەن دەرياسى ۋادىلىرىدىكى قەدىمكى يۇرتلاردا ياشاپ تۇرغان زامانلاردا ئۆز دۈشمەنلىرى بىلەن ئارىدا يۈز بەرگەن بىر قانلىق ئۇرۇشتا، دۈشمەن تەرەپنىڭ قىرىق قىزنى ئەسىر ئېلىپ، دولان يىگىتلىرىگە بىر كەڭرى دالادا داغدۇغىلىق بەيگە ئۆتكۈزۈپ، تويىنى قىلىپ نىكاھلاپ بەرگەن. توي ئاخىرلاشقاندا يىگىتلەر خوتۇنلىرىنى ئاتقا مىنگەشتۈرۈپ ئېلىپ ماڭغاندا، ئاتتا ئولتۇرۇپ باقمىغان بۇ قىزلار زادىلا ئولتۇرالمىغانلىقتىن يىگىتلىرى قىزنىڭ ئىككى قولىنى قولتۇقىدىن ئۆتكۈزۈپ، قولىدا مەھكەم تۇتۇۋالغان. يىگىت قولداشلىرىدىن بىرى كېلىپ ئاتنىڭ جۇلاسىدىن تۇتۇپ يېتىلەپ ماڭغان. يەنە بىر توپ يىگىتلەر قىز بىلەن يىگىتنىڭ ئارقىسىدىن ئۈزىتىپ ماڭغاندا، يەرلىك ئۆرپ-ئادىتىنى بىلمىگەن بۇ قىزلارنىڭ ئۈنلۈك ئاۋازدا يىغلىماي ماڭغانلىقىنى كۆرۈپ ھەيران بولۇپ:

ژىگىلاڭ، ھەي ژىگىلاڭ ھەر يەردە بار،
بىر ياخشىغا بىر يامان ھەر يەردە بار.

دەپ بىر تەرەپتىن ئۇلارنىڭ تەقدىرگە تەن بېرىشىگە تەسەللى بەرسە، ئاخىرىدا:

ئاپتۇۋىدا سۇ قويسا قايىنمايدىكەن،
يۈزى قىلىن قىز بالىكەن يىغلىمايدىكەن.

دەپ مەسخىرە قىلىپ قوشاق قوشۇپ، مۇقام توۋلاپ ماڭغان. قىزلار يىگىتنىڭ ئۆيىگە يېتىپ بارغاندا، ئۆيلىرىگە باشلىسا، يات كۆرۈپ كىرگىلى ئۇنىمىغان. قىزنىڭ غەم-قايغۇسىنى كۆتۈرۈش ئۈچۈن، مەشرەپ قىلىپ، ئۇسسۇلغا تەكلىپ قىلسا، نەغمە بىلەن كارى يوق ئۆزلىرىنىڭ ئۇسسۇللىرىنى ئوينىغان. بۇنىڭغا قارىتا يىگىتلىرى قوشاق قوشۇپ:

بىزمۇ قىز ئالدۇق دەرد بىلەن ئەلەمگە،
ئەپكىلىپ باشلىساق، كىرمىدى گىرەمگە ①.
دولانغا داپ چالساق. ئوينىدى سەنەمگە،
بىز بۇنى دەيلى ئاتام بىلەن ئىنەمگە.

دېگەن قوشاقنى پەيدا قىلغان.

ئىلگىرىدىن تارتىپ «ژىگىلاڭ» دەپ ئاتالغان بۇ توي كۆچۈرۈش مۇقامى (مارالبېشى ناھىيىسىنىڭ ئاقسامارال، چىغانچۆل قاتارلىق يېزىلىرىدا ھازىرمۇ «ژىگىلاڭ» دەپ ئاتىلىدۇ.) ئاشۇ قىرىق قىزنىڭ تويىدىن كېيىن «جۇلا» دېگەن نامغا ئۆزگىرىپ، ئۆرپ-ئادەت جەھەتتىمۇ بۇ داغدۇغىلىق تويىنىڭ تەسىرىدە بورۇلۇش ھاسىل بولغان. ئۇندىن كېيىن قىز كۆچۈرگەندە يىگىت قىزنى ئاتقا مىنگەشتۈرۈپ ئىككى قولىنى مەھكەم تۇتۇپ ئېلىپ مېڭىش، بىر يىگىت ئاتنىڭ جۇلاسىدىن تۇتۇپ يېتىلەپ مېڭىش، بۆلەك يىگىتلەر ئاتلىق مۇقام توۋلاپ قىز-يىگىتنى ئۆيىگىچە ئۇزىتىپ بېرىپ، ئاخشىمى يىگىتنىڭ ئۆيىدە مەشرەپ ئۆتكۈزۈش قاتارلىقلار، كەم بولسا بولمايدىغان رەسمىيەت سۈپىتىدە ئۆرپ-ئادەتكە ئايلىنىپ كەتكەن. توي ئۆتكۈزۈلگەن جاي ھازىر «قىرىق قىز دالاسى» دېگەن ئىسىم

---

① گىرەم — يەرنى كولاپ ياسىغان ۋاقىتلىق ئۆي، يەنى گەمە.

بىلەن ئاتىلىپ، يەر نامى بولۇپ كەلمەكتە ①.

8. «دۇگامەت» — «دۇئامۇقامى» دېگەندىن ئۆزگەرگەن بولۇپ، تىل نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا دولانلىقلار «دۇئا» نى «دۇگا» دەيدۇ. ئاغزاكى تارىخلارغا ئاساسلانغاندا، مەۋلانا جالالىددىن شەھرى كېتىكتىن چىقىپ ئاقسۇنىڭ ئايكۆل تەرەپكە ماڭغاندا ① يول ئۈستىدە يەركەن دەرياسى ۋادىلىرىدىكى دولانلىقلار يۇرتىغا چۈشۈپ قونغان. دولانلىقلار مېھماندوست كىشىلەر بولغاچقا، مەۋلانا جالالىددىننى قىزغىن كۈتۈپ، ئاخشىمى مۇقام-مۇزىكا بىلەن بەزمە ئويۇشتۇرۇپ بەرگەن. دولانلىقلارنىڭ مۇقام-كۈيلىرى مەۋلانا جالالىددىن كېتىككە بەكمۇ يېقىپ كەتكەن. ئۇ خۇشال بولۇپ، بۇ مۇڭلۇق كۈي، مۇزىكىلارنىڭ راۋاجىنى تىلەپ دۇئا قىلغان. بۇ مۇقام ئۇلۇغ زاتنىڭ دىلىنى ئېرىتىپ زوقىنى قوزغاپ، دۇئاسىغا ئېرىشكەنلىكى ئۈچۈن، شۇندىن باشلاپ «ئۇلۇغلارنىڭ دۇئاسىغا ئېرىشكەن» دېگەن مەزمۇن بىلەن «دۇئا باياۋان» دەپ ئاتالغان. يەنى يەرلىك تىل بىلەن «دۇگا باياۋان» دەپ تەلەپپۇز قىلىنغان. كېيىنكى چاغدا تەدرىجىي ئۆزگىرىپ، «دۇگامەت» دەپ ئاتىلىپ قالغان.

---

① «قىرىق قىر دالاسى» ئاۋات ناھىيىسىنىڭ جەنۇبىي ئېرىتورىيىسىدىكى قەدىمكى دولانلىقلار ياشاپ ئۆتكەن بىر تۈزلەڭلىكنىڭ نامى. غورۇچۆل يېزىسىنىڭ تەۋەلىكى.

② مەۋلانا جالالىددىن — مەۋلانا جالالىددىن ئەبۇ ھەفس كەبىر بۇخارىنىڭ ئەۋلادى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

مىلادىيە 1219-يىلى چىڭگىزخان بۇخارانى قىرغىن قىلغان چاغدا، خوجا ھەفس كەبىر بۇخارىنى شاھادەتكە يەتكۈزۈپ، ئەھلى-ئەۋلادىنى سۈرگۈن قىلىپ، ئۆز يۇرتى بولغان قاراقۇرۇم ۋە كىرورەن دېگەن جايغا ھەيدىگەن. تەخمىنەن ئالتە-يەتتە ئەۋلاددىن كېيىن، مەۋلانا جالالىددىن دەۋرىگە كەلگەندە «شەھرى كېتىك» كە كۆچۈپ كەلگەن. شەھرى كېتىكنى قۇم باسقاندا (مىلادى 1348—1349-يىللار) مەۋلانا جالالىددىن كىچىسى ئۇخلىماي بىرنەچچە مۇرتلىرى بىلەن بىرنەچچە كۈن يول يۈرۈپ، دولان يۇرتىنى بېسىپ ئۆتۈپ، ئاقسۇنىڭ «ئايكۆل» دېگەن يېرىگە كېلىپ تۇرۇپ قالغان. ئۇنىڭ مازىرى «ئايكۆل مەۋلانا» نامى بىلەن ئاتىلىپ كەلگەن.

www.uyghurkitap.com

9• « باياۋان مۇقامى » ـــ بەزى جايلاردا بۇنى « خۇدەك » دەپمۇ ئاتايدۇ. « باياۋان مۇقامى » دېگەن. ئىككى تەگداش ئاتالغۇنىڭ قوشۇلۇشى بولۇپ، « باياۋان » دېگەننىلا ئاتاش كۇپايە. بۇ نام پەقەت دولان كۆيلىرى گۇرۇپپىسىنىڭ ئومۇمي ناملا بولۇپ، « باياۋان مۇقامى » نىڭ ئەسلى ئاتىلىشى « يەكتەك باياۋان » (يەككە باياۋان) دېگۈچىلەرمۇ بار. مارالبېشى ناھىيىسىنىڭ تۇمشۇق « چاپان كۆيدى » دە ئۆتكەن مەشھۇر دولان مۇقامچىسى (تالانتلىق دولان مۇزىكانتى) سىدىق ساقالنىڭ ئوغلى ھەمەجان (مۇقام، راۋاب، قالۇن، غىجەك، داپ قاتارلىقلاردا يۇقىرى ماھارەت ئىگىسى) بۇ ھەقتە: « دادام ھايات چېغىدا ‹ باياۋان مۇقامى › نىڭ نامىنى ‹ يەكتەك باياۋان › دەپ تەلىم بەرگەنىدى، مەن شۇ نامنى قوللىنىپ كەلدىم » دەيدۇ. يەنە بەزىلەر: « باياۋان مۇقامى » يالغۇز مۇقام، ئۇنىڭغا ئىسلامىيەتتىن كېيىن ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈلۈپ، تېكىستلىرىگىمۇ دىنىي قوشاقلار سىڭدۈرۈلگەن. دىنىي سۇرۇنلاردىمۇ چەكلىمىگە ئۇچرىمىغان. بۇ مۇقامنىڭ ئاخىرىغا ئىسلامىيەتتىن بۇرۇن « ئاھ جېنىم »، « ئاھ خېنىم » قوشۇلۇپ ئېيتىلاتتى. مەسىلەن:

جاھىلىيەت دەۋرىدە:
ئاق ئالمىنىڭ شېخىدەك،
ئېگىلەمسەن ئاق جۇۋان، ئاھ جېنىما-ئاھ خېنىما،
ئىچىمدىكى دەردىمنى،
سەن بىلەمسەن ئاق جۇۋان، ۋاي جېنىما-ۋاي خېنىم.

دەپ ئوقۇغان بولسا، ئىسلامىيەتتىن كېيىن « جېنىم »، « خېنىم » لارنى ئېلىپ تاشلاپ ئورنىغا « ئاللا » نى كىرگۈزۈپ:

ئاق ئالمىنىڭ شېخىدەك،
ئېگىلەمسەن ئاق جۇۋان، ئاللا يەي-ئاللا،
ئىچىمدىكى دەردىمنى،
سەن بىلەمسەن ئاق جۇۋان ئاللايەي - ئاللا.

دەپ ئوقۇغان. شۇنىڭدىن باشلاپ « ئاللايەي-ئاللا » قوشۇمچىسى

مۇقامدا كەم قالدۇرمايدىغان مۇھىم تەركىب بولۇپ قالغان، دەيدۇ. مېنىڭچە، بۇ ھەر ئىككى قاراش مەزمۇن جەھەتتىن بىر-بىرىگە يېقىن بولۇپ، ئەينى چاغدا، بۇ مۇقامغا دىنىي تۈس بېرىپ چەكلىمە يەدىغان ئىمتىيازغا ئېرىشكەنلىكى ئۈچۈن، كىشىلەر ياكى مۇزىكانتلار تەرىپىدىن «يالغۇزلا ئىمتىيازغا ئىگە مۇقام» دېگەن مەزمۇندا (ياكى ئىسلاھ قىلىنغان يالغۇز بىرلا مۇقام) «يەككە مۇقام» ياكى «يەكتەك مۇقام» دەپ ئاتالغان بولۇشىمۇ مۇمكىن.

10. «چۆل بۆيۈك باياۋان» — مەلۇمكى «چۆل بۆيۈك» دېگەن «پايانسىز» ياكى «بىپايان چۆللۈك» دېگەن سۆز بولۇپ، «چۆل بۆيۈك باياۋان» — «پايانسىز چۆللۈكتىكى مۇقام» دېگەن بولىدۇ. بۇ مۇقام «چۆل باياۋان» مۇقامى بىلەن تولىمۇ ئوخشايدۇ. چۆل باياۋان مۇقامىغا سېلىنغان تېكىستلەردە، چۆللۈكنىڭ كەلگۈسىگە ئۈمىدۋارلىق بىلەن قاراپ، جاڭگاللىق بازارغا، ئورمانلىرىنى ئۇلۇغۋار مازارغا ئوخشىتىپ، ئوبرازلىق ھالدا مەدھىيىلەيدۇ. چۆل بۆيۈك مۇقامىدا بولسا، تامامەن ئۇنىڭ ئەكسىچە مەزمۇندىكى قوشاقلار سېلىنغان بولۇپ، دولانلىقلار ماكانلاشقان بۇ كەڭرى دىيارنىڭ ئىنتايىن زېرىكىشلىك ئوبرازلىرى ئىپادىلەنگەن. مانا بۇ ئىككى مۇقامنىڭ پەيدا بولۇش دەۋرى يىراق-يىراق بولۇپ، چۆل باياۋان مۇقامى دولانلىقلار يېڭى ماكانىنىڭ ھەر جەھەتتىكى جۇغراپىيىلىك ئەۋزەللىكىگە ئاساسەن بارلىققا كەلگەن بولسا، مەلۇم دەۋرلەردىن كېيىن دولان كىشىلىرىنىڭ بەزىلىرى ئۈچۈن ناھايىتى زېرىكىشلىك بىلىنگەن. ئۇلار ھەر خىل تەبىئىي، ئىجتىمائىي قىيىنچىلىقلارغا، مىللىي زۇلۇملارغا دۇچ كېلىپ، يۇرتلىرىنى تاشلاپ كېتىش دەرىجىسىگە يەتكەن. شۇڭلاشقىمۇ ئۇلار ئانا يۇرتلىرىدىن ئايرىلغىنىغا ھەسرەت چېكىپ:

باياۋان چۆللىرىڭدىن مەن،
قاچان چىقاي بۇ راھەتكە؛
يۇرىكىم سۇ بولۇپ ئاقتى،
سەندىن ئايرىلغان نادامەتكە.

چۆل-باياۋاندىن چىقىپ،
سۇ-سۇنى كۆرگەن بارمىدۇ؟
ياخشى ياردىن ئايرىلىپ،
سەۋدايى بولغان بارمىدۇ؟

دەپ قوشاق قوشۇپ مۇقام توۋلاپ، خەلقلەر ئۆزلىرىنىڭ ۋەيرانچىلىق هالىتىدىكى تارىخىي ئوبرازلىرىنى، يۇرتىغا بولغان ئۇنتۇلماس مېھىر-مۇھەببىتىنى ئىپادىلىگەن. دولانلىقلار ئۆز يۇرتلىرىدىن ئايرىلىش ۋاقتىدا، چۆللۈكتىكى توغراقلارنىڭ ئالتۇندەك سارغىيىپ تۇرغان ياپراقلىرىنىڭ باياۋاننى باغقا ئوخشىتىپ تۇرغان ئوبرازلىرىنى تەسۋىرلەپ:

سېرىق سەبدە تولۇن ئايدەك،
يۈزۈڭگە نۇر ياراشىپتۇ.
سېنىڭ ئوت پىراقىڭدا،
يۈرەككە ئوت تۇتاشىپتۇ.

دەپ قوشاق قوشۇپ مۇقام توۋلاپ، ئانا يۇرتى بىلەن خوشلاشقان. شۇنىڭدىن باشلاپ، بۇ قوشاقلار چۆل بۆيۈك مۇقامىغا مۇقىملىشىپ قالغان. مانا بۇلار ئىنتايىن مول مەزمۇنلارغا ئىگە بولۇپ، خەلقنىڭ يۈرەك سۆزلىرى بولغاچقا، خەلق ئارىسىغا تېز تارقىلىپ كەتكەن. مۇقام تېكىستلىرىنىڭ مەزمۇنلىرىمۇ، مۇقامنىڭ نامى بىلەن ناھايىتى ماسلىشىدۇ. بۇ مۇقام ۋەيران بولغان خەلق يۇرتىدىن ئايرىلىپ چۆللۈكنى بېسىپ، يۇرت ئىزدەپ كېتىۋاتقاندا ئېيتىلغانلىقى ئۈچۈن، بۆيۈك چۆل ياكى چۆل بۆيۈك باياۋان دەپ ئاتىلىپ دولان كۆيلىرى گۇرۇپپىسىدىن مۇھىم ئورۇن ئالغان.

11. «خۇدەك باياۋان» — خۇدەك دېگەن بىر ئادەمنىڭ ئىسمى بولۇپ، رىۋايەت قىلىنىشىچە، قەدىمكى ۋاقىتتا نۇربېيىت ئىسىملىك بىر كىشى بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈچ ئوغلى بولغان. ئەڭ كىچىك ئوغلىنىڭ ئىسمى خۇدەك بولۇپ، نۇربېيىت ئىجاد قىلغان بىر مۇقامنى خۇدەك ئېيتىپ تاراتقان. شۇڭا، بۇ مۇقامنىڭ نامى خۇدەكنىڭ نامىدا ئاتالغان. خۇدەك ھەققىدىكى رىۋايەتلەر مارالبېشى، مەكىت ناھىيىلىرىدە تارقالغان. خۇدەك مۇقامىدىمۇ يۇقىرىقى ئىككى ناھىيىدىلا

www.uyghurkitap.com

بار (ئاۋات ناھيىسىدە كۆرۈلمەيدۇ). بۇنىڭدىن قارىغاندىمۇ، يۇقىرىقى رىۋايەتنىڭ ئەقلىگە ئۇيغۇن ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ.

12. «دۇتار باياۋان»، بۇ مۇقام قەدىمدىن تارتىپ، ئائىلە سورۇنلىرىدا دۇتار بىلەن ئورۇندىلىپ كەلگەن. ياشانغانلار بىرەر ئائىلىگە توپلىشىپ دۇتار بىلەن مۇقام ئاڭلاپ، ئىچ پۇشقى چىقىرىشقان. شۇ سەۋەبتىن «دۇتار بىلەن ئورۇندالغان باياۋان» دېگەن مەنىدە «دۇتار باياۋان»، كېيىنكى ۋاقىتتا «دۇتار مۇقامى» دەپ ئاتالغان. ئۇنىڭ ئاھاڭلىرى ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقام ئاھاڭلىرىغا ئوخشىشىپ كېتىدۇ. تېكىستلىرىگە:

چىقماڭ سۇلايمان تەختىگە،
چوڭ بولما ئالەم خەلقىگە.
ئاخىر كىرەر يەر قەرىگە،
بۇ دۇنيانىڭ پايانى يوق.

دۇنيانى دەپ چۆللەر كېزىپ،
بەلگە توروزاڭنى ئېسىپ.
ئاخىر ياتارسەن گۆردە سېسىپ،
بۇ دۇنيانىڭ پايانى يوق.

ھەقتائالا ئەمىر قىلدى،
سەجدە قىل ئادەمگە دەپ.
سەجدە قىلغان قۇللۇرۇڭغا،
جەننەتتە مېھمان ئەيلىدى.

ئاتمىشتىن ئۆتتى يېشىڭ.
ئۆلۈم بىلەن كېڭىشىڭ
گۆردە ياتار يالغۇز بېشىڭ،
بۇ دۇنيانىڭ پايانى يوق.

خۇدۇيۇما - خۇدۇيۇم،
ئاسماندا ئەيسا بارمىدۇ؟
خۇدۇيۇمنىڭ ئالدىدا،
مەندەك گۇناھكار بارمىدۇ؟

بېھىش دەيدۇ، دوزاخ دەيدۇ،
مېنىڭ قايسى ماكانىمدۇر.
ئەگەر رەھىم ئەيلىسەڭ ئاللا،
بېھىش مېنىڭ ماكانىمدۇر.

خۇدايا مەن خاتا قىلدىم،
بۇ جانىمغا جاپا قىلدىم.
يامان ئىشنى تولا قىلدىم،
نېچۈك قىلغايمەن يا ئاللا.

ئاتام مەككە - ئانام مەككە،
تۇغۇلدۇم بىر كۈن ئۆلمەككە.
ئىلاجىم يوق تىرىلمەككە،
قارا يەرگە كۆمۈلمەككە.

ئېلىپنى يادا قىلماقنى،
كالامۇللادىن ئۆگەندىم.
شېھىت قېنىنى تۆكمەكنى،
بىسمىللادىن ئۆگەندىم.

ئانامنىڭ قانىدا ئەردىم،
مېنىڭ رىسقىمنى يەتكۈزدۈڭ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر تور بېكىتى

سىنىڭدەك مېھرىبانىمغا،
پىدا ئەيلەي بۇ جاننى.

بىر كۈن بولار قاتتىق كېسەل،
داۋا بولۇر ناۋات-ھەسەل.
جان ھەلقۇمغا كەلگەن كۈنى،
زەھەر بولۇر ناۋات-ھەسەل.

دېگەنگە ئوخشاش تېكىستلەرنى سىلىپ، باشقا مۇقاملاردەك ئىككى كۈپلېت بىلەن تاماملىماستىن مۇقامچى ئۆزى بىلىدىغان دېنىي تۈستىكى تېكىستلەرنىڭ ھەممىسى تۈگىگىچە، ھەتتا بىرەر سائەتكىچە داۋاملاشتۇرىدۇ. مۇقامچى كۆپىنچە ھالدا مۇقامنى يىغلاپ تۇرۇپ ئېيتىدۇ. ئۇنىڭ تەسىرىدە سورۇن ئەھلىمۇ يىغلاپ تاشلايدۇ. مۇشۇنداق ئىككى-ئۈچ سائەت داۋاملاشقاندىن كېيىن، نەغمە قىسمى باشلىنىدۇ. بۇ چاغدا سورۇندىكىلەرنىڭ غەمكىن كەيپىياتلىرى ئۆزگىرىپ خۇشاللىق باسقۇچىغا ئۆتۈپ، ئۇسسۇل ئوينىشىدۇ. دۇتار باياۋاننى خەلق ناھايىتى ياخشى كۆرىدۇ. شۇڭا كۆپچىلىكنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، مەشرەپلەردىمۇ ئېيتىلىدۇ. بۇ مۇقامنى مارالبېشىنىڭ ئاۋات بازىرىدىكى مۇسا ئاۋۇت ئەڭ تەسىرلىك ئېيتىدۇ. دۇتار باياۋاننى مەشرەپلەردە ئېيتقاندىمۇ، مۇقەددىمىنى ئاز دېگەندە يېرىم سائەت ئەتراپىدا داۋاملاشتۇرۇپ، ئاندىن كېيىن نەغمىگە چۈشىدۇ. شۇڭا بۇنى «داستان مۇقامى» دەيمۇ ئاتاپ، داستانلارنى تېكىست قىلىشىدۇ.

2. دولان مۇقامى تېكىستلىرى ۋە ئۇنىڭ تارىخىي مەزمۇنى

دولان مۇقامىنىڭ تېكىستلىرى ئاساسەن خەلق قوشاقلىرىدىن ئىبارەت بولۇپ، قىسمەنلىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ھەربىر مۇقام ياكى

مۇقام بۆلەكلىرى ئۈچۈن مۇقىملىشىپ كەتكەن تېكىست يوق. مۇقامنىڭ ئېيتىلىش ئورنى، ئېيتقۇچىنىڭ كەيپىياتى ۋە مۇقامچىنىڭ بىلىدىغان قوشاق بايلىقىغا قاراپ، مۇقامنىڭ تېكىستلىرى ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ.

دولان مۇقامى پەقەت دولان مەشرىپىدىلا ئوقۇلىدىغان خاس مۇقام ئەمەس. دولان مەشرىپىدە مۇقەررەر ئېيتىلىشتىن باشقا، كىشلەر كۆپىنچە يالغۇز هالدا كېچىلىرى يول يۈرگەندە، هارۋا هەيدەپ جاڭگاللارغا ئوتۇنغا ماڭغاندا، سۇ ياقىلاپ يالغۇز يۈرگەندە، يايلاقلاردا، سەپەر ئۈستىدە، ئاساسەن ئائىلىدىن ئايرىلىپ چىقىپ يالغۇزلۇق ياكى غېرىبلىق ھېس قىلغان چاغلىرىدا ئىچ پۇشقىسى چىقىرىش ئۈچۈن، يۇقىرى ئاۋاز بىلەن مۇقام توۋلاپ، ئۆزىدىكى غەم-قايغۇ ۋە قورقۇش-ئەندىشىلەرنى يوقىتىشقا تىرىشىدۇ. ئوتۇنچىلار جاڭگالغا ئوتۇنغا ماڭغاندا 40-50 هارۋىلىقلار بىر توپ بولۇپ، تۆت-بەش كۈنلۈك سەپەر جەريانىدا، كېچىلىرى ئۇخلاپ قېلىپ يولدىن ئادىشىپ كەتمەسلىك ئۈچۈن، ھەم كېچە تۈننى ئاسان ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن، ئۇلاردىن بىرى مۇقام توۋلاپ ماڭىدۇ. باشقىلار ئۇنىڭدىن ھۇزۇر ئېلىپ ئۇخلىماي تىڭشاپ ماڭىدۇ. هارۋىكەش مۇقاملىرى بىر نەچچە سائەت، هەتتا بىر كېچە تاڭ ئاتقۇچە داۋاملىشىدۇ. بۇنىڭدا شۇ ئادەم بىلىدىغان قوشاقلارنىڭ هەممىسى ئېيتىلىپ، بىر ئاهاڭغا سالغان تېكىستنى ئىككىنچى ئاهاڭ باشلانغاندا، تەكرار سېلىۋېرىدۇ.

خەلق قوشاقلىرىدىكى ھەر بىر قوشاق ئۆز ئالدىغا بىر مەزمۇننى ئىپادىلەيدىغان بولغاچقا، بىر قوشاق ئالدى-كەينىدىكى قوشاق بىلەن باغلانمىسىمۇ بولىۋېرىدۇ. مۇقام تېكىستلىرىدە قوشاق مىسرالىرىدىكى بوغۇملارنىڭ ئوخشاش بولۇشىنىمۇ تەلەپ قىلمايدۇ. بوغۇمنىڭ ئارتۇق-كەملىرىنى مۇقام قوشۇمچىسىدىكى «ئاللا-ئاللا!» (تۆت بوغۇم)، «ئاللايەي-ئاللا!» (بەش بوغۇم) سۆزى بىلەن تولۇقلاپ، ئاهاڭغا چۈشۈرۈۋېرىدۇ. مەسىلەن:

قاراقاشىم بار مېنىڭ،
قوشۇما قاش لازىم ئەمەس.

بىر ئاداشىم بار مېنىڭ،
ئىككى ئاداش لازىم ئەمەس.
دېگەن تېكستنىڭ 1-، 3-مىسرالىرى يەتتە بوغۇملۇق، 2-، 4-مىسرالىرى سەككىز بوغۇملۇق بولۇپ، بۇنى مۇقامغا سالغاندا:
قاراقاشىم بار مېنىڭ؛ ئاللايەي-ئاللا!
قوشۇماقاش لازىم ئەمەس، ئاللا-ئاللا،
بىر ئادىشىم بار مېنىڭ؛ ئاللا يەي-ئاللا!
ئىككى ئاداش لازىم ئەمەس؛ ئاللا-ئاللا.
دەپ ئوقۇلۇپ، ھەممىسى ئوخشاش 12 بوغۇمدا تەڭشىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن مۇقام تېكىستلىرىنىڭ بايىلقى تېخمۇ كۆپىيىپ، مەزمۇنلىرى كەڭ ۋە چوڭقۇرلىشىدۇ. ۋەھالەنكى، مۇقام تېكىستلىرى تۇراقسىز بولۇپ، ھەرقانداق خەلق قوشاقلىرىنى دولان مۇقامى ۋە ئۇنىڭ بۆلەكلىرىنىڭ ئاھاڭىغا چۈشۈرگەندىمۇ، مۇقام تېكىستلىرىنىڭ مەزمۇنى ئەمەلىي كەيپىياتقا ماسلىششى نۇقتا قىلىنىدۇ. مۇقام تېكىستلىرى ئوبرازلىق ھەم بەك تەسىرلىك بولۇپ، ئىجتىمائىي كەيپىياتقا تېز تەسىر قىلىدىغان بولغاچقا، مۇقامغا سېلىنغان قوشاقلارمۇ، كىشىلەرنىڭ ئىستېتىك ئارزۇسىغا مۇۋاپىق تاللىنىدۇ. مۇقام تېكىستلىرىنىڭ مەزمۇنى مۇقامنىڭ ئېيتىلىش ئورنىدىكى بەدىئىي ھەۋەسكە مۇقەررەر ماسلىششى كېرەك. ئالايلۇق، دولان مۇقاملىرى — مەشرەپ مۇقامى، ھارۋىكەشلەر مۇقامى، سەپەر مۇقامى، يايلاق مۇقامى، كېچىدىكى يالغۇزلۇق مۇقامى ۋە باشقىلار بولۇپ بىرنەچچە ئورۇن خاراكتېرىگە ئىگە. بۇلاردىن:
مەشرەپ مۇقامىدا، مەشرەپنىڭ باشلىنىشىدىكى مۇقامنىڭ مۇقەددىمە قىسمىغا سېلىنغان تېكىست بىلەن ئۇسسۇللۇق نەغمە قىسمىدىكى بۆلەكلىرىگە سېلىنغان تېكىستلەرنىڭ مەزمۇنلىرىمۇ بىر-بىرىدىن زور دەرىجىدە پەرقلىنىپ، مەشرەپتە ئىككى خىل كەيپىيات ھاسىل قىلىدۇ. مۇشۇ ئارقىلىق مەشرەپنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرىدۇ. مەشرەپ — تەرتىپ ئىنتىزامى قاتتىق، ۋاراڭ-چۇرۇڭ، قالايمىقانچىلىقنى قاتتىق چەكلەيدىغان ئويۇن-تاماشا مەيدانى

www.uyghurkitap.com

بولۇپ، مەشرەپتە ئالدى بىلەن مۇقام مۇقەددىمە قىلىنىپ، ئۇنىڭغا:

ئۆلۈم دەيدۇ-ئۆلۈم دەيدۇ،
ئۆلۈمنىڭ نۆۋىتى يوقتۇر،
ئۆلۈمگە رۇسلىغان جايىنىڭ،
ئىشىك تۈڭلۈكى يوقتۇر.

ئۆلۈپ كەتسەك بۇرادەرلەر،
ئۆلۈپ كەتتى دېمەس ھېچكىم،
جىنازامنى كۆتۈرگەندە،
يىغامنى يىغلىماس ھېچكىم.

جاھانغا پادىشاھ بولساڭ،
ئۆلەرسەن ئاقىۋەت بىر كۈن،
ياقاسى يوق تونىنى كىيىپ،
ياتارسەن ئاقىۋەت بىر كۈن.

نادامەت ئەيلىگەن بىلەن،
ئۆلۈپ كەتكەن تىرىلمەيدۇ،
ئاھ ئۇرۇپ يەرياد چەكسەڭ،
قەبرىدىن ئاۋاز كەلمەيدۇ.

جانىنغۇ بەردى خۇدايىم،
بىر كۈن ئامانەت ئالىدۇ،
مىڭ بىر مۇشەققەتلەر بىلەن،
سالغان ئىمارەت قالىدۇ.

ئۆلەرمەنمۇ، كۆيەرمەنمۇ،
ئۆزۈمنى چاغلىيالمايمەن.

ياخشى-يامان گۇناھ قىلدىم،
ئەقىدە باغلىيالمايمەن.

خۇدايا ئول خۇداۋەندە،
ئەجەپ ئادەم بەنا قىلدىڭ.
يارالغان ئادىمزاتنى،
ئۆلۈمگە ئاشنا قىلدىڭ.

بىر قويۇم ئىككىنى تۇغدى،
كۆرۈڭ ئۇنىڭ قوزاسىنى.
كىم يامانلىق ئەيلىسە،
ئاللا بىرۇر جازاسىنى.

ئەجەب روشەن قىلاي دەيدۇ،
سەھەر ۋاقىدا ئىچكەن چاي.
«بىھىش» دەيدۇ «دوزاخ» دەيدۇ،
ئۇنىڭ ئىچىدە يۈزمىڭ جاي.

ئۆلۈپتۇ خەستە كۆڭلۈم.
غەم بىلەن ھەرگىز تىرىلمەس.
ئۇرۇپ مەن يەرياد چەكسەم،
قەبرىدىن ئاۋازى كەلمەس.

كىمكى ئۆلمەستىن بۇرۇن،
يەتمەس بۇ جانىنىڭ قەدرىگە.
كىم ئۆلۈر ھالەتكە يەتسە،
شول يېتەر جان قەدرىگە.

دەردكە دەرد بەرگەن خۇدا،
دەردمەنگە دەرد بەرگەن خۇدا.
دەردلىرىمنى ئازكەن دەپ،
تۆپلەپ بەرگەن خۇدا.

دېگەنگە ئوخشاش ئەڭ تەسىرلىك، مەزمۇنى بىۋاستە يۈرەكتە تېگىدىغان پەند-نەسىھەت خاراكتېرلىق قوشاق ياكى غەزەللەردىن ئېلىنغان پارچىلارنى ئوقۇپ، مەشرەپ ئەھلىگە ئىنسانىيەتنىڭ بېشىغا كېلىدىغان ياخشى-يامان كۈنلەرنىڭ ھەممىسنى ئەسلىتىش ئارقىلىق قاتتىق تەسىرلەندۈرۈپ، مەشرەپ سورۇنىدا گويا ئادەم يوقتەك جىمجىتلىق كەيپىياتى ھاسىل قىلىدۇ.

مۇقامنىڭ مۇقەددىمىسى تۈگەپ ئۇسسۇللۇق نەغمە قىسمىغا ئۆتكەندە مۇقام بۆلەكلىرىگە سىڭىنغان تېكستلەرنىڭ خاراكتېرى بىردىن ئۆزگىرىپ، مەزمۇنى روشەن، شوخ ھېسسىياتلىق، كىشلەرنى غەم-قايغۇ، ھەسرەت-نادامەتتىن خالاس قىلىپ كۈلكە ـەيدا قىلىدىغان باسقۇچقا ئۆتىدۇ:

سوپىياڭ سېرىق بولۇر،
يول ياقىسى تېرىق بولۇر.
ئىككى يار تۇتقان جېنىمنىڭ،
چىرايلىرى سېرىق بولۇر.

پاقا كېرىلىپ يىلان بولالماس،
قېرى ياسىنىپ جۇۋان بولالماس.

پاقىنىڭ كېرىلگىنى،
ئەسلا يىلانغا ئوخشىماس.
قېرىنىڭ نازلانغىنى،
ئەسلا جۇۋانغا ئوخشىماس.

بىر تاغارغا سولۇدۇم
ئەللىك-ئاتمىش ھېرىنى.
گەپ-سۆزۈمگە كىرمىسە،
قوڭغا تەپتىم قېرىنى.

ئالالمىغان توكۇر قۇشلىرىڭدىن،
ھاۋادىكى مادا ياخشى.
بىر كۆڭلەك-ئىشتان تىكەلمىگەن ئاشنادىن،
تىلەپ يېگەن گاداي ياخشى.

باغدا تۇرۇمتاي كەشمىردە بولغاي،
ئۆردەككە سالسام سوخسۇينى ئالغاي.

تۇمشۇقتىن خوتۇن ئالدىم نايۇپ بېگىمدىن سوراپ،
ئاچچىقمنى ئېلىۋالدىم ئەسكى يوتقانغا سولاپ.

ياشلىقىم پاشالىقىم،
ھەر تەرەپتىن گۈل كېلۇر.
ياشلىقىڭدا سۆيمىسەڭ،
قېرىغاندا كىم كېلۇر.

ئاتنى باغلاڭ خادىغا،
مالنى ھەيدەڭ شادىغا.
بىر يىگىتنىڭ بېشىدىن،
يەتتە چوكان سادىغا.

شاپتۇلاڭنىڭ شېخى پەس،
ئېگىپ يېمەك نېمە تەس.

www.uyghurkitap.com

ياش باللىنىڭ كۆڭلى پەس،
كىمنى كۆرسە ياق دېمەس.

قارا قالپاقنى كىيىپ،
قاراقچى بولمامدۇ كىشى.
قارا كۆز يار دەردىدە،
راۋابچى بولمامدۇ كىشى.

باغقا باققال يارىشۇر،
ئۆكۈزگە ساقال يارىشۇر.
ساقىلى يوق نا كوسىغا،
تۇغماس خوتۇن يارىشۇر.

توققۇزاققا بارغىچە،
توققۇز قىز ئالدىم يانغىچە.
بار پۇلۇمنى يەۋالاي،
تۇغماس خوتۇنغا قالغىچە.

گال پىچاقنى ئاسقىچە،
چىشلەپ يىگىن تويغىچە.
تۇغماس خوتۇن ئالغىچە،
بويتاق يۈرگىن ئۆلگىچە.

چاكاندانى سوقۇپ سالسا،
قازاندا چايى بولمامدۇ.
يىگىت ئونبەشكە يەتكەندە،
خېنىمغا يارى بولمامدۇ.

كاككۇك تولا سايرايدو،
«كۆكتولغاق» دېگەن جايدا.
يايرىم تولا چىللايدۇ،
چولام تەگمىگەن چاغدا.

ئىشك ئالدى قوش تېرەك،
قوشۇلغىچە ئوينايمەن.
خۇدايىم بەردى بىر كۆڭلەك،
يىرتىلغىچە ئوينايمەن.

راۋابىمنى چالىمەن،
كەلسە كەلمەس پەدىگە.
ئون جېنىمنىڭ بىرى قالدى،
شۇ خېنىمنىڭ دەردىدە.

ئالما ئاتتىم ھاۋىغا،
ھويلىڭىزغا چۈشتىمۇ؟
سىزگە ئېيتتىم بۇ غەزەلنى،
كۆڭلىڭىزگە چۈشتىمۇ؟

ئېگىز ئايۋان ئۆگزەڭدە،
مەن ياتمايمەن ئۆزۈڭ يات.
يار ئوتى شۇنداق بولسا،
يار تۈتمايمەن پەندىيات.

دېگەنگە ئوخشاش تېكستلەر بىلەن مەشرەپتە كۈلكىلىك، خۇشال كەيپىيات ھاسىل قىلىپ، مەشرەپنىڭ ئىستېتىك خۇسۇسىيەتلىرىنى ئاشۇرۇشنى باشقا:

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرىسى

چىنە بەرسەڭ ئادانغا،
ئۇيناپ-ئۇيناپ سۇندۇرۇر.
بىۋاپا كىشىنىڭ يارى،
قاچان كۆڭۈلنى تىندۇرۇر.

ئاشنا تۇت چىرايلىقنى،
يولدا قوي نىشانەڭنى.
ئاشنانىڭ قولغا كەلمىسە،
ئۇرۇپ قوي پېشانەڭنى.

ئىلىنىڭ داۋانىدا،
ئات كۆكسىدە ياغدى قار.
تاشلىۋەتكىلى بولماس،
غېرىبلىقتا تۇتقان يار.

ئالما گۈلى گۈل بولامدۇ،
قىزىرىپ تۇرغان بىلەن.
كىشىنىڭ يارى يار بولامدۇ،
قاراپ ئولتۇرغان بىلەن.

ئالما گۈلى گۈل ئەمەس،
قۇلاقتا قىسسا بىر قۇچاق.
كىشىنىڭ يارى يار ئەمەس،
جانغا سانچىلغان پىچاق.

دۇرى دەيدۇ-دۇرى دەيدۇ،
قىچىنىڭ ياغىنى.

ئەقلىڭىز بولسا ئوينىماڭ،
كىشىنىڭ يارىنى.

كۆكۈلنىڭ كەينىگە كىرمەڭ،
كۆكۈل ھەر يەرگە باشلايدۇ.
سەمەرقەنت ئالمىسىدەك،
ئاپىرىپ چۆللەرگە تاشلايدۇ.

سۇلار شارقىراپ ئاقسا،
تۈگمەننىڭ نۇرى دەڭلا.
يار ئۈچۈن ئۆلۈم كەلسە،
ئۆزۈمنىڭ شورى دەڭلا.

دېگەنگە ئوخشاش مەزمۇندىكى تېكىستلەر بىلەن ھەرخىل يامان كەيپىياتلارنى تەنقىد قىلىش ئارقىلىق، كىشىلەرگە تەربىيە بېرىش رولىنى ئوينايدۇ.

مەشرەپ مۇقاملىرىنىڭ تېكىستلىرىدىن دولانلىقلارنىڭ تارىخى، ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋىتى، ئۆرپ-ئادەتلىرى، ئارزۇ-ھەۋەسلىرى ۋە مۇھەببەت-نەپرەتلىرىگە مۇناسىۋەتلىك مۇھىم مەزمۇنلارنى بايقىۋېلىش مۇمكىن. مەسىلەن، مۇقام بۆلەكلىرىگە سېلىپ ئوقۇلىدىغان:

بېشىم ئاغرىيدۇ دېسەم،
يۇمغاقسۇت سىقىپ بېرەي دىدى.
غولۇم ئاغرىيدۇ دېسەم،
ئوغلاق قېقىپ قوياي دېدى.
قانداق ئوغلاق ئۇ؟ دېسەم،
جاغالباش ئوغلاق ئۇ، دېدى.
قېنى ئوغلىقىڭ؟ دېسەم،
جاڭگالدا ئوتلايدۇ دېدى.
ئورۇق ئوغلاقتۇ؟ دېسەم،

سىمىز ئوغلاق ئۇ، دېدى.
ئېرىڭىز سوقار؟ دېسەم،
ھەر ھۆددىسى ماڭا دېدى.
بارمايمەن، كەلمەيمەن دېسەم،
جۇگۇ-جۇگۇ كېلىك دېدى.

دېگەن تېكىستكە دولانلىقلارنىڭ چارۋىچىلىق شارائىتىدىكى ئۆرپ-ئادەتلىرى چوڭقۇر سىڭدۈرۈلگەن بولۇپ، ھازىرقى خەلق ئىچىدە ساقلىنىپ كېلىۋاتقان يۇمغاقسۇت ۋە ئوغلاق تېرىسى بىلەن ئادەم داۋالاش ئادەتلىرىنىڭ ناھايىتى ئۇزاق تارىخقا ئىگە ئىكەنلىكىنى ئىپادىلىسە:

ئىلغا چىقاي دېسەم،
داۋاندىن قورقىمەن يارىم.
سېنى مەن ئالاي دېسەم،
ئاناڭدىن قورقىمەن يارىم.

دېگەن تېكىستتە، قەدىمكى زامانلاردىكى قاتناشنىڭ قىيىنلىقى، جەنۇب بىلەن شىمال ئوتتۇرىسىدىكى ئىلى داۋانلىرىنىڭ ئەڭ خەتەرلىك بىر جاي ئىكەنلىكى ئىپادىلەنگەن. يەنە:

ئۆزى كەلسۇن دەپتىمۇ،
سۆزى كەلسۇن دەپتىمۇ.
دەريانىڭ سۈيى ئۇلۇغ،
ئېقىپ ئۆلسۇن دەپتىمۇ.

دەريانىڭ سۈيى ئۇلۇغ،
يا ئالدىمكىن قاشتىن.
يا ئالغانغا ئوخشايدۇ،
ئايرىلدىم قەلەم قاشتىن.

دېگەن تېكىستتە، دولانلىقلارنىڭ قەدىمكى زامانلاردا ياشاپ ئۆتكەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

دىيارلىرىنىڭ جۇغراپىيىلىك ھالىتى ئىپادىلەنگەن. دولانلىقلارنىڭ قەدىمكى ياشىغان جايلىرى ئاقسۇ دەرياسى، قەشقەر دەرياسى، يەكەن دەرياسى، خوتەن دەرياسى قاتارلىق تۆت چوڭ دەريا ۋادىلىرىغا جايلاشقان بولغاچقا، ئۇ دەريالاردىن قەدىمكى زامانلاردا ئۆتۈشنىڭ خەتەرلىك ئىكەنلىكى ۋە دەرياغا كەلگۈن كەلگەن چاغلىرىدا ئۆتۈشكە مۇمكىن بولماي، يىراق-يېقىندىكىلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنىڭ ئۈزۈلۈپ قالىدىغانلىقىدەك ھادىسىلەرنىڭ يۈز بېرىدىغانلىقى ئىپادىلەنگەن.

تېرەكلىكا - تېرەكلىك،
مارالبېشى تېرەكلىك.
ئاشنا تۇتساڭ جۇۋان تۇت،
ئۆينىغلى كېرەكلىك.

دېگەن تېكىستتە، دولانلىقلار يۇرتلىرىغا نىسبەتەن مارالبېشىنىڭ بىر قەدەر بۇرۇن گۈللەنگەن قەدىمكى يۇرت ئىكەنلىكى تەسۋىرلەنگەن.

كېۋەزلىككە كىرىپ باقسام،
كېۋەزلەر غوزا باغلاپتۇ.
مېنىڭ ئاقسۇدىكى يايىرىم،
بېلىگە سەيلە باغلاپتۇ.

دېگەن تېكىستنىڭ مەزمۇنىدا، دولانلىقلار ياشاپ ئۆتكەن جايلار خۇددى ھازىرقىغا ئوخشاش پاختىكارلىق رايونلىرى بولۇپ، دولانلىقلارنىڭ ئەتراپىدىكى ئاقسۇ قاتارلىق قوشنا رايونلار بىلەن مۇھىم ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. دولان مۇقاملىرىغا سىڭىنغان قوشاقلارنىڭ ھەر بىر پارچىسىدا ناھايىتى نۇرغۇن مەزمۇن يوشۇرۇنغان بولۇپ، بۇ، دولانلىقلار توغرىسىدىكى تارىخىي تەسەۋۋۇرىمىزنى تېخىمۇ ئىلگىرى سۈرىدۇ.

ھارۋىكەش مۇقاملىرى

ھارۋىكەش دېيىشتە ئۇتۇنچىلار كۆزدە تۇتۇلغان بولۇپ، بىر قىسىم يوقسۇل كىشىلەر تۇرمۇش خىراجىتىنى جاڭگالدىن ئۇتۇن ئەكېلىپ سېتىش

www.uyghurkitap.com

ئارقىلىق ھەل قىلىدۇ. بۇنداقلار قىشنى ئاساسەن جاڭگال بويلىرىدا ئۆتكۈزىدۇ. زېرىكىشلىك ئۇزاق يول ۋە ئاتماس تاڭلارنى قىسقارتىش ئۈچۈن، ئۆزىگە يارىغان قوشاقلارنى سېلىپ يول بويى مۇقام توۋلاپ، مۇقام ۋاستىسى بىلەن دەرد-ئەلەملىك مۇڭلىرىنى تۆكىدۇ.

مەشرەپ سىرتىدىكى مۇقاملار ئاساسەن يالغۇزلۇق، غېرىبلىق، مۇساپىرلىق، يېتىملىك، بىچارىلىك ھالەت شارائىتىدا ئېيتىلىدىغان بولغاچقا، ئۇلار:

ئەجەپ بولدۇم-ئەجەپ بولدۇم،
ئەجەپ بولغانغا يىغلايمەن.
كىشىنىڭ يۇرتىغا كېلىپ،
غېرىب بولغانغا يىغلايمەن.

دەرد-ئەلەملەر كېلىدۇ،
ئوغۇل بالانىڭ باشىغا.
سايدا تۆگمەن چۆرگىلەمدۇ،
كۆزدىن ئاققان ياشىغا.

ئاتام بولسا، ئانام بولسا،
غېرىب بولماس ئىدى باشىم.
غېرىبلىق دەردىدە يىغلاپ،
كۆزۈمدىن ئاقتى قان ياشىم.

چاپىنىمنىڭ يېڭىنى،
بېشىمغا قويدۇم تېگىنى.
كىمگە ئېيتىپ، كىمگە يىغلاي،
بۇ غېرىبلىق دەردىنى.

بۈگۈن بازارغا ئوخشايدۇ،
يېتىملەر زارى قاخشايدۇ.

يېتىملەردىن سوراپ باقسام،
ئاتاسى يوققا ئوخشايدۇ.

ئۆيۈڭگە كىرىپ باقسام،
زەدىۋالى يوق ئىكەن.
يېقىۋالغان بالىنىڭ،
ئەتىۋارى يوق ئىكەن.

ئاتامغا نېمە دەپ يىغلاي،
ئانامغا نېمە دەپ يىغلاي.
بېلىمنى سەيلىدە ① باغلاپ،
باياۋان چۆللىدە يىغلاي.

ئېتىم ئالدىدا كەتتى،
قامچام يېنىدا كەتتى.
ئۆز يۇرتۇم دېگەن بىلەن،
غېرىبلىق ماڭا يەتتى.

چىرايىم ئەجەپ سېرىق،
ساماندىن ئايرىيالمايمەن.
مېنىڭ بىچارە كۆڭلۈمنى،
بۇ غەمدىن ئايرىيالمايمەن.

شوتا قويدۇم شاتۇتقا،
مەن مۇساپىر، بۇ يۇرتقا.

---

① سەيلە — مەشۇت يىپ بىلەن توقۇلغان شالاڭ چۇچىلىق بەلباغ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

مۇساپىر دەپ خار كۆرمەڭ،
يېنىپ كېتەي ئۆز يۇرتقا.

ئېتمىنى بەختىيار قويسام،
تەلەي ئىچدە بەختى يوق.
نەچچە ئاتسام «چۇ» چۈشىدۇ،
ئوڭ قولۇمدا نەخشى يوق.

ئاھ ئۇرۇپ ئاللاغا يىغلاي،
ئاھلىرىم تۇتسۇن سېنى.
كۆز يېشىم دەريا بولۇپ،
بېلىقلىرىم يۇتسۇن سېنى.

گۈلمۇ خوپ، غۇنچەمۇ خوپ،
ئاچىلدۇرۇپ قىسقانمۇ خوپ.
چوڭ بولۇپ دەرد تارتقىچە،
كىچىك تۇرۇپ ئۆلگەنمۇ خوپ.

دېگەندەك مول مەزمۇنلۇق قوشاقلارنى سېلىپ، ئۆزىنىڭ ۋە باشقىلارنىڭ ئىچىنىشلىق يۈرەك سۆزلىرىنى ئىپادىلەيدۇ. مۇقام لىرىكىسى ئاڭلىغۇچىلارنى چوڭقۇر ھاياجانغا چۆمدۈرگەنلىكتىن ۋاقىتنىڭ قانداق ئۆتكەنلىكىنىمۇ سەزمەي قالىدۇ.

يۇقىرىقى تېكىستلەر پەقەت مىسال تەرىقىسىدىلا تىلغا ئېلىندى. بۇ، مۇقاملارنى پارچىلاپ ئۇنىڭغا تېكىست بەلگىلەپ بەرگەنلىكنى بىلدۈرمەيدۇ، بەلكى مۇقامغا سېلىنغان تېكىستلەر مۇقام ئېيتقۇچىنىڭ كەيپىياتى ۋە مۇقام ئېيتىلىش ئورنى، كىشىلەرنىڭ پائالىيىتى قاتارلىقلارغا ئاساسەن تاللىنىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

3. دولان ئون ئىككى مۇقامىنىڭ تېكىستلىرى

1. باش باياۋان مۇقامى

بالا دەشتىدە ۋاي ئەرۋاھ،
ئۇنىڭ ھالىنى ۋاي كۆردۇم.
يېتىپتۇ داغ سۆڭەك بولۇپ،
ئۇنىڭ مازارىنى كۆردۇم.

قايتۇرما:

ۋاي ئاللا... ۋاي ئاللا.. ۋاي ئاللا...①
ئىلاھا مەن باياۋاندا،
تېنەپ قالدىم بۇ جاڭگالدا.
يۇتۇمغا كۆك تىكەن تەگسە،
ئالالماي ئەقلىم ھەيراندا.

قايتۇرما:

خالايىق سەۋرى قىل دەيدۇ،
مېنىڭ ھالىمغا يەتمەيدۇ.
كېچە-كۈندۈز پىغان ئەيلەپ،
كۆزۈمگە ئۇيقۇ كەلمەيدۇ.

قايتۇرما:

ئاتاسى يوقمۇ يايرىمىنىڭ،
ئاناسى يوقمۇ يايرىمىنىڭ.
غېرىب چۆللەردە ياتىپتۇ،
مازارى يوقمۇ يايرىمىنىڭ.

---

① بۇ يەردىكى «ئاللا» سۆزى ئىككى خىل مەنىدە بولۇپ، بىرى، «ئاللاھ»، «ئىلاھ» نى بىلدۈرىدۇ. يەنە بىرى، ئەپسۇسلىنىش بولماپتۇ دېگەندەك مەنىنى بىلدۈرىدۇ. شۇڭا بۇ سۆزنى دىنىي نۇقتىدىنلا چۈشىنىشكە بولمايدۇ.

قايتۇرما :

تەكەببۇر ئەيلىمە زىنھار،
مەگەرسەن ئاسمان بولساڭ.
ئۆزۈڭنى بارچىدىن پەس تۇت،
سۇلايمان پادىشاھ بولساڭ.

قايتۇرما :

جاھاندا ياخشىلىق قىلغان،
كىشىنىڭ ئاتى ئۆچكەيمۇ.
يامانلىق قىلغان ئادەمنى،
قايان باردىڭ دىمەس ھىچكىم.

قايتۇرما :

چىكىتمە

قاغا جىگدەڭنى يىمەيمەن،
چىشىم ئاغرىيدۇ مىنىڭ.
مەشۇغۇم يادىمغا يەتسە،
ئىچىم ئاغرىيدۇ مىنىڭ.

يار دەپ مەن ئادا بولدۇم،
غەمگە مۇپتىلا بولدۇم.
بىر كۆرۈپ جامالىڭنى،
ئاشىق بىقارار بولدۇم.

كۆيمەنا كۆيمەن،
قاشى قاراغا كۆيمەن.
كۆزلىرىنى ئوينىتىپ،
جاننى ئالارغا كۆيمەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

ئۆستەڭ بويىدا ياپۇز،
ياپۇزنىڭ شىخى يالغۇز.
بىز مۇندا غېرىبلىقتا،
يايرىم ياتىدۇ يالغۇز.

يايرىمسەن، خۇمارىمسەن،
بوينۇمدا تۇمارىمسەن.
ئاخشىمى قاراڭغۇدا،
ياندۇرغان چىراغىمسەن.

هاراق ئىچسەم مەست ئەمەس،
بوزا ئىچسەم مەست ئەمەس.
ئاۋۋال سۆيگەن يايرىمنى،
ئەمدى سۆيمەك تەس ئەمەس.

قايتۇرما:

ئالمىنىڭ سۇزۇكىدىن،
كۆرۈنەمدۇ دانىسى.
مېنىڭ باچۇقتىكى يايرىم،
قۇرغۇيەكنىڭ بالىسى.

قايتۇرما:

ئۆستەڭ بويىغا چىقسام،
قۇشلار ئەركىن ئەگىيدۇ.
كۆيۈۋاتقان يۈرەككە،
نىمە بەرسە سەگىيدۇ.

قايتۇرما:

گۈللەر ئاچىلۇر باغدا،
مۇرادىغا يەتكەندە.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرىسى

قەدرىم ئۆتلەر يارغا،
مەن بۇ شەدىن كەتكەندە.

سەنەم

ئەل مېنى يامان دەيدۇ،
بىلمەيمەن يامانلىقنى.
كەچ بىتىپ. سەھەر قوپۇپ،
تىلەيمەن ئامانلىقنى.

قايتۇرما:

ۋاي-ۋاي... مەستان يارەي،
ۋاي-ۋاي... زالىم يارەي.
ئايارەي، دەردىك يامان،
ئايارەي، ئايارەي.
سارغايدى دېمەك بىزنى،
ياردەردىدە سارغايغان.
ئىشەكچى دېمەك بىزنى،
ئەنجان يولىدا كارۋان.

قايتۇرما:

قاشلىق ئەتمسەك يايرىم،
قىشىڭدا يوقمىكەن قاشلىق.
ئاتاڭ بىلەن ئاپاڭنىڭ،
بېشىدا يوقمىكەن ياشلىق.

قايتۇرما:

چىرلاك خورۇزۇم چىرلاك،
يايرىم ئاڭلاپ ئويغانسۇن.
چىشلىۋالاي لېۋىدىن،
چۆچۈپ تۇرۇپ ئويغانسۇن.

قايتۇرما :

گۈللەر ئاچىلۇر باغدا،
مىرادىغا يەتكەندە.
قەدرىم ئۆتىلەر يارغا،
مەن بۇ شەدىن كەتكەندە.

قايتۇرما :

ئاسماندىكى چولپاننىڭ،
شام چىراغى بارمىكىن.
يۈرىكىمنى يېرىپ باق،
تازا يېرى بارمىكىن.

قايتۇرما :

باغدا بارمىكىن بادام،
ئاقساقال مېنىڭ دادام.
بىز ئوينايدىغان چاغدا،
يار كىچىك تېخى نادان.

قايتۇرما :

ئاق يەرگە قوناق چاچسام،
چاچراپ كېتىمەن دەيدۇ.
بىۋاپانى يار تۇتسام،
تاشلاپ كېتىمەن دەيدۇ.

قايتۇرما :

ئالتۇن قەپىزىڭ بولسا،
بۇلبۇلنى باقاي دەيمەن.
ياخشى يار مېنىڭ بولسا،
باغرىمنى ياقاي دەيمەن.

قايتۇرما :

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

سەلقە

ئىشىك ئالدى كۆلمەنچەك،
مۇز توڭلاپتۇ ئەينەكتەك.
بىز ئىككىلەن ئايرىلدۇق،
كاككۇك بىلەن زەينەپتەك.
قايتۇرما:
ئايارەي.. ئاھ... جان بالىخان...
يار سېنىڭ دەردىڭ.

مەن بوگۈن كەتمەكچمەن،
ئەرزىم بايان ئەيلەپ كېتەي.
ئەرزىم خۇداغا يەتمىسە،
چۆللەردە قان يىغلاپ كېتەي.
قايتۇرما:
قىزىل گۈلنى دېمىسەم،
غۇنچىسىنى ئۈزگۈم يوق.
سەن يايرىمنى دېمىسەم،
بۇ يۇرتۇڭدا يۈرگۈم يوق.
قايتۇرما:
موللىنى قايدىن تونۇرسىز،
چېكىسىدە قەلىمى.
يېڭى يارنىڭ ئوتى تولا،
كونا يارنىڭ ئەلىمى.
قايتۇرما:
كېچە بولسا ياتمايدۇ،
تېرەك باشىدا قاغا.

نېمه ئۈنچه يىغلايسەن،
ۋاپا قىلمىغان ياغا.

قايتۇرما:

ئارقىدا قىمار ئويناپ،
يۈك بەلباغنى ئۈتتۈم.
سەن جالاپنىڭ دەردىدە،
پارە-پارە قان يۈتتۈم.

قايتۇرما:

ئاشنامسەن ۋاي جورامسەن،
ناۋات بەرسەم شورامسەن؟
ئاغزىڭدا دېگەن بىلەن،
تىل ئۈچىدا گوللامسەن؟

قايتۇرما:

باغدا كاككۇك سايرايدۇ
ئاندا-مۇندا بىر ھېرىپ،
ئىككىمىز دوست بولايلى،
سەن مۇساپىر مەن غېرىب.

قايتۇرما:

مىكىيان توخۇ باقماڭلار،
سەھەر قانات قاقمايدۇ.
چوكان ئاشنا تۇتماڭلار،
جۇۋانلىدەك باقمايدۇ.

سىيرىلما

مەن ماڭدىم كېچە بىلەن
ئېرىقنىڭ ئىچى بىلەن
قولۇم باغلىنىپ قاپتۇ

يايرىمنىڭ ساچى بىلەن.

قايتۇرما:

ۋاي-ۋاي... ۋاي... ۋاي، ۋايۋابەي.
بېشىم ئاغرىيدۇ دېسەم،
يۇمغاقسۇت سىقىپ بېرەي دېدى.
غولۇم ئاغرىيدۇ دېسەم،
ئوغلاق قېقىپ قوياي دېدى.
قانداق ئوغلاق ئۇ؟ دېسەم،
جاغالباش ئوغلاق ئۇ، دېدى.
قېنى ئوغلىقىڭ؟ دېسەم،
جاڭگالدا ئوتلايدۇ دېدى.
ئورۇق ئوغلاقتۇ؟ دېسەم،
سېمىز ئوغلاق ئۇ، دېدى.
ئېرىقىز سوقار دېسەم،
ھەر ھۆددىسى ماڭا دېدى.
بارمايمەن، كەلمەيمەن دېسەم،
جۇگۇ-جۇگۇ كىلىك دېدى.

قايتۇرما:

2. بوم باياۋان

مۇقەددىمە

بارچە كېسەل داۋاسى بار،
يار ئوتىنىڭ داۋاسى يوق.
سورىسام تېۋىپ ئېيتار،
يار ئوتى داۋاسىنى.

قايتۇرما:

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ۋاي ئاللا... ۋاي ئاللا... ۋاي ئاللا...
ئاتمىشتىن ئۆتتى يېشىڭ.
ئۆلۈم بىلەن كېڭىشىڭ.
گۆردە ياتار يالغۇز بېشىڭ،
بۇ دۇنيانىڭ پايانى يوق.

قايتۇرما:

زىمىستان كۆرمىگەن بۇلبۇل،
باھارنىڭ قەدرىنى بىلمەس.
جاپانى چەكمىگەن ئاشىق،
ۋاپانىڭ قەدرىنى بىلمەس.

قايتۇرما:

بۇ راۋاب ۋاي قانداق راۋاب؟
قوي تارىسى سالغان راۋاب.
ياخشى مېھمان كەپتۇ دەپ،
شۇنىڭ ئۈچۈن چالغان راۋاب.

قايتۇرما:

جانى-جانىۋار بارىدۇ،
قۇشقاچ بارالماي يانىدۇ.
مەنمىغۇ باراي دېسەم،
جاندىن ئەزىز يار قالىدۇ.

قايتۇرما:

ئۆلەرمەنمۇ كۆيەرمەنمۇ؟
سېنى كۆرمەي ئۆلەرمەنمۇ؟
سېنى كۆرمەي ئۆلۈپ كەتسەم،
بېھىش يۈزى كۆرەرمەنمۇ؟

قايتۇرما:

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

چىكىتمە

بارای دەپ جابدۇغۇم ئەتتىم،
قويمىدى پەلەك بىزنى.
بىرىپ يانغان كىشلەردىن
تولا سورىغۇم كېلەر سىزنى.

قايتۇرما:

ھەق ئاللا خارابىلىڭ مەن،
شەھەرىڭدە گادايىڭ مەن،
ئايارەي...

بىزنى سورىغانىغا
بارساڭلا سالام دەڭلا.
يار بىزنى سوراپ قالسا،
شەھەرىدە ئامان دەڭلا.

قايتۇرما:

ناسۋال ئالدىم شاخچايىگە،
يۈگۈرۈپ چىقتىم تاختايىگە،
قارا قولنىڭ قىزىنى
سېتىۋالدىم ئاخچەيىگە.

قايتۇرما:

يايرىمىڭ قويندىكى
ئالمامىكىن، بېيەمىكىن؟
يار قولىدا ئالتۇن ئۈزۈك،
ئاشىنلىرى زەرگەرمىكىن؟

قايتۇرما:

باللىرىمنى سەيلىتىپ،
ئارغامچا بولدۇم دارىگە.

شۇ مېنىڭ قارا بەختىم
يالغانچى بولدۇم يارىگە .

قايتۇرما :

چىرايىڭ ئەجەپ ئۆمسە ،
كىشى سۆز بەردىمۇ سىزگە .
كىشى سۆز بەرسە بەرگەندۇ ،
يامانلىق ئەيلمەڭ بىزگە .
كېچىلىرى يوللار كېزىپ ،
بارمىدۇ يارنىڭ پايدىسى .
كېچە بولسا ئۇيقۇ يوق ،
كۈندۈزى يارنىڭ قايغۇسى .

قايتۇرما :

قارلىغاچنىڭ قانىتىدەك ،
قايىدۇ باشىم مېنىڭ .
ئايىغى چىققان بۇلاقتەك ،
ئاقىدۇ ياشىم مېنىڭ .

قايتۇرما :

كاككۇك باللىرى ئۇچتى ،
كۆكلىگەن دەرەخلەرگە .
بىزنىڭ يارلار ئىشقىدا ،
ئوت كەتتى يۈرەكلەرگە .

قايتۇرما :

سەنەم

قارا قالپاقنى كىيىپ ،
قاراقچى بولمامدۇ كىشى ؟
قارا كۆز يار دەردىدە ،
راۋابچى بولمامدۇ كىشى ؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

قارا مىلتىقنىڭ ئوقى
ھاۋاغا چىقتى پىقىراپ،
قارا كۆز يارنىڭ ئوتى
چىقمايدۇ جاندىن سىقىراپ.

ئوچاق سالدىم چۆگىلىمەش،
كونا كاڭدەك كۆيمەيدۇ.
يېڭى ياچە يار تۇتسام،
كونا ياردەك سۆيمەيدۇ.
ئېگىز تاغقا مەن چىقىپ،
ئۇرۇمچىگە قارايمەن.
ساڭا بەرگەن كۆڭۈلنى،
يىراق شەگە پالايمەن.

شايدىن شاپاق دوپپام،
شاپتۇل شاخىدا قالدى.
غېرىبلىقتا تۇتقان يار
كىشىنىڭ شەرىدە قالدى.

كۆك قومۇشقا ئوت يېقىپ،
ساغىرار كۆيمەس دېدىم.
مېھرىبان يايرىم سېنى
مەندىن ئايرىلماس دېدىم.

ئادەم يوق دېمەڭ يايرىم،
باغقا كىرمەڭ كىشى بار.
يولىڭىزدا تۈز مېڭىڭ،
گۈلنى ئۈزمەڭ كىشى بار.

ئىلىغا چىقاي دېسەم،
داۋاندىن قورقىمەن يايرىم.
سېنى مەن ئالاي دېسەم،
ئاناڭدىن قورقىمەن يايرىم.

سەلقە

كۆرگىلى كەلگەنمىدۇ،
كۆيدۈرگىلى كەلگەنمىدۇ؟
كۆيۈپ ئۆچكەن ئوتلىنى
ياندۇرغىلى كەلگەنمىدۇ؟

ئاغرىسا-ئاغرىمىسا،
باشتىن ئۆرگىلىپ كېلەي.
يايرىم ئاغرىپ قالغاندا
مەن بېرىپ يوقلاپ كېلەي.

قامچا دەستەم ئىرغايدۇ
سانچىپ قويسام تۇرمايدۇ.
قامچىۋاتتىن قىز ئالسام،
ئويناپ، قېچىپ تۇرمايدۇ.

ئۈستۈندىن شامال كەلسە،
يار بۇرنۇمغا پۇرايدۇ.
يارنىڭ ئىنتى ھەسەلخان،
چىلگە قوغۇن پۇرايدۇ.

مەن ئەجەپ كۆيدۈم بۇگۈن،
كۆزلىرى خۇمارىغا.

بەچچە قاراپ تويمۇدۇم،
ئاي يۈزى روحسارىغا.

ئاتىم سۇنى ئىچمىدى،
غازى بارمىكىن كۆلدە.
يايرىم تالاغا چىقمىدى،
ئىرى بارمىكىن ئۆيدە.

ئىرىقىڭنىڭ تىگىدىن
تىرىڭالدىم مارجاننى.
كۆڭلى قارا خۇشخۇي قىز.
سەن ئالامسەن بۇ جاننى.

سىبىرىلما

يار ياماللاپ بارىدۇ
قانداق قىلىپ ئالدىڭالاي.
ئالدىدا حايىنى قويۇپ،
ئويناپ-كۈلۈپ ئالدىڭالاي

مەن باغىڭغا كىرمەيمەن
ئانارىڭنى ئۈزمەيمەن
ئەمدى كەلدىم ئەقلىمگە.
نادان بىلەن يۈرمەيمەن.

دۇتارنى ئۆزۈم چېلىپ
سۇنسا ئۆزۈم يەملەيمەن.
ياردىن كۆڭلۈم ئاغرىسا.
چىللىسىمۇ بارمايمەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبىكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

خويمۇ خارلايسەن يارىم،
بىر سىيان كەتكۈممۇ بار.
ساڭا بەرگەن شۇ كۆڭۈلنى
خارىزار ئەتكۈممۇ بار.

باش ئېلىپ كېتەي دېسەم،
يۇرت ئىچىدە بىر داۋان،
باش ئېلىپ كەتمەي دېسەم،
ئەلىمىڭ ئاندىن يامان.

ئۆتۈپ كەتتى جاھان كارى
بۇ دەردكە نېمە دارى؟
مېنىڭ ئۆلۈشۈم بىلەن
يايرىمىنىڭ نېمە كارى.

قاپقارا قوي كۆزلىكىم
جانىم پىدا بولغاي ساڭا.
كۆرمىسەم تۇرالماسمەن
نېمە بالا بولدى ماڭا.

تاغقا چىقتىم داۋانسىز
سىزگە كۆيدۈم ئامالسىز،
كۆيگىنىمنى بىلمىدىڭىز،
كۆڭلى قارا ئىمانسىز.

3. زىل باياۋان

مۇقەددىمە

جانىنغۇ بەردى خۇدايىم
بىر كۈن ئامانەت ئالىدۇ.

مىڭ مۇشەققەتلەر بىلەن،
سالغان ئىمارەت قالدۇ.

ئۆلۈمگە ھىيلىلەر قىلغان
لوقمان ھېكىم قالدىمۇ؟
ئىللاھتىن ئۆمۈر تىلەپ
ئىستىگەن جان قالدىمۇ؟

ئاھ ئۇرارمەن، ئاھ ئۇرارمەن،
ئاھلىرىم تۇتقاي سېنى.
كۆز يېشىم دەريا بولۇپ،
بىلىقلىرىم يۇتقاي سېنى.

ئۆلۈم دەيدۇ، ئۆلۈم دەيدۇ
ئۆلۈمنىڭ ئۆۋىتى يوقتۇر.
ئۆلۈمگە روسلىغان جاينىڭ
ئىشىك تۈنىكى يوقتۇر.

ئۆلۈپ كەتسەك بۇرادەرلەر
ئۆلۈپ كەتتى دېمەس ھېچكىم.
جىنازامنى كۆتۈرگەندە
يىغامنى يىغلىماس ھېچكىم.

چېكىنتمە

دوستقا-دوست قىلدىڭ مېنى،
دۈشمەنگە دوست قىلدىڭ مېنى؛
سۈرە-ياسىننى ئوقۇپ،
ئايرىلغۇسىز قىلدىڭ مېنى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

ماڭدىم دەريا كەچكىلى،
ئۆلتۈردۈم سۇ ئىچكىلى،
كەتسەم يايرىم بىخەۋەر،
قانىتىم يوق ئۇچقىلى.

ئۆستەڭ بويى قومۇشلۇق
ئوغاق سېلىپ ئورغان يوق.
مۇرادىغا يەتكۈنچە،
ئىككى يار بىر بولغان يوق.

گۈل غۇنچە گۈلۈم غۇنچە
نېمە كۆيدۈرسەن مۇنچە؟
بىردەم ئولتۇر يېنىمدا
مېنىڭ كۆڭلۈم ئېچىلغۇنچە.

ئاسماندىن ئالاي ئاينى
قوينۇمغا سالاي يارنى.
باخباق ئېتىلى يارنى،
ئېچىلسۇن ئىچى قارنى.

سەنەم

هاۋا ئايلىناي دەيدۇ،
مەنمۇ ئايلىنارمەنمۇ؟
دۈشمەننىڭ سۆزى بىلەن
ياردىن ئايرىلارمەنمۇ؟

سېنى ئۇنداق ياراتىپتۇ،
مېنى مۇنداق ياراتىپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ئىككىمىز ئاراسىدا
ئاقار دەريا يارا تىپتۇ.

راۋابىم پەدە-پەدە،
پەدىسى ئونبەش يەردە.
ئاخشىمى باراي دېسەم،
ئۆيىڭىز يىراق يەردە.

قارىغايدىن ئوق چىقاردىم،
باغدا جانۋار ئاتقىلى.
ۋەدىڭىز راستمۇ خېنىم
قۇچاقلىشىپ ياتقىلى.

ھويلاڭدىكى كەپتەرنى،
مەن سايراشقا ئۆگەتتەي.
دەردلىرىمنى، زارىمنى،
دۇتار چېلىپ تۆكەتتەي.

سەلقە

بۇ قوشاقنى مەن قاتتىم،
جىگدە كۆلىدىن كەلگىچە.
ۋەدىمىز ۋەدە بولسا،
ئايرىلمايمىز ئۆلگىچە.

ئات ئالدىم ئىگەر بىلەن،
باشقۇردۇم يۈگەن بىلەن.
مەن سىزگە كۆيۈپ قالدىم
گەپ قىلماي يۈرگەن بىلەن.

دۇتارىمنىڭ تارى يوق،
كۆيگەن ئوتقا چارى يوق.
دەردى بارلار يىغلايدۇ،
دەردى يوقنىڭ كارى يوق.

ئالمىلىق باغقا كىرىپ،
ئالما ئاتقان قارا كۆز.
تال چۆنقتەك ئېگىلىپ
جاننى ئالغان قارا كۆز.

قاراموچىنى تېرىسام،
ئۈنۈپ چىقتى يېشىل ماش.
مەن ساڭا كۆيۈپ قالدىم،
جۆپ ئۆتەيلى قەلەمقاش.

سىيرىلما

بارارغا يوللۇرۇڭ بولغاي،
قىزىلگۈل ھەمرىيىڭ بولغاي.
سېنىڭدەك نازىمەن يارغا،
مېنىڭدەك قۇللۇرۇڭ بولغاي.

دەردى بولمىسا يارنىڭ
ئېيتامدۇ تولا ناخشى.
ناخشا ئېيتقانغا يار كەلمەس،
ئەسلى بىر كۆڭۈل خۇشى.

كېچە بولسا ياتمايدۇ،
تېرەك باشىدا قاغا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

نېمە ئۇنچە يىغلايسەن
ۋاپا قىلمىغان يارغا.

يىگىتلىك ياشتا بولۇر،
ياخشى جۇۋان قاشتا بولۇر،
ئاۋال ئاخشام سۆيسىلە،
تاڭ ئاتقىچە ياشتا بولۇر.

ھاۋارەڭ توننى كىيىپ،
ھاۋادا ئويناىدۇ كۆڭۈل،
ياخشى يار ياندا تۇرۇپ،
يامانىنى خالايدۇ كۆڭۈل.

4. سىم باياۋان

مۇقەددىمە

پەلەكنىڭ چاقى چۆرۈلدى،
مېنىڭ مەيخانەم ئۆرۈلدى.
كېچە قىلسام كېچە بولماس،
كېچەشلىك يارلار ئايرىلدى.

ئەجەپ روشەن قىلاي دەيدۇ،
سەھەر ۋاقتىدا ئىچكەن چاي.
بېھىش دەيدۇ، دوزاخ دەيدۇ،
ئۇنىڭ ئىچىدە يۈز مىڭ جاي.

ئۆلۈپتۇ خەستە كۆڭلۈم،
غەم بىلەن ھەرگىز تىرىلمەس؛

ئۇرۇپ مەن پەريادى چەكسەم،
قەبرىدىن ئاۋازى كەلمەس.

كىمكى ئۆلمەستىن بۇرۇن،
يەتمەس بۇ جانىنىڭ قەدرىگە.
كىم ئۆلۈر ھالەتكە يەتسە،
شۇ يېتەر جان قەدرىگە.

دوستلۇرۇم مەندىن زېرىكتى،
دۇشمەنلىرىم سەنمۇ زېرىك.
سەن ئىشەنگەن تاغلىرىڭدا،
ئەمدى ياتمايدۇ كېيىك.

سىم سېلىپتىم راۋىبىمغا،
تارىسى ئالدى ئارام.
ئاتا-ئانامنى ئويلىسام
يېشىم ئاقار تارام-تارام.

ئويۇننى تولا ئويناپمەن،
ئىبادەت قىلمىسام مەيلى
ئويۇن-بەزمە گۇناھ بولسا،
بېھىشكە كىرمىسەم مەيلى.

چېكىتمە

باغنىڭ بولسا غورا قىل
ئوغلۇڭ بولسا موللا قىل.
موللىلىققا بەرمىسەڭ،
ھاراقكەشكە جورا قىل.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

موللا بولساڭ تەكرار قىل،
نەچچە بولساڭ سەپرا قىل،
شۇنى بولساڭ غوۋغا قىل،
ئۈششۈق بولساڭ دەۋاقىل.

سېنى موللىكام دەيمۇ؟
سېنىڭ موللىلىقىڭ ياخشى.
سېنىڭ موللىلىقىڭدىن
مېنىڭ تەنھالىقىم ياخشى.

كۆڭلۈمدىكى شول يارنى،
چىللاپ كەلدىم سەيلىگە.
ئاغزىمدىكى گەپ قاچتى،
قاراپ يارنىڭ پەيلىگە.

ئاخشام ياغقان قار بىلەن
ئۆستەڭ سۈيى قاتقانمۇ؟
بۇ مەلىگە كەلمەيسەن
يۇرتنى ماڭا ساتقانمۇ؟

سەنەم

هويلاڭدىكى ئېتىڭنى،
تام كەينىگە باغلاپ قوي.
يار سەندەك يامان بولسا،
يار تۇتمايمەن ئاڭلاپ قوي.

ئاسمىنىڭ ئالاڭلاپتۇ،
يامغۇرلار تاراملاپتۇ،

چاي قۇيۇغلار چوكانلار
ئاشناغلار يامانلاپتۇ.

كەلمەي دېسەم كەل دەيسەن،
ئەمدى كەلسەم كەت دەيسەن.
باشقىلارغا دەرد سېلىپ،
ماڭا كەلدى دەرد دەيسەن.

كىچە بولسا ياتمايمەن،
پەنجىرەگدىن پاتمايمەن.
راست گېپىڭنى ئېيتمىساڭ،
مەن دەردىڭنى تارتمايمەن

گۈل ئېچىلسا نىم بولۇر،
گۈللەپ ئېچىلسا نىم بولۇر؟
بىر قېتىملىق گۇناھىمنى
يار كەچۈرسە نىم بولۇر؟

سەلقە

چاپىنىمنىڭ يېڭىنى،
خېنىم ئايلام ئۇشلىغان.
خوتۇن ئالمايمەن دېسەم،
بېشىمغا بەشنى مۇشلىغان.

كۆرۈگلار خالايىقلار
دەريا سۇيى تاشقاننى.
كۆيۈپ قالدىم دەپ قويسام
يار ھەددىدىن ئاشقاننى.

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

غورۇچۇل دېگەن يەردە،
بوستان تالنىڭ سايىسى.
شۇنچە يىراق كېلەرمۇ،
ئىككىمىزنىڭ ئارىسى.

ھەي ئاللا، جېنىم ئاللا،
مېنىڭ مەيلىمگە باقساڭچۇ.
سېنىڭ مەيدەڭ داۋا بولدى،
كېلىپ مەيدەمگە ياقساڭچۇ.

ئالما ساتتىم بازاردا،
ھەر دانىسى بەش تىيىن.
قانغىچە سۆيەي يارنى،
ئايرىلمىقىم بەك قىيىن.

سىيرىلما

ناز بىلەن باقتىڭ ماڭا،
ئوتنى كۆپ ياقتىڭ ماڭا.
سۈپسۈزۈك يامغۇر بولۇپ،
شارقىراپ ئاققىن ماڭا.

ئالما ئاتتىم ھالقىتىپ،
ئۆگزىڭىزگە چۈشكەي دەپ،
ياخشا ئېيتتىم قارىتىپ،
كۆڭلى ماڭا چۈشكەي دەپ.

ئالما ئاتارىم كېلىدۇ،
قاش ئاتارىم كېلىدۇ،

چېكىسگە گۈل قىسىپ،
يالغانچى يارىم كېلىدۇ.

گۈل تېرىدىم كەلسىلە،
ئوسما تېرىدىم كەلسىلە.
بىر قويۇم ئوسما بېرەي،
بوينۇمنى قايرىپ سۆيسىلە.

مەن بۇ يەردە ناخشا ئېيتسام،
سەن ئۆيۈڭدە تىڭشايسەن.
قېرىپ مۈكچىيىپ قاپسەن،
قاچان قىزغا ئوخشايسەن.

5. چۆل باياۋان

مۇقەددىمە

پەلەكنىڭ تەقدىرى بىلەن
كېلىپ شۇندا يېتىم بولدۇم.
قاناتى يوق ناۋا قۇشتەك،
ئالالماي ئىنتىزار بولدۇم.

چىشىڭنى ئۈنچىدىن دەيمۇ،
لېۋىڭنى غۇنچىدىن دەيمۇ.
ئىشىكتىن يەلپۈنۈپ كىرسەڭ،
جۇۋاننىڭ شۇڭقىرى دەيمۇ.

بارارغا يول ئۇزاق بولدى،
پىيادە مەن بارالمايمەن.

www.uyghurkitap.com

كىراغا ئات ئېلىپ مىنىپ،
جامالىڭنى كۆرەلمەيمەن.

يايرىمنى كەپتۇ دەپ ئاڭلاپ،
بېلىمنى سەيلىدە باغلاپ.
سېنى كەلمەيدۇ دەپ ئاڭلاپ،
باياۋان چۆللىدە يىغلاپ.

كەلمىگەن يەرگە كېلىپ،
دايىنى سوقالمايدۇ كىشى
چەككىلى تاماكا يوق،
ئوينىغىلى نەدە كىشى.

خەق بۇ جايىنى چۆل دېسە،
چۆلمۇ گۈلستان بولىدۇ.
بولمىسا بىر پارچە نېنىڭ،
ئۆيمۇ گۆرۈستان بولىدۇ.

توغرىقىمنىڭ ياپرىقى،
سېرىق سەبداغا ئوخشايدۇ.
ئايرىلىپ كېتەي دېسەم،
ماڭا شەيداغا ئوخشايدۇ.

ئۆلۈم كەلسە بۇرادەرلەر
ئۇنىڭدىن قاچقىلى بولماس.
ساۋابلىق قىلمىغان ئىنسان،
بېھىشنى تاپقىلى بولماس.

چىكىتمە

خەق بۇ جاينى چۆل دېگەن
چۆل ئەمەس گۈلزار ئىكەن.
توغرىقى ئالمىغا ئوخشاش،
يۇلغۇنى مازار ئىكەن.

ئالمىلىق بىغىڭ بولسا،
سارايىڭ نېمەسى بار؟
سۆيگۈنىڭ يەلەن بولسا،
جىرايىڭ نېمەسى بار؟

ئاينى ئاسماندا دېسەم،
يەردىكى ئاي سەن گويا.
قىينساڭ قانداق قىلاي،
ئاز-تولا قىلماي ھايا.

كۆككىنە كەپتەر بولۇپ،
مېھمانخاناڭدا سايرىسام.
كەچ يېتىپ، سەھەر قوپۇپ
ماڭغان يولۇڭغا قارىسام.

چاكاندانى سوقۇپ سالسا،
قازاندا چايى بولمامدۇ.
مۇساپىرغا كۆڭۈل بەرسە،
ئۇنىڭ ساۋابى بولمامدۇ.

سەنەم

سۇ ئاچايمىكىن دەيمەن.
گۈللىرىم، گۈلزارىمغا.
خەت يازايمىكىن دەيمەن،
يىراقتىكى جايىمغا.

لاچىندەك قانات قېقىپ،
ئۆز يۇرتقا كەتسە كىشى.
جەۋرى-جاپا تارتسىمۇ،
مۇرادىغا يەتسە كىشى.

توغراقلار تۇسشۋالدى،
يېڭى قازغان گەمەمنى.
ئاشىق بولساڭ شېرىك بول،
تەڭ تارتىلى ئەلەمنى.

پەۋاز بارمۇ ئۆگزەڭدە،
دانلاپ يۈرەر كەپتىرىڭ.
كېتەر بولدۇم يىراققا،
بارمۇ سېنىڭ گەپلىرىڭ.

سېنى دەپ كەلدىم بۇياققا،
قالدى نەدە ئاتلىرىم؟
مېنى شۇنچە قىيىندىڭ،
يەتمىدىمۇ دەردلىرىم؟

ئۇيغۇر كىتاب تورىپكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىڭى ئادرېسى

گۈل گۈلستان بولغىدەك،
ئالەم گۈلستان بولغىدەك.
ياخشىلار بىر يەردە بولسا،
چۆلمۇ بوستان بولغىدەك.

باغمۇ بوستان قىلغىلى،
چۆل-باياۋان ياخشىدۇر.
يارنى چىللاپ كەلگىلى،
شۇڭا ئېيتقان ناخشىدۇر.

سەلىقە

كۆرگىلى كەلدىڭلمۇ،
كۆيدۈرگىلى كەلدىڭلمۇ؟
كۆيۈپ ئۆچكەن ئوتلىنى
ياندۇرغىلى كەلدىڭلمۇ؟

قارىغاي بولۇر تاغدا،
گۈللەر ئاچىلۇر باغدا.
دوستلىرىم دۈشمەن بولدى،
ئايرىلدۇق يامان چاغدا.

مەن ئانامدىن ئايرىلىپ،
سۈندى قاناتىم قايرىلىپ.
مەن يىغلىماي كىم يىغلىسۇن،
جانىم ئانامدىن ئايرىلىپ.

قارلىغاچ قارا ئېمە
قاناتىدىن ئايرىمىسۇن،
ھىر بالا ئاجىز ئېمە
ئاناسىدىن ئايرىمىسۇن.

يار بىلەن ئوينايمەن دەپ،
سۇندى مېنىڭ نازۇك قولۇم.
يارىمنىڭ ياغلىقىدا،
ئاگسام ساقايمايدۇ قولۇم.

سىيرىلما

سەنسەن مېنى سەن خارابى قىلدىڭ مېنى سەنەي،
ئوتلارگە سېلىپ كاۋابى قىلدىڭ مېنى سەنەي.

كاۋابى قىلغان ئايدەك يۈزۈڭدۇر،
ئوتلارگە سالغان شېرىن سۆزۈڭدۇر.

يارىمنى كۆردۈم مەستانە بولدۇم،
شېرىن سۆزىدىن خۇشتارى بولدۇم.

باغدا قىزىلگۈل، سايرايدۇ بۇلبۇل،
ھەر جايدا بولماس سەندەك قىزىلگۈل.

ھەر جايدا بولسا، سېنىڭچە بولماس،
شاخىدا بۇلبۇل، نازىڭچە بولماس.

ھەر جايغا بارساڭ ھەقنى ئۇنۇتما،
قارا كۆزۈڭدىن ياشنى قۇرۇتما.

سەھرامۇ-سەھرا كۆرگىلى كەلدىم،
ياخشى-يامانىنى بىلگىلى كەلدىم.

ياخشى-يامانىنى ھېچ كىشى بىلمەس،
يولدا قوشۇلغان ھەمراھى بولماس.

بولسا قاناتىم ئۇچسام ھاۋاغا،
دەردىمنى ئېيتاي تەقدىر ئىلاھقا.

6. ساموۋق باياۋان

جاھانغا پادىشاھ بولساڭ،
ئۆلەرسەن ئاقىۋەت بىر كۈن.
ياقاسى يوق تونىنى كىيىپ،
ياتارسەن ئاقىۋەت بىر كۈن.

كېتەردە خوش دېمەي كەتكەن،
مېنىڭ ئۇنداقمۇ يارىم يوق.
پېشانەمگە پۈتۈلگەننى،
ئۇنى تارتماسقا چارەم يوق.

خۇدانىڭ قۇدرىتى بىلەن
قۇرۇق شاختا ئانار بوپتۇ.
ئانارىنى سىقىپ ئىچسە،
يۈرەكىگە داۋا بوپتۇ.

ئانادەك مېھرىبان قايدا؟
ئانادەك مېھرىبان قايدا؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

بېشغا كۈنلەر چۈشكەندە
ئانادەك مېھرىبان قايدا؟

ئاللا- ئاللا، ۋاي تىلەيمەن،
بېھشنى دەپ ساما قىلىپ.
پاتمىسام قانداق قىلارمەن،
بېھش تۈگەپ، دوزاخ قېلىپ

راۋىبىم زارى قاخشايدۇ،
جەننەتتىن تاماسى بار.
ئوينىساق يامان بولماس
مەشرەپنىڭ ساماسى بار.

چېكىتمە

ئاق تەڭگە پۇلۇم بولسا،
ئاق يەرگە ساراي سالسام.
ئاق جۇۋان مېنىڭ بولسا،
بوينىغا گىرە سالسام.
ئاتام مېنى ئانام مېنى بالام دېمىسۇن،
ئاللا سالدى شۇ بۇ كويغا يامان دېمىسۇن.

بارسام- بارسام ياز بولۇپتۇر، يانسام زىمىستان.
كەتكەن كۈنۈم كەلمەمدىكەن، سەندىن ئايرىلسام.
ئۈنى يەيسەن، بۈنى يەيسەن پايدا قىلمايدۇ ساڭا،
ئېرىك ھەم ئۈغرى، قىمارۋاز دورا قىلمايدۇ ساڭا.

سەنەم

قاشىڭىز قارا ئىكەن،
ئۆيىڭىز ساراي ئىكەن،
مەنمۇ باراي دېسەم
ئېرىڭىز مارايدىكەن.

يا ئاتام يوقتۇر مېنىڭ،
يا ئانام يوقتۇر مېنىڭ،
ئايىغى چىققان بولاقتەك،
كۆز ياشلىرىم ئاقار مېنىڭ.

باغدا بىر گۈل بار ئىدى،
شاخىدا بۇلبۇل سايرىدى.
بېشىمغا شۇنچە كۈن چۈشتى،
قىلغان گۇناھىم نېمىدى.

ئاتامغا نېمە دەپ يىغلاي؟
ئانامغا نېمە دەپ يىغلاي؟
ئېتىڭىنىڭ ئالدىدىن ئاشقان،
ساماندەك سارغىيىپ يىغلاي.

ھاۋادا لاچىن ئوينايدۇ،
قىمارنى داچەن ئوينايدۇ،
چەندازاڭ ئېغىر بولسا،
يېنىڭدا چوكان ئوينايدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

سەلقە

بىز كىرگەن قومۇشلۇققا
يولۋاسلار كىرەلەمدۇ.
مەيلى بارمىكىن يارنىڭ
چۆرگىلەپ كېتەلەمەيدۇ.

ئېگىز ئاسماندا ئاي بولۇپ.
جىمى ئالەمنى تەڭ كۆرسەم.
پىيالەڭدە چاي بولۇپ،
لەۋلەرىڭنى كۆيدۈرسەم.

هويلاڭدىكى كارىۋاتنى
بەش تاختىدىن ئەتكەنمۇ؟
غەزەل ئوقۇپ ئۆتكەندە.
مەن يادىڭغا يەتكەنمۇ؟

كاككۇك قوندى تېرەككە
ئۇچارسام ئۇچارمىكىن؟
يار ئۇتى يامان ئىكەن
سۇ سەپسەم ئۆچەرمىكىن؟

شىلدىر - شىلدىر قومۇشقا،
ئوتنى ياقتىڭ نېمىشقا؟
كۆڭۈل بەرمىگەن يارغا
چاپلىشىۋالدىڭ نېمىشقا؟

سىبىر ىلما

ئايلىخان، ئاۋايلىخان
يار بولاي دەپ ئويلىغان.
ئايلىخانىنىڭ چۆگۈنى
بىر تال ئوتۇندا قاينىغان.

قارىسام باغنىڭ ئىچى
ئالا تور[illegible] ئىزى.
[illegible]سام قارىمايدۇ،
[illegible]ازىنىڭ قىزى.

باغۇ-بوستان ئەتكىلى
گۈل-باياۋان ياخشىدۇر،
[illegible]لسە-بىلمەس كىشىدىن
[illegible]لسىز ھايۋان ياخشىدۇر.

قىشتا قورۇلۇپ قايتۇ،
با[illegible]ا [illegible]يگەن چورۇقلار.
يېقىلىپ چۈشمەي ئويناڭلار،
ئەر-خوتۇنلار بىر جۈپلار.

ھەر زامان كويىڭدا يۈرسەم،
سىزگە يوقمۇ سۆزلىرىڭ؟
بىزنى بۇنداق تاشلىۋېتىپ
قانداق چىدايدۇ يۈزلىرىڭ؟

ئەرەنچە تۇماقىڭنى ،
قىستۇرۇپ بۇز ئۆەتمە .
بىز تېخى بالدۇرقىدەك ،
ئۇمىدنى ئۈز ئۆەتمە .

خۇدا دەيدۇ ، خۇدا دەيدۇ
خۇدا ئۆزى بىر ئاللاھ .
يۈرۈكۈمنى كۆيدۈرگەن
قەندەك لېۋى بار باللا .

لاچىن قونمىغان تېرەك ،
سويما سالمىغان پىلەك ،
ياردىن نەچچىنى تۇتسا
يانا قانمايدىكەن يۈرەك .

7 . جۇلا

ئاناسى پاتىمە زۆھرە ،
ئاتاسى شاھى مەرداندۇر .
كۆيۈك ، ئوتىدا جان بەرگەن ،
يۇسۇپ بىلەن زىلەيخادۇر .

سەن ئەزىز ئەتكەن قۇلۇڭنى ،
خار ئېتەلمەس ھېچ كىشى ،
سەن ئۆزۈڭ خار ئەيلسەڭ ،
ھەر يەرگە بارسا خار كىشى .

ھەر كىشىنىڭ دەردى بولسا ،
ۋاي كۆزلىرىدىن ياش كېلۇر ،

بىر خۇشاللىق كەيندىن ۋاي،
بىر كۈن بېشىڭغا غەم كېلۇر.

يايرىمنى كەپتۇ دەپ ئاڭلاپ،
بىلمىنى سەيلىدە باغلاپ.
كۆزۈمنىڭ گۆھىرى ئاقتى،
سېنىڭ يولۇڭغا تولا قاراپ.
قايتۇرما:
باراردا يوللۇرۇڭ بولغان،
مېنىڭدەك ھەمرىھىڭ بولغان،
ئول قىزىلگۈل ھەمرىھىڭ بولغان.
مۇرادىڭغا يەتكىچە
ئابلاجان دوستۇم
رومالىڭغا گۈل بولغان.

كېچە ئۇيقۇدا ياتسام.
ئېتىڭنى قامچىلاپ ئۆتتۈڭ.
گېپىڭمۇ يوق، سۆزۈڭمۇ يوق،
يۈرەككە ئوت سېلىپ ئۆتتۈڭ.
قايتۇرما:

چېكىتمە

باردى دەيدۇ، ياندى دەيدۇ،
مەيلىم ئۆزۈمنىڭ.
ئۇرغان بىلەن سەكسەن قامچا،
يايرىم ئۆزۈمنىڭ.
ئىشىك ئالدى بىر تۈپ سۆگەت،
قۇرغۇي قونالماس.

مېنىڭ يايرىم تىكەنلىك گۈل
بولبۇل قونالماس،
قونغان بىلەن سايرىيالماس،
ئۇنىڭ شېخىدا.
ئالغان ئىدىم يار كۆڭلىنى،
كىچىك چېغىدا.
يايرىم ئاشۇ ئەمەسمىكىن،
شىپاڭدا ياتقان.
قاشىنى ئېتىپ، كۆز ئوينىتىپ،
جانىنى قاخشاتقان.
قانداق كىشى كېتىدىكەن،
يارىنى تاشلاپ،
مەيلى بولسا ئېلىپ كەتسۇن،
بىللىلا باشلاپ.
تېۋىپ بولسا، تېۋىپ بولسا،
تومۇرىنى تۇتار.
يار كېسىلى يۈرەكتىدۇر،
ئۇنى كىم ئۇقار.
يىغلاما قىز ... ۋاي يىغلاما قىز
تاڭلايا كېلەرمىز.

قايتۇرما:

بىر خالتىدا يەي، ۋاي... ئۇنچە مارجان ھەي.
ئېلىپ كېلىمىز
ۋاي، ۋاي... يارەي ...
قايتۇرما:

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

سەنەم

كەچ بولدى زاۋال بولدى،
بايرىمغا ئۇۋال بولدى.
چاچباغىمى ئۆزۈن سىيلىپ.
بىر ياخشى جوۋان بولدى.

بارسىلا بىللە بارايلى،
ئايرىلىپ قالغان يامان.
ئايرىلغانغا كىم ئۆلۈپتۇ،
يولدا يالغۇزلۇق يامان.

ھارىقىنى ئىچمەيمەن،
بېشىم ئاغرىيدۇ مېنىڭ.
ياخشى يامان سۆيسە،
ئىچىم ئاغرىيدۇ مېنىڭ.

ئېسىمنى قويۇپ بەردىم،
بىرنى جىققان قىساققا.
يار دەردى شۇنداق بولسا،
كەتمەي دەيمەن يىراققا.

مەن چىنىگە چاي قۇيدۇم،
بىر قۇشۇق قايماق بىلەن.
ئۆتۈپ كەتتى بۇ ئۆمرۈم،
خۇيى سەت ھايماق بىلەن.

سەلقە

ئاق چەينەككە چاي سېلىپ،
چېيىڭنى قايىنتاي يايرىم.
ئىشىگىڭدىن يار تۇتۇپ،
ئىچىڭنى قايىنتاي يايرىم.

ئەجەپ ئايدىڭ بولۇپتۇر،
يار بىلەن كۆرۈشكىدەك.
ئاشىق-مەشۇق بىر بولۇپ،
قۇچاقلاپ سۆيۈشكىدەك.

يانغاننى چىراق دەڭلار،
كۆيگەننى پىراق دەڭلار،
ئۈچ كۈن كۆرمىگەن يارنى،
كۆڭۈلدىن يىراق دەڭلار.

گۈلنىڭ شاخى غۇنچىدىن،
ئۈزمىگىچە ئايرىلماس.
ياش ۋاقتىدا توي قىلسا،
ئۆلمىگىچە ئايرىلماس.

تال ئېگىلدى پەس بولدى،
قىزغا يىغلاش تەس بولدى.
توينى قوزغاپ مىڭلار،
بۈگۈن كۈنمۇ كەچ بولدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

سىيرىلما

قاشىڭىزنى ئاتىڭىز،
بىزنى تاشلاۋەتىڭىز.
يوقمىكەن خۇدايىڭىز،
زار-زار قاقشاتىڭىز.

كاككۇكۇمنىڭ ئۈنىنى،
يىراقتىن ئاڭلاپ كېلىمەن.
يايرىم بەرگەن سەيلىنى،
بېلىمگە باغلاپ كېلىمەن.

ئاي چىققاندا چىقسۇن دەپ،
سالام يوللىغان يايرىم.
مەن چىقسام ئۆزى چىقماي،
كۈندە گوللىغان يايرىم.

دۇتارىڭنى چالساڭچۇ،
يېڭى چىققان پەدىگە،
ۋايا قىلار دەپىمەن
قارا كۆزنى ۋەدىگە.

غەزەل بىلەن بۇ يولدىن،
ئۆتۈپ كەتتى ياش باللا.
خەۋەر ئالاي دېمەيدۇ،
باغرى قاتتىق تاش باللا.

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگى ئادرىسى

8. دۆگامەت

مۇقەددىمە

ئاتام مەككە، ئانام مەككە،
توغۇلدۇم بىر كۈن ئۆلمەككە.
ئاتا-ئانىدىن مىراس قالغان،
قارا يەرگە كۆمۈلمەككە.

تېرەك بوستان، سۆگەت بوستان،
جىمى بوستانغا مەن ھەيران.
كۆڭۈلنىڭ كەينىگە كىرمە،
قىلىدۇ ئۇ سىنى ۋەيران.

مەن ئىشىمەن چۆللەر بايان،
ئاتام بىلەن ئانام قايان.
بارسىلا مەندىن ئامانەت سۆز،
بۇ دۇنيانىڭ يايانى يوق.

قېنى ئەيسا، قېنى مۇسا،
قېنى نۇھى ھەم ئىسكەندەر؟
بۇ ئالەمنى دەپرىمان ئەيلەپ،
ھەررەت ئادەم ئاتا كەتتى.

ياۋا تۈگكۈزلار تۇرۇپ،
ئاھۇغا قويدى كىم تۇزاق.
يامنى جەننەتكە كىرىپ،
ياخشىغا قالارمۇ دوزاخ.

كاككۇك تولا سايرايدۇ،
باهارنىڭ هاۋاسىدا.
قاينايدۇ مېنىڭ ناخشام،
ئۇلۇغلار دۇئاسىدا.

توۋلايمەن باياۋانى
يوق ناخشامنىڭ بالاھى.
يەتكەن مېنىڭ ناخشامغا
ئۇلۇغلارنىڭ دۇئايى.

چېكىتمە

يار دەردمەن ئادا بولدى.
دەردمەنلەر تولا بولدى.
بىر كۆرۈپ جامالىڭنى.
ئاشىق بىقارار بولدى.

كەتسەڭ كېتىۋەر يايرىم،
سەندىن نىمە پەرۋايىم.
گۇل باشىم ئامان بولسا،
ھەر جايدا مېنىڭ يايرىم.

كۆردۈڭلارمۇ شول يارنى؟
باشتىن ئايىغى گۇلدۇر.
جەننەت باغدا ئۆسكەن،
لەۋلىرى قىزىلگۇلدۇر.

ئاق سەللە، سېرىق سەللە.
كىيگەن تونلىرى مەللە.

ئۇيغۇر كىتاب تورپېتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

هېچقاچان كەلمەيتىلە ،
بۈگۈن نىم بولۇپ كەللە .

ئۆگزەڭگە چىقىۋېلىپ ،
قىلسەن يوغان گەپنى .
سېنىڭ بىلەن مەن تارتماي ،
كىم تارتىدۇ بۇ دەردنى .

پەيزىۋاتتىن كەلگىچە ،
جىگدىگە يۆلەنگەنلا ؟
يۈرىكىمنى كۆيدۈرۈپ
نېمشقا تۆرەلگەنلا ؟

سەنەم

يول بويى باغلار ئارا ،
مايسا كۆك بولدىمىكىن ؟
نازلىنىپ قاپتۇ خېنىم ،
يار كېرەك بولدىمىكىن ؟

تالى مەجنۇن شاخلىرىدەك
ئېگىلىپتۇ بويىڭىز .
هېچقاچان چىقماس ئېسىمدىن
باغدىكى سۆيگەنىڭىز .

توپ تېرەكلىك هويلىدىن
چىققان جۇۋاندىن ئايلىناي .
چېكىسىگە گۈل قىسىپتۇ ،
غۇنچىسىدىن ئايلىناي .

مەن ئىشىمنى سالمايمەن
دەريا بويى لۆم-لۆمگە .
كۆندە نەچچە يىغلايمەن
ئۆتۈپ كەتكەن ئۆمرۈمگە .

ئاتام بولسا كۆرسەممەن ،
ئانام بولسا كۆرسەممەن .
ئاتام بىلەن ئانامنىڭ
ئاياغىدا ئۆلسەممەن .

سەلقە

ئاھ خىنىم ، خىنىم خىنىم
يۈلەنمىگىن تېرەككە .
كۆيدۈرسەڭمۇ كۆيدۈرگىن .
كىم ئۆلۈپتۇ كۆيۈككە ؟

هاۋادا يۈلتۈز تولا
ئاي . چولپانغا ئوخشىماس .
كۈچىدا ئادەم تولا
مېنىڭ ئايامغا ئوخشىماس .

يېتىم دەيدۇ ، يېتىم دەيدۇ
يېتىم قىلسا خۇدا قىلغان .
ئاتامدىنمۇ ، ئانامدىنمۇ
جۇدا قىلسا خۇدا قىلغان .

شاخ گۈلى بولغان بىلەن
مېۋىسىز بولسا بىكار .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ئاي يۈزى تولغان ئىلەن
مېھرىسىز بولسا نىكار.

ئاق بىلەكنىڭ ئاقمىدى،
بىلىكىدىكى قاقمىدى؟
ئاخشام قىلغان نازلىرىڭ،
ماڭا زىمچە ياقمىدى.

سىيرىلما

بۇ ئىشىمدا دەرد تولا
دەردىمنى ئېيتالمىدىم.
كۆڭلۈمنىڭ ئارامى يوق،
ئارام خۇدا ياتالمىدىم.

يار كېتىپ يامان بولدى،
چىرايىم سامان بولدى.
يار بىلەن كۆرۈشمىگىلى
نەس ئالتە زامان بولدى.

گۈل بولۇپ تۇرساڭ ئەگەر،
بۇلبۇل بولۇپ قونغۇم كېلۇر.
بىر قاراپ قويساڭ ئەگەر،
بىر سۆيۈپ ئالغىم كېلۇر.

گۈل تۇۋىدە ئاڭلىدىم
بۇلبۇلنىڭ ئاۋازىنى.
ئەدىمىز ئاپاي ئەمدى
كۆيەكنىڭ داۋاسىنى؟

قورغۇي سالدىم باغچىغا
قۇرغۇي قوشقاچ ئالارمۇ؟
بۇرۇن سۆيگەن يارىمنى
ئەمدى سۆيسەم ئۇنارمۇ؟

9. باياۋان مۇقامى

مۇقەددىمە

ئۆلۈمنىڭ ئۆۋنى كەلدى
قىچىقلار باغۇ-بوستانغا.
قىچىپ ھەرگىز قۇتۇلالمايسەن
تاماشا قىل گۈلىستاندا.

ھاۋا بىلەن ئادەم قېنى؟
ئەيسا بىلەن مۇسا قېنى؟
ئىككى ئالەم سەرۋىرى
غوجام رەسۇلۇللاھ قېنى؟

ئاتاسى ئۆلمىگەن كىم بار؟
ئاناسى ئۆلمىگەن كىم بار؟
كىشىنىڭ يۇرتىغا بېرىپ
مۇساپىر بولمىغان كىم بار؟

جاھاندا نېمىلەر ياخشى؟
ئاتا بىلەن ئانا ياخشى.
ۋاپاسىز قېرىنداشتىن
ۋاپادار ئاشنا ياخشى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

كېۋەزلىككە كىرىپ باقسام.
كېۋەزلەر غوزا باغلاپتۇ.
مېنىڭ ئاقسۇدىكى يارىم
بېلىگە سەيلە باغلاپتۇ.

ئاللا-ئاللا، ئاللايەي،
ئاللانى ئويلا ئويىنغاچ.
گەپ-سۆزۈڭ ئۆتمەيدىكەن
يانچۇقتا ۋە جەك بولمىغاچ.

قارچىغامنىڭ يېپىشى
قىرغول بىلەن توشقان گۆشى.
ھەر كىشى بىلگەي ئۆزىنى،
خەق بىلەن نېمە ئىشى.

ئويۇنى ياچەن ئوينايدۇ،
قىمارنى داچەن ئوينايدۇ.
ئۆلۈمنى ئويلىغان ئىنسان
ئويۇنى تولا ئوينايدۇ.

جېكىتمە

ئىشىك ئالدى كۆل بولسا.
قاپاق تېرەك ئۆسمەمدۇ.
كۆكۈلدىكى يار بولسا،
كىشىنىڭ كۆڭلى ئۆسمەمدۇ.

ئىككى ئېرىقتا سۇ كەپتۇ
ئۈنچە-مارجان ساي بىلەن،

مېنىڭ يايرىم كەپ قايتۇ،
بېكى جىققان ئاي بىلەن.

قوش قۇدۇقنا قوي سويسا،
دىۋانە كاۋاپ يەيدۇ.
ئاق چوكاننى بىر سۆيسە
ئۆلگىچە ساۋاپ دەيدۇ.

چوڭ چىنەمنۇ چېقىلدى،
كىچىك چىنەمگە دەز كەتتى.
ئاق چوكاننىڭ ئۆلگىنى
ئالىە شەگە داغ كەتتى.

ئۆستەڭنىڭ سۈيى سۈزۈك،
قولۇمدا ئالتۇن ئۈزۈك.
سېنىڭدەك بىۋايا ياردىن
ئايرىلىپ كەتكەن تۈزۈك.

سەنەم

ئېشىك ئالدى كۆتەمە،
ئاتلاپ قانداق ئۆتەرمەن؟
سىزدەك ياخشى يايرىمنى
قانداق تاشلاپ كېتەمە؟

كېتەرمەنغۇ-كېتەرمەنغۇ
كۆزۈڭدىن بېتەرمەنغۇ.
ھەر قاچە يامان بولسام،
يادىڭغا بېتەرمەنغۇ.

www.uyghurkitap.com

رومالىڭنىڭ ئۇچىدىن
كېسىۋالاي تۇمالىق.
سېغىنغاندا ئەسلەشكە
سۆيىۋالاي خۇمالىق.

كۆككىنە كەپتەرمىدىم،
كۈندە كۈندە كەلگىلى.
ئايدا-يىلدا سىر كېلەرمەن
ئاي يۈزۈڭنى كۆرگىلى.

ئىشىگىڭدىن تولا ئۆتتۈم،
گۈل زارىڭدا تەرگىلى.
گۈل زارىڭدا بانا بولدى،
ئاي يۈزۈڭنى كۆرگىلى.

سەلقە

تاڭ سەھەردە بۇلبۇلدەك
نومۇچۇقۇم ئويغاتتى.
يار ئوتى يامان ئىكەن.
مېنى ئەجەب يىغلاتتى.

ئات مىندىم ئىگەر بىلەن
باشىيغى يۈگەن بىلەن.
مەن ساڭا تولا كۆيدۈم،
گەپ قىلماي يۈرگەن بىلەن.

تاغ ئېگىز-پەس بولدۇ،
كۈن چىقىپ كەچ بولدۇ.

يارنى تۇتساڭ يىراقتىن
كۆرۈشمەك نەس بولىدۇ.

ئۆزى ئاق. كۆڭلى قارا،
ئەجەپ ئەلەم قىلدىڭ ماڭا.
قىلغىنىڭ كۆڭلۈمدە تۇرسۇن،
مەنمۇ قىلغايمەن ساڭا.

ئېگىز تاغدىن چۈشكەن سۇ
توختاپ قالدى يېقىندا.
سەھەر تۇرۇپ تىڭشىسام
ئۇنۇڭ چىقتى يېقىندا.

سېرىلما

قوشاق قېتىپ ئىزھار قىلدىم،
يۈرەك سۆزۈمنى.
يار ھۆسنىگە نەزەر تاشلاپ،
تىكتىم كۆزۈمنى.
كۆرۈپ قالدىم مەگزى قىزىل،
ئېگىز خىنىمنى،
كۈلۈپ قويۇپ قېيىنمىغىن،
شىرىن جىنىمنى.
غەم قىلمىغىن ئۆمۈر بويى،
ۋاپادارىڭ مەن،
ئاتاپ قويدۇم سىنىڭ ئۈچۈن
يۈرەك قېنىمنى.
يىرىم ئۈچۈن ھەسرەت چېكىپ،
كىرپىك قاقمىدىم،

يايرىم بىلەن بىللە يەي دەپ،
ئالما ساقلىدىم.
ھويلامدىكى چوڭ كۆلۈمگە،
سۇنى باشلىدىم،
يايرىم قاچان كېلەركىن دەپ
يولدا ساقلىدىم.
شېرىن-شەربەت قوغۇنلار،
چۈشتى پىلەككە،
يايرىم كېلىپ تۇتاشتۇردى،
ئوتنى يۈرەككە.

10. چۆل بۈيۈك باياۋان

مۇقەددىمە

چۆل باياۋاندىن چىقىپ
سۇ-سۇنى كۆرگەن بارمىدۇ؟
ياخشى ياردىن ئايرىلىپ،
سەۋدايى بولغان بارمىدۇ؟

باياۋان چۆللىرىگىدىن مەن
قاچان چىقاي بۇ راھەتكە؟
يۈرەكىم سۇ بولۇپ ئاقتى،
سەندىن ئايرىلغان نادامەتكە.

چۆل باياۋاندىن چىقىپ،
ئۈيىنىسپ ئالاي بىر ناخشىنى.
ھەر بالا كەلسە بېشىمغا
سۆيۈپ ئالاي بىر ياخشىنى.

ئالالمىغان تۇكۇر قۇشنى
ھاۋادىكى «مادا» (1) ياخشى.
سر كۆكنەك ئىتەلمىگەن ئاشناڭدىن
تىلەپ يېگەن گاداي ياخشى.

ئەجەپ بولدۇم — ئەجەپ بولدۇم
ئەجەپ بولغانغا يىغلايمەن.
كىشىنىڭ يۇرتىغا بېرىپ
غېرىپ بولغانغا يىغلايمەن.

كۆزۈمدىن تۆكۈلۈر قان ياش،
دىلىم تۇشتى جاراھەتكە.
كېچە-كۈندۈز ئارامىم يوق،
قاچان چىقارمەن راھەتكە.

ئەجەپ بولدۇم — ئەجەپ بولدۇم
كۈنۈم ئۆتتى باياۋاندا.
جاھاندا كۆرمىدىم خوۋلۇق
ئۆلەر بوخشايمەن ئارماندا.

ئاللا، ئاللا، ئاللايەي (يەي)،
ئەل كۆڭلىدە ئاللامدۇ؟
يۈلى بارنىڭ گېپى ئۆتكەن،
يۈلى يوق كالۋامدۇ؟

قارچىغامنى قۇشلىدىم،
ئەتىگەن ھەم كەچلىدە.

---

(1) مادا — قۇش.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

ئۆتۈپ كەتتى بۇ ئۆمۈر
چۆل باياۋان دەشتلىدە.

ئۆلۈم دەيدۇ — ئۆلۈم دەيدۇ،
ئۆلۈم نەگە يېتىپ كەپتۇ؟
دوزاخ دەيدۇ، بېھىش دەيدۇ،
ئۇنى قايسى كۆرۈپ كەپتۇ؟

سېرىق سەبدە تولۇن ئايدەك
يۈزۈڭگە نۇر ياراشىپتۇ.
سېنىڭ ئوتى پىراقىڭدا
يۈرەككە ئوت تۇتاشىپتۇ.

يايرىمىنى كەپتۇ دەپ ئاڭلاپ،
بىلىمنى سەيلىدە باغلاپ.
سېنى كەلمەيدۇ دەپ ئاڭلاپ،
باياۋان چۆللىدە يىغلاپ.

چېكىتمە

ئەجەپمۇ ياراشىپتۇ،
سېپىل تۆۋىگە جەندەك.
كىشىنىڭ يۇرتىغا بېرىپ،
ھېچكىم بولمىسۇن مەندەك.

راۋابىڭنى ئالساڭچۇ،
يۇرۇپ چۆللەردە چالساڭچۇ.
مەن مۇساپىر، سەن غېرىب
مېنى بىر يولغا سالساڭچۇ.

ئېتىم جەدە، ئېتىم جەدە،
مىنسەم قۇيرۇقى يەردە.
غېرىبلىق ماڭا يەتتى،
غەمگۇزار ئانام نەدە.

ئوقەتنىڭ چىبغى چاغلىق
جان كۆندە چىچەكلەمدۇ؟
كۆندۈزى پىلەك تاشلاپ،
كېچىسى خەمەكلەمدۇ؟

سايرامنىڭ كۆلى دەيدۇ.
يا ئاقمايدۇ تاشمايدۇ.
ئۆلۈمنىڭ نۆۋىتى كەلسە،
ياش-قېرىغا باقمايدۇ.

مەن قۇشۇمنى غازغا سالدىم،
كىم سىلىپتۇ قاغىغا.
ئاللە قاغا بىر بولۇپ،
ئالدى قۇشۇمنى ئارىغا.

سەنەم

ئاق سارايىڭ بار ئىكەن،
رەدىۋالىڭ يوق ئىكەن.
ئاتا-ئاناڭ بولمىسا،
ئەتىۋارىڭ يوق ئىكەن.

مەن بۈگۈن كەتمەكچىمەن،
ئەرزىم بايان ئەيلەپ كېتەي.

ئەرزىم خۇداغا يەتمىسە،
چۆللەردە قان يىغلاپ كېتەي.

ئاقتۇر بىلىكىم ئاقتۇر،
ياردىن تەلىيىم يوقتۇر.
ياردىن تەلىيىم بولسا،
ئۆلسەم ئارمىنىم يوقتۇر.

باغدا ئۆسكەن لەيلى بىز،
تاغدا ئۆسكەن لەيلى بىز.
تاھىر بىلەن زۆھرەدەك
ئۆلۈپ كەتسەك رازى بىز.

ئېگىز ئاسماندا ئاي ياتتى،
مەرغۇلاىدا تاڭ ئاتتى.
يار ئۈنى يامان ئىكەن
ھەر نەرەپكە قاراتتى.

سەلقە

ھاۋا ئايلىناي دەيدۇ،
مەنمۇ ئايلىنارمەنمۇ؟
دۈشمەننىڭ سۆزى بىلەن
ياردىن ئايرىلارمەنمۇ؟

سېنى ئۇنداق ياراتىپتۇ
مېنى بۇنداق ياراتىپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ئىككىمىز ئاراسىدا
ئاقار دەريا ياراتىپتۇ.

ئاتلارنى ھەيدەيدىكەن
مۇز داۋان بىلەن.
بىر ياخشىنى قىينايدىكەن
بىر يامان بىلەن.

نۇقەت قىلمىدى دەيسەن
قانداق قىلىمەن نۇقەت.
يار يادىمغا يەتكەندە.
تەندە قالمىدى تاقەت.

كۆزۈك بىلەن قارايسەن،
زۇلفۇك بىلەن باغلايسەن،
ساڭا مەن نىمە قىلغان؟
يۈرۈكۈمنى داغلايسەن.

سىبىرىلما

ئىرىقىڭدا سۇ يوقمۇ
ئۇسسۇزلۇقتا مەن تەشنا.
ئۇسسىغاندا سۇ بەرگەن
قارا قاشقا مەن ئاشنا.

مەن راۋاننى چالسەن
بىلىكىمنىڭ نارىدىن.
بىر جىنە چاي چىقمىدى
شول خىنىمنىڭ گۆرىدىن.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

راۋابىمنىڭ كاللىسى
يىلان بېشى كەكلىك قېشى.
سىزنىڭ يارنىڭ ئويىنىشى
ئاقسۇ بىلەن مارالبېشى.

ئاۋاتنىڭ بازارىدا
ئون تاسقايدۇ لەگزىدە.
ئاق جۇۋاننى بىر سۆيسەم
قان توختايدۇ مەگزىدە.

باغدا بۇغداي تېرىسا
بۇغداي بۇدۇشقاق بولغىدەك.
ئۆيدە بەش يول بولمىسا
خوتۇن ئورۇشقاق بولغىدەك.

11. خۇدەك باياۋان

مۇقەددىمە

ئاي چىقىپ يەلەككە بەتتى.
كۈن نىجى پەرمان بىلەن.
كۆكۈل ئاچساق تەڭ ئاچايلى.
مەشرەپ-بۇدنىڭ بىلەن.

لاچىنىم ئۇچتى يەلەككە
مەنزىلى ئاندىن يىراق.
مەيلىمىز سىزگە چۈشۈپتۇ.
نە قىلاي ئۆچمەي پىراق.

مەن سۆيەرمەن بىر كۈنى
يايرىم ئامانلا بولسىلا.
ئېچىلارمەن خۇددى گۈلدەك
بىر قاراپ [illegible]لانسىلا.

كۆيدۈممەن ب[illegible]-ياھ يۈرەك دەپ،
ئۆتتى بۇ بە[illegible]اشلىقىم.
سىز خېنىمغا ئۆيدى يۈرەك،
قالمىدى بەرداشلىقىم.

ئاھ يۈرەك دەپ زارلىسام،
زاڭلىق ئېتەر سەبداشلىرىم.
ئىشقىڭدا مەستانە بولدۇم
مەجنۇن بولۇپ بۇ ياشلىقىم.

ئىلاھا بەندىڭىز ئوخشاش
زۈلۈمنى كىم ياراتقاندۇ؟
ئىگىز-پەسلىكنى تەڭلىك دەپ،
ئۇنى قايسى ياراتقاندۇ؟

بۇرادەرلەر ئۆلۈپ كەتكەن
بۇ ئالەمگە يەنە كەلمەس.
ياخشىلىك نامى ئۆچمەيدۇ
يامانى ھېچ كىشى بىلمەس

چېكىتمە

گۈلزارلار گۈلى بىلەن،
گۈل ئۆسەر غولى بىلەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئوينساڭ تۇزۇك ئوينا.
ھەر ئىشنىڭ يولى بىلەن.

ئۇ قاتتىن كەلگەن شامال
ئۆرۈۋەتتى باراڭنى.
باغلاپ قويسا تۇرمايدۇ
كۆڭۈل دېگەن ساراڭنى.

قارا قاشنى قاش دېمەڭ،
قارا قاش قەلەمچىدۇر.
كونا يارنى تاشلىماڭ،
يېڭى يار ئالدامچىدۇر.

ئۆستەڭ چاپساڭ چوڭقۇر چاپ،
سۇ كەلگەندە بوپلايمىز.
بىز ئىككىمىز بىر بولساق،
كۈندە خۇشال ئوينايمىز.

باغلىرىمغا كۆپ كېلىپ
شىلدىرلاتتىڭ غاراڭنى.
مەندىن باشقا يار تۇتساڭ،
خۇدا بەرسۇن جاجاڭنى.

سەنەم

ئۆزى ئاق، كۆڭلى قارا
ئەجەپ ئەلەم قىلدىڭ ماڭا.
قىلغىنىڭ كۆڭلۈمدە بار،
مەنمۇ قىلغايمەن ساڭا.

كىتىپ يارغان چوكاننىڭ
تۆگمىسى قاتار-قاتار.
تۆگمىسىنى يەشكىچە
توخۇ چىللاپ تاڭ ئاتار.

ھۆل ئوتۇنغا ئوت ياقسام
ئوتۇڭ يانمىدى دەيسەن.
ئون بەش كۈندە بىر كۆرۈپ،
كۆڭلۈم قانمىدى دەيسەن.

يارشىڭۇ نەچە پۇل.
ئەتلەس كۆينەك ئۇچاڭغا.
قاچانغىچە كېلىمەن
دىۋانىدەك كوچاڭغا؟

تالاغا چىقىپ باققىن،
سالقىنراق شامال بارمۇ.
دەردىڭدە يۈرەك كۆيدى
بۇنىڭغا ئامال بارمۇ؟

سەلقە

مەھەللىڭىزنى سۇ بېسىپتۇ،
ئۆتكىدەك يەر بارمىدۇ.
يۈزىڭىزنى داغ بېسىپتۇ
سۆيگىدەك يەر بارمىدۇ.

ئالتۇن كۆل ئۆيۈڭ نەدە؟
نەتە كەچ باراي دەيمەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

چىرايىڭ تولۇن ئايدەك
تويماسىن قاراي دەيمەن

خەقلەر ھەر نىمە دەيدۇ،
بىر قاراپ كۆرۈنگەننى.
ئەقلى بولسا بىلمەمدۇ
مىڭ ئۆلۈپ تىرىلگەننى.

بۇلبۇل تولا سايرايدۇ
سايرام كۆلى بويىدا.
بىرگە ئۇسسۇل ئوينايلى
ئىككىمىزنىڭ تويىدا.

غورۇچۆلى چۆل دەيدۇ،
چۆل ئەمەس ئاۋات ئىكەن.
بىزنىڭ يارنى قەن دەيدۇ،
قەن ئەمەس، ناۋات ئىكەن.

سىبىرلىما

غۇلجىدىن موزاي چىقتى.
تەگدىن تولىسى قاشقا.
ياش باللا كۆيۈپ قاپتۇ
قىرىغان قەلەم قاشقا.

بىگى سالغان قوتاننىڭ
تۆت ئەتراپى قوشاملىق.
ئاشىق-مەشۇق تېپىشسا،
بىمدىگەن خۇشاللىق.

ئېگىز تاغقا چىقتىم مەن
تاپىنىمغا تاش قويۇپ.
مۇرادىمىزغا يېتەرمىز
سىر تەكىيگە باش قويۇپ.

يايرىم بىلەن ئىككىمىز
ئايرىلدۇق ئاداۋەتتە.
ئايرىلسا كىشۇەرسۇن
دەۋا يوق قىيامەتتە.

بىلەكلەرنى ئاختۇرۇپ،
سويما تايىمەن ئەمدى.
ياخشى ياردىن ئايرىلدىم،
يالغۇز ياتىمەن ئەمدى.

12. دۇتار باياۋان

مۇقەددىمە

ھەر كىم ئۆلمەسنى بۇرۇن
يەنمەس بۇ جانىنىڭ قەدرىگە.
كىم ئۆلەر ھالەتكە يەتسە.
شۇ بىلەر جان قەدرىگە.

ئۇنداق ئەتمەگىلا مېنى.
مۇنداقمۇ ئەتمەگىلا ... مېنى ...
قايتۇرما :
ۋايەي...

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگى ئادرېسى

ئاقۋەت لازىم بولارمىز،
تاشلىۋەتمەڭلا ... ھەي ....
جىسىم جېنىم ... ھەي ...
تاشلىۋەتمەڭلا مېنى ....

كاككۇكۇم گۇگكۇك ئېتەدۇ
توغرىقىمىنىڭ ... باشىدا.
قابتۇرما:
ۋاي ... شاخىغا قونماي تۇرۇپ
ئوسما ئىلەيدۇ ... ھەي قاشقا.
ۋايەي ... ۋاي شاخىغا قونماي تۇرۇپ،
ئوسما ئىلەيدۇ ... ۋاي خېنىم ...
ئوسما ئىلەيدۇ جان قاشقا.

خۇدايا خۇداۋەندە
ماجالىم قالمىدى بەندە.
ئىسىگەندىن گاداي ئۆتتۇم
ئۇچامغا كىيىپ جەندە.
قابتۇرما:
ئېرەكسىز ھويلىغا كىرسەم.
قوياش نۇرى ماڭا چۈشتى.
بويۇڭدىن ئۆرگىلەي بايرىم
مېنىڭ كۆڭلۈم ساڭا چۈشتى.

خۇدايا خۇداۋەندە
ماڭا ئۆلگەندە ئىمان بەر.
دوزاخ ئوتىدىن ساقلاپ
بېھىشتىن ھۆرى، غىلمان بەر.

ئەجەپ بولدۇم — ئەجەپ بولدۇم.
كۈنۈم ئۆتتى باياۋاندا.
جاھاندا كۆرمىدىم خوۋلۇق،
كېتەرمەن بىر كۈن ئارماندا.

ئۆلۈپ كەتسەك بۇرادەرلەر
بولارمىز ئاخىرى تۇپراق.
كېلىڭلار مەشرەپ ئوينايلى
بەزمە قىلىلى كۆپراق.

تۈگمەس بۇ مېنىڭ ناخشام،
قوشۇپ ئەلدىن قوشاق نەزمە.
ھاياتنىڭ مەنىسى شۇلدۇر،
تاماشا ھەم ئويۇن نەزمە.

ياخشى-يامان گۇناھ قىلدىم،
بېھىشتىن سۆز ئاچالمايمەن.
دوزاختا ھەيدىلىپ قالسام.
ئۇنىڭدىن ھەم قاچالمايمەن.

كۆرۈڭلار بۇ تاماشانى،
نادانلار ئەلنى ھەيدەيتۇ.
ئۆگىسەك بۇرنىنى تېشىپ.
تېشەك قوڭغا باغلايتۇ.

چېكىتمە

دەريانىڭ ئۇ قېتىدا،
كۆرۈنگەن تېرەك بىزنىڭ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگى ئادرىسى

شۇنچە خەق ئاراسىدا،
كۆيىدۇ يۈرەك بىزنىڭ.

ئېمىكنىڭ ئارقىسى شورلۇق،
يۇتۇڭ ئاغرىمدىكى يايرىم.
ئۇتۇڭدا ئۆلۈپ كەتسەم،
ئىچىڭ ئاغرىمدىكى يايرىم.

ئۇچاڭدىكى چەكمەنمۇ؟
ئۆشنەڭدىكى كەتمەنمۇ؟
چىرايىڭ ئېچىلمايدۇ،
سەنمۇ مەندەك دەردمەنمۇ.

يامغۇرلار تولا ياغسا،
مۇز داۋانلار پەسلەيدۇ،
يار ئۆزۈڭگە هوشيار بول،
دۈشمەن بىزنى قەستلەيدۇ.

كىشى قويسام ئاناڭغا،
كىچىك دەپتۇ يېشىڭنى،
كىچىك بولساڭ نېمىشقا
قارا قىلدىڭ قېشىڭنى؟

سەنەم

ئاياق ئېرەك ئالدىدا
ئۆيۈڭ بارمىدى يايرىم؟
سوغا چىققاچ قارايسەن
كۆڭلۈڭ بارمىدى يايرىم؟

يايرىم كەتتى يىراققا
كەينىگە يانارمىكىن.
بىر قېتىم سۆيۈۋالسام
يۈرۈكۈم قانارمىكىن.

ئىرنىقتىكى لاي سۇنى
كۆلگە تاشلىماڭ يايرىم.
ئەقلى ھوشىڭىز بولسا،
بىزنى تاشلىماڭ يايرىم.

بىزنىڭ باغدا يىمىش بار.
ئالتۇن بىلەن كۈمۈش بار.
يېڭى يارنى كۆرگەندە،
كونا يارغا نېمىش بار.

سەلقە

ئالما بەرگەن قولۇمدا
نىيە بەرسەم يېدىڭمۇ؟
تاشلىۋېتىپ سەن مېنى،
غېرىب بولسۇن دېدىڭمۇ؟

ھاۋادىن ئۇچۇپ چۈشكەن
ئۆردەكمىكىن، غازمىكىن.
يايرىم سېنىڭ ئىشىقىڭدا
تارتقان دەردىم ئازمىكىن.

گۈلنى — گۈل دەرمۇ كىشى،
گۈلنىڭ ساپاسى بولمىسا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

يارنى — يار دەرمۇ كىشى،
يارنىڭ ۋاپاسى بولمىسا.

گۈل ئېچىلسا نېمە بولۇر؟
گۈللەپ ئېچىلسا نېمە بولۇر؟
سىر قىسمىلىق گۇناھنى
يايرىم كەچۈرسە نېمە بولۇر؟

يار دەيسەن ئىگىلمەيسەن
مەيدەڭدە ئۆمۈر بارمۇ؟
ئاخشاملىقتا كەل دەيسەن
خالىدا ئۆيۈڭ بارمۇ.

سىپىرىلما

خامان سورىماي تۇرسام،
ئارىسى يوق دېدىڭمۇ؟
كۆيۈپ قالدىم دەپ قويسام،
دورىسى يوق دېدىڭمۇ.

بۇلبۇلۇڭ بولاي دەيمەن،
شاخىڭغا قوناي دەيمەن.
ئۆزگە يايرىڭ بولمىسا،
مەن يايرىڭ بولاي دەيمەن.

ھاۋانى ئۇمان باستى،
قار يېغىشنى كىم بىلدى؟
ئاخىرى جۇدالىقتا
ئايرىلىشنى كىم بىلدى؟

راۋابىمنىڭ ئۈنىنى
ئاڭلىدىڭمۇ ئاخشامدا؟
ئىچىمدىكى دەردىمنى
ئېيتىۋالدىم ئاخشامدا.

ئاھ خېنىم، ئويناڭ خېنىم،
داپنى مەن ھارماي چالاي.
كۆڭلىڭىز يۈزۈلمىسۇن
مەن سىزنى چوقۇم ئالاي.

مەن يارنى كۆردۈم، مەستانە بولدۇم.
ئەقلى ھوشۇمدىن دىۋانە بولدۇم.
دىۋانە قىلغان ئايدەك يۈرىكىدۇر،
كويلارغا سالغان شېرىن سۆزىكىدۇر.



www.uyghurkitap.com

ئۈچىنچى باب

دولان چالغۇلىرى ۋە ئۇنىڭ پەيدا بولۇشى

1. دولان چالغۇلىرىنىڭ قۇرۇلمىسى ۋە ئۇنىڭ تېخنىكىلىق ئالاھىدىلىكى

«دولان چالغۇلىرى» دېگىنىمىز، دولان راۋابى، دولان قىل غېجىكى، دولان قالۇنى، دولان نەغمە دېپىدىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ چالغۇلار دولان ناخشا-ئۇسسۇل سەنئىتىگە ئىنتايىن ماس كەلگەنلىك سەۋەبىدىن دولان مەشرىپى ئاشۇ چالغۇلار بىلەن ئورۇندىلىپ كەلگەچكە، ناملىرى دولان نامى بىلەن ئاتىلىپ كەلگەن. بۇ چالغۇلارنىڭ قۇرۇلمىسى ئاددىي، مىلودىيىسى مۇڭلۇق بولۇپ، ئۇنىڭ قۇرۇلمىسىدىكى بەزىبىر خۇسۇسىيەتلەردىن ئىپتىدائىي پەيدا بولۇش تارىخىغا مۇناسىۋەتلىك ئالاھىدىلىكلەرنى كۆرگىلى بولىدۇ. دولان چالغۇلىرىنىڭ قۇرۇلمىسى ئاساسەن مۇنداق بولىدۇ:

دولان راۋابى

دولان راۋابىنىڭ باسلىشى باھابىتى ئاددىي بولۇپ، راۋابچىلار تەرىپىدىن ئۆزلىرىنىڭ كۆڭلىدىكىدەك ياسىلىپ چېلىنىدىغان بولغاچقا، ئۇنىڭ چوڭ-كىچىكلىكى جەھەتتە ئۆلچىمى بولمايدۇ. لېكىن شەكىل

جەمەتنىڭ ئاساسەن بىر خىل بولىدۇ.

دولان راۋابى ئۈجمە ياغىچىدا ياسىلىدۇ. ئۇنىڭ بېشى 17-20 سانتىمېتىر چوڭلۇقتا قىلىپ، ئىچى ئىككى سانتىمېتىردىن ئون سانتىمېتىرغىچە چوڭقۇرلۇقتا ئويۇلىدۇ. ئارقا تەرىپى يايپىلاق. كەينى گۈرگە ئوخشاش كېتىدۇ. ئۇنىڭ دەستىسى 75-60 سانتىمېتىرغىچە، خەرەكنىڭ ئۇزۇنلۇقى سەككىز سانتىمېتىر، ئېگىزلىكى ئۈچ سانتىمېتىر ئەتراپىدا بولىدۇ. ئۇنىڭغا بەزى جايلاردا 13 تال، بەزى جايلاردا 17 تال قولاق بېكىتىلىپ، يۇقىرىدىكى ئۈچ قولاققا ئىككىسى زىل، بىرى بوم ئۈچ تال تار. راۋاب دەستىسىنىڭ بىر يان تەرىپىگە بېكىتكەن 10 تالدىن 14 تالغىچە بولغان قولاقلارغا سىم تارتىلىدۇ. ئورۇنلاشتۇرۇلۇشتا، ئالدى تەرەپكە زىل تار، ئارقىغا بوم تار، ئۇنىڭ ئارقىسىغا سىم تارتىلىدۇ. قەدىمكى راۋابلارنىڭ كۆپىنچىسى 13-14قولاقلىق كېلىدۇ. راۋاب دەستىسىنىڭ يۇقىرى باشقا راۋابلاردىن كەڭرەك بولۇپ، ئاستى تەرەپ ئالتە سانتىمېتىر، ئۈستى تەرەپ ئۈچ سانتىمېتىر كېلىدۇ. زەخمەك بىلەن چېلىنىدۇ. چېلىش ئۇسۇلىدا، زەخمەكنى سىمغا بوش، تارغا قاتتىق ئۇرۇپ چالىدۇ، زەخمەكنى تاردىن سىيرىلدۇرۇپ راۋاب دىپىغا قاتتىق تەگكۈزۈپ پاكىلدىغان بىر خىل ئاۋاز چىقىرىش ئارقىلىق قوشۇمچە مېلودىيە ھاسىل قىلىدۇ. راۋاب دەستىسىگە پەدە بېكىتمەيدۇ. پەدە باسىدىغان قول باشقا راۋابنەك كۆپ بۆتكەلمەيدۇ. دولان راۋابىنىڭ ھەممە قولاقلىرىغا تامامەن سىم سالىسمۇ بولۇۋېرىدۇ. سىم يوق ئەھۋالدا ئۈچ تال تار بىلەنمۇ چالغىلى بولىدۇ.

دولان راۋابىنىڭ ياسىلىشىدا رايونلار پەرقى كۆرۈلىدۇ. بولۇپمۇ مارالبېشى، مەكىت قاتارلىق رايونلاردىكى دولان راۋابلىرى بىلەن ئاۋات ناھىيىسىدىكى دولان راۋابىنىڭ شەكلى ئوخشىمايدۇ. ئاۋات ناھىيىسىدە پىشقەدەم دولان راۋابچىلىرى ئاساسەن ئۆلۈپ تۈگەپ، پەقەت بىر نەچچىلا ئوتتۇرا ياشلىق راۋابچىلار قالغان بولغاچقا، راۋاب ياسايدىغانلار تۈگەپ، ھۈنەرۋەنلەر تەرىپىدىن ياسىلىدىغان

بولۇپ قالغان. ئۇلار چىرايلىق قىلىش ئۈچۈن بېشىنى قەشقەر راۋابىدەك يۇمىلاق، ئىچىنى چوڭقۇر ئويۇپ، راۋاب بېشىنى 25 سانتىمېتر ئەتراپىدا چوك. دەستە يۈزى 65 سانتىمېتر كەڭ ھەم تۇم قىلىنىپ سىقىمغا تەستە پاتقىدەك قىلىپ ياسىغان. ئۇنىڭ دەستىسى ۋە بېشىنىڭ ئارقا تەرىپىگە تامامەن دېگۈدەك نەقىش ئويۇپ مۇرەككەپلەشتۈرۈلۈپ. دولان راۋابىنىڭ تارىخى شەكلىنى قىسمەن ئۆزگەرتىۋەتكەن. بۇ ھال پايدىسىز ئەھۋال دولان راۋىبىنىڭ بوقۇلىسىنى ئىلگىرى سۈرگەن. قەدىمدىن تارتىپ دولان چالغۇلىرىنىڭ داپ يۈزىگە ئۇششاق تۆشۈك قويۇش ئادەت بولۇپ كەلگەنلىكتىن. قالىن. غىجەككە ئوخشاش راۋاب يۈزىدىمۇ 10-20 ئەتراپىدا ئۇششاق تۆشۈكچىلەر قويۇپ كېلىنگەن. ئاۋات ناھىيىسىنىڭ راۋاب ياسىغۇچىلىرى بۇ ھال ئالاھىدىلىكنى بىلمىگەن. ئاۋات دولان راۋابلىرى قەدىمكى پاكى ھەقىقى دولان راۋىبىنىڭ بىكى شەكلىدىكى بىر خىل ۋارىيانتىنى پەيدا قىلغان. بۇ دولان راۋىبىنىڭ قەدىمكى شەكىللىرىگە ۋەكىللىك قىلالمايدۇ.

دولان قىل غىجىكى

دولان قىل غىجىكىنىڭ ياسىلىشى ناھايىتى ئاددىي بولۇپ، غىجەكچىلەر ئۆزلىرى ياسىۋالىدۇ.

غىجەكنىڭ بېشى يۇمىلاق قىلىپ جىگدە دەرىخىنىڭ ھۆررىكىدىن پاكى يۇلغۇننىڭ ھۆررىكىدىن چىرايلىق ياساپ، ئىچىنى تەكشى ئويۇپ خوددى قاپاقنىڭ قىلىنلىقىدا قالدۇرىدۇ. ئۇنىڭ ئېرە كېرىلىدىغان داپ يۈزىنى غىجەك بېشىنىڭ چوڭ-كىچىكلىكىگە قاراپ 10-14 سانتىمېتر غىجە قىلىدۇ. غىجەك بېشىنىڭ داپ يۈزى كىچىك. قورسىقى چوڭراق كومزەك شەكلىدە بولىدۇ. بەزىلەر چۆچەكنىن. بەزىلەر قاپاقتىنمۇ ياساپ چالىدۇ. غىجەك دەستىسى ئاساسەن 70تىن 80 سانتىمېتر غىجە ئەتراپىدا بولىدۇ. كاماچىسى 60 سانتىمېتر كېلىدۇ.

غېجەك بېشى بىلەن قىل تۈشۈكى (قۇلاق) ئارىلىقى 40-50
سانتىمېتر كېلىدۇ. دەستە تۇم ياسىلىپ، ئۇچى تەرەپ قۇببە
شەكلىدە خەرەكلىك بولىدۇ. ئاستى تەرەپتە غېجەكنىڭ بېشىدىن
چىقىپ تۇرىدىغان تېرەك قىسمى 20 سانتىمېتر ئەتراپىدا بولۇپ،
ئۇنى يوتىسىغا دەسسىتىپ تۇرۇپ چالىدۇ. غېجەكنىڭ ئاساسلىق
تارىسى بىر تال بولغاچقا، غېجەكنىڭ قۇلىقىمۇ بىر تال بولۇپ،
سىنىمغا بىرلا كەلگەندەك دەرىجىدە تۇم ۋە كۆپ خەرەكلىك بولىدۇ.
غېجەككە ئارىلىغان قىل بىلەن كامانچا قىلىنىڭ تومىلىقى پەرقلىنىدۇ.
غېجەككە ئات قۇيرۇقىدىن 45 تال بىرلەشتۈرۈپ بىر تال تار قىلىپ
سالىدۇ. كامانچىغا 55-60 تالغىچە قىلنى بىرلەشتۈرۈپ سالىدۇ.
كامانچا قىلىنىڭ غېجەككە سېلىنغان قىلدىن تۇم بولۇشى تېخنىكىلىق
جەھەتتە ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپ، ھەر قانداق
غېجەك قىللىرىنىڭ يوقىرىقىدەك شەكىلدە بولۇشى مۇقەررەر بەلەپ
قىلىنىدۇ. غېجەكنىڭ قىلىدىن كامانچا قىلىنىڭ تۇم بولۇشى ئاۋاز
چىقىرىشتا مۇناسىۋەتلىك بولغاچقا. بۇنىڭ رولى ناھايىتى چوڭ بولىدۇ.
غېجەككە تار سېلىنىش ئاشقا، دەستىنىڭ ئىككى يان تەرىپىگە
بىر تەرەپكە يەييە تال. بىر تەرەپكە ئالتە تال سىمنى بىر-بىرىدىن
بەش مىللىمېترغىچە كەينىگە چېكىندۈرۈپ سالىدۇ. غېجەك دېپىغا
دەسسىلىگەن خەرەكنىڭ ئېگىزلىكى تۆت سانتىمېتر بولۇپ، قىل
تارىسى خەرەكنىڭ ئۈستىدە يالغۇز تۇرىدۇ. سىملىرى خەرەكنىڭ
ئىككى يان تەرىپىگە ئېگىز-پەس ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ ياكى خەرەكنى
تېشىپ. شۇنىڭدىن ئۆتكۈزۈپ قويىدۇ. كامانچا پەقەت قىلغا سۈركىلىپ
سىمغا تەگكۈزۈلمەيدۇ. كامانچىنىڭ قىلى تۇم بولغاچقا. غېجەك قىلغا
سۈركەلگەندە ئىنچىكە قىلغا بېسىم ھاسىل قىلىپ. قىلنى كۆتۈرۈپ
تۇرغۇچى خەرەك ئارقىلىق غېجەك دېپىنى تىترىتىدۇ. بۇ چاغدا
غېجەك دېپىنىڭ تەبىئي سىلكىنىشى بىلەن خەرەك تىترەپ، سىم
ھەرىكەتلىنىپ، ئۈستىدىكى قىلنىڭ ئاۋازىدىن ئەكس سادا قوبۇل
قىلىدۇ-دە، قىلغا ماسلىشىپ سىرتقا چىقىرىدۇ. غېجەك دېپىدىكى

www.uyghurkitap.com

قىل كۆتەرگۈچ خەرەكنىڭ ئالدىدا بىر جايغىلا يۇمۇلاق شەكىلدە ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئالتە دانە كىچىك تۆشۈك بولىدۇ. تۆشۈكنىڭ چوڭلۇقى تىرنىقتەك كېلىدۇ. غىجەك بېشىنىڭ كەينى تەرەپتە دەل ئوتتۇرىسىدا دىئامېترى بىر يېرىم سانتىمېتر چوڭلۇقتا يۇمۇلاق تۆشۈك بولىدۇ. بۇ ئىككى تەرەپتىكى تۆشۈكلەر مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپ، غىجەكنىڭ ئاۋازى داپ يۈزىدىكى كىچىك تۆشۈكتىن غىجەك چۆچەكنىڭ ئىچىگە كىرىپ، ئايلىنىپ ئارقىسىدىكى يوغان تۆشۈكتىن بىر خىل غوڭ ئاۋاز چىقىرىدۇ. بۇمۇ بىر خىل قوشۇمچە ملودىيە ھاسىل قىلىپ، مۇزىكا ئېھتىياجىنى تولۇقلايدۇ.

يوقىرىقىدىن باشقا، غىجەكنىڭ يەنە بىر خىلمۇ بار بولۇپ، ئۇنىڭ شەكلى قورۇلۇشى يوقىرىقىغا تامامەن ئوخشايدۇ. قىلى ئىككى بولىدۇ. بۇ خىل شەكىل ئىنتايىن ئاز ساندا بولۇپ، ئاۋات ناھىيىسىنىڭ غورو چۆل دولان مەھەللىسىدە ئولتۇرۇشلۇق ئىمىن ھاجىنىڭ غىجىكى مۇشۇ خىل شەكىلدە ياسالغان.

دولان قالۇنى

قالۇننىڭ شەكلى باختا ئاتمىدىغان دۇكاننىڭ بېشىغا ئوخشاپ كېتىدۇ. قەدىمكى قالۇنلارنىڭ ھەممىسى ئوخشاشلا 33 سىملىق بولۇپ 1-سىم بىلەن 2-سىمنىڭ ئارىلىقى ئۈچ-تۆت مىللىمېتر بولىدۇ. 2-سىم بىلەن 3-سىمنىڭ ئارىلىقى بىر يېرىم سانتىمېتردىن ئىككى سانتىمېترغىچە بولىدۇ. 3-سىم بىلەن 4-سىمنىڭ ئارىلىقى يەنە 1-، 2- سىمنىڭ ئارىلىقى بىلەن ئوخشاش كەڭلىكتە بولىدۇ. 4-سىم بىلەن 5-سىمنىڭ ئارىلىقى يەنە 2-سىم بىلەن 3-سىمنىڭ ئارىلىقىدەك كەڭلىكتە بولۇپ، ئاخىرىغىچە ئاشۇ تەرتىپتە بېكىتىلىدۇ. ئاخىرقى بىر تال سىم تاق بولىدۇ. 33 تال سىمدا 15 تار ئارىلىق، 16 كەڭ ئارىلىق ھاسىل بولىدۇ. قالۇن ساندۇق شەكلىدە بولۇپ، كەڭلىكى 50 سانتىمېتر، ئۇزۇنلۇقى 70 سانتىمېتر، ئېگىزلىكى 12

سانتىمېتر كېلىدۇ. ئۇنىڭ ئىچى ساندۇق بولۇپ، ئالدى تەرەپتە قول پاتقىدەك تۆت چاسا تۆشۈك قويۇلىدۇ. بۇ تۆشۈك ئارقىلىق قالۇننىڭ ئىچىدىكى سايمانلىرىنى سىلاپ قويىدۇ. يەنە بىر جەھەتتىن قالۇن يۈزىدىكى تۆشۈكنى كېڭەيگەن سىمنىڭ ئاۋازلىرى كانايدەك بۇ بوغان تۆشۈكنىڭ چىقىشىدا بىر خىل ئۆزگىچە ئاۋاز چىقىرىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە. قالۇن خەرىكى بىر پۈتۈن ئۆزۈن بولۇپ، چىرايلىق ئىشلەپ قالۇن ئەگمىسىنىڭ شەكلىگە ماسلاشتۇرۇپ تۇرغۇزۇلىدۇ. قالۇننىڭ باشىسى ئۈجمە ياكى جىگدە ياغىچىدىن ياسىلىدىغان بولغاچقا، يۈزلىرى چىرايلىق چىقىدۇ (سىرلانمايدۇ).

قەدىمكى قالۇنلار بىلەن كېيىن ياسالغان قالۇنلاردا قىسمەن ئۆزگىچىلىكلەر بار. قەدىمكى قالۇنلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك جىگدە ياغىچىدىن ياسالغان بولۇپ، قالۇن يۈزىنىڭ يۇقىرى تەرىپىگە. يەنى بىر جايغىلا يۇمۇلاق دائىرە ئىچىگە بۇغداي جوكلۇقىدا 30 دانە تۆشۈك تېشىپ قويۇلغان. بۇ تۆشۈكلەر دولان راۋابى، دولان قىل غىجىكى يۈزىدىكى تۆشۈكلەر بىلەن ئوخشاش رول ئوينىغان. كېيىن ياسالغان بەزى قالۇنلارنىڭ يۈزىگە دەل ئوتتۇرىسىغا بىر جايغىلا بەش تال تۆشۈك قويۇلغان بولسا، بەزى قالۇنلارنىڭ يۈزىگە تۆشۈك قويۇلمىغان. بۇ پەرقلەر ئېھتىمال دەۋر خاراكتېرىغا ياكى رايون خاراكتېرىغا ئىگە بولسا كېرەك.

دولان قالۇننىڭ ئاۋاز چىقىرىش خۇسۇسىيەتلىرى دولان راۋابىغا ئىنتايىن ماس كېلىدۇ. ئۇنى «رەحمەك» ۋە «گۇشتاپ» بىلەن چالىدۇ. زەخمەك، سېرىق سۆگەت ياكى يامبۇك ياغىچىدىن تەييارلىنىدۇ. «گۇشتاپ» قالۇننىڭ قۇلاق سىملىرىنى چىڭىتىدىغان ئاچقۇچ شەكىللىك سايمان بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى سەككىز سانتىمېتر، ئۇچى تەرەپ تۆت چاسا نوكەش بولىدۇ. ئۇستىنى (قولنىڭ ئۇستىدىن چىقىپ تۇرىدىغان تەرىپى) خورازنىڭ ناخشىدەك بەقشىلىك بولۇپ، كۈمۈشتىن ياسىلىدۇ. ئاستى قىسمى پولاتتىن ياكى تۆمۈرنى ياسىلىدۇ. ئۇنىڭ قولدا زەخمەك تۇتۇپ، سىمنى ئالدىغا تارتىپ ئۇرۇپ، ئىلىپ چالىدۇ. سول

قولدا «گوشتاپ» نى شاھادەت بارماق بىلەن تۇتۇپ، بارماقنىڭ ئارىلىقىغا مەھكەم قىسىپ تۇرۇپ، سىمنى بېسىپ سىرىش ئارقىلىق ئاۋازلاندۇرىدۇ. ئىزاھلاپ ئۆتۈش كېرەككى، قالۇننىمۇ باشقا چالغۇلارغا ئوخشاشلا ھەر خىل غەزەللەرگە چالغىلى بولىدۇ. ئەگەر ئاۋاز يېتىشمىسە، سىمنى كۆپەيتىش ئارقىلىق ھەل قىلغىلى بولىدۇ.

دولان نەغمە دېپى

دولان رايونلىرىدا پەقەت ئىككى خىللا داپ بار. ئۇنىڭ بىرى چوڭ داپ. دىئامېتىرى 45 سانتىمېتىر كېلىدۇ. ئۇنىڭ گەردىشلىرى ئۈجمە دەرىخىنىڭ يىلتىزىدىن ئېگىپ ياسىلىدۇ. گەردىشنىڭ ئىچىگە قاغا تۇمشۇقلۇق تۆشساق ھالقا قېقىشنىڭ سىرتىدا. بىر-بىرىگە ئۇدۇل قىلىپ گەردىشنىڭ تۆتتۇرىدىن تۆت جايغا ئۇزۇنلۇقى بەش سانتىمېتىر، كەڭلىكى بىر سانتىمېتىر تۆشۈك ئويۇپ، تۆشۈككە ئۈچ-تۆت تال تايلاق چاسا تۆمۈرنى ئۆتكۈزۈپ، تۆتتۇرىغا مىق ئۆتكۈزىدۇ. ئۇنى «قوززاڭ» دەيدۇ. بۇنىڭ بىلەن داپنى چالغاندا جاراقلاپ، جىرىڭلىغان بىر خىل ئاۋاز چىقىرىدۇ. تۆشساق ھالقىلارنىڭ ئاۋازى بىلەن داپنىڭ ساداسى قوشۇلۇپ، ئىسمىدە ھاياجان پەيدا قىلىدۇ. بۇ داپ «بىرە دېپى» دەپ ئاتىلىپ، مەخسۇس باخشىلار ئىشلىتىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا سورۇندا چېلىنمايدۇ.

ئىككىنچى خىلدىكىسى، كىچىك نەغمە دېپى بولۇپ، ئۇنىڭ دىئامېتىرى 25-26 سانتىمېتىر بولىدۇ. چوڭ-كىچىك بولغاندىمۇ ناھايىتى ئاز پەرقلىنىدۇ. گەردىشى توغراق ياكى ئۈجمە يىلتىزىدىن ياسىلىدۇ. مارالبېشى ناھىيىسىدە كۆپىنچە داپلار توغراقتىن ياسالغان. بۇ دولان خەلقىنىڭ يىراق ئەجدادلىرىدىن تارتىپ قوللىنىپ كېلىۋاتقان خۇسۇسىيەت بولۇپ، ئەدىرەم توغراقنىڭ قۇرۇپ كەتكەن بوكەشلىرىنى كېسىپ، چىرايلىق ياساپ، ئۈستىگە يۇنۇپ تازىلانغان قوم بىلەن بىلىمنى ئارىلاشتۇرۇپ قوم ئالىدۇ. ئۈستىگە بىر قەۋەت

www.uyghurkitap.com

ماتا يۈگەيدۇ. ئۇنىڭ ئۇستىگە يەنە قۇم يالىتىدۇ. شۇنداق قىلىپ تۆت قەۋەت قۇم بىرىپ، تۆت قەۋەت ماتا يۈگىگەندىن كىيىن، گەردىشىنىڭ ئىچىگە بىر-بىرىگە يانداپ قاغا تۇمشۇقلۇق ھالقا قېقىلىدۇ. كىيىن، بۇ داپنىڭ ئىغىر-يېنىكلىكى ئۆلچەملىك، ئاۋازى ناھايىتى جاراڭلىق چىقىدۇ. بۇنداق گەردىش مۇتلەق قايمايدۇ ھەم يېرىلمايدۇ. توغراق گەردىشلىك داپ ياساشتا، مارالبېشى ناھىيىسىنىڭ بازار «ئارا مەھەللە» دە ئولتۇرۇشلۇق مۇقامچى راخمان قاسىم ئەڭ ماھىر ئۇستىلاردىن بولۇپ ھىسابلىنىدۇ. بۇ خىل كىچىك داپلار مەخسۇس دولان مەشرىپىدە چېلىنىدىغان بولغاچقا، تەتقىقاتتا «دولان نەغمە دېپى» دەپ ئاتىلىدۇ.

2. دولان چالغۇلىرىنىڭ پەيدا بولۇشى

دولان چالغۇلىرى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەڭ ئىپتىدائىي چالغۇلىرى بولۇپ، دولان مۇقام-مەشرەپلىرى بىلەن بىر قاراردا دولانلىقلاردا ساقلىنىپ كەلگەن. ئۇيغۇر چالغۇلىرىدىن غىجەك، راۋاب، قالۇن، داپ قاتارلىق ئەڭ ئىپتىدائىي چالغۇلار بولۇپ، باشقا تۈردىكى چالغۇلار بولسا، تەدرىجىي پەيدا بولغان. تارىخىي مەنبەلەردە باشقا تۈردىكى چالغۇلار توغرىسىدا بىر قەدەر ئېنىق مەلۇماتلار بېرىلگەن بولسىمۇ، غىجەك، راۋاب، قالۇن، داپ توغرىسىدا ئىشەنچلىك ئىسپاتلاپ ئۆتەلمەسلىكىنىڭ سەۋەبىمۇ، بۇ چالغۇلارنىڭ پەيدا بولۇش تارىخىنىڭ ئۇزاقلىقىدا. ئىلگىرى ئاپتورلار بۇ ھەقتە توختالغان بولسىمۇ، بەزى قاراشلىرى توغرا بولمىغان. بۇ ھەقتە «تارىخىي مۇسىقىيۇن» نىڭ ئاپتورى موللا ئىسمەتۇللا بىننى موللا نېمەتۇللا مۆجىزى «رەۋزەتۇسسەفا»، «رەشىدى» قاتارلىق تارىخىي كىتابلاردىن نەقىل كەلتۈرۈپ، ئىنسانىيەتنىڭ كېيىنكى پەيدا بولۇشىنى نوھ ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرى توغرىسىدىكى يەھۇدى-خىرىستىيان دىنى رىۋايەتلىرىگە تاقاپ، مۇزىكىنىڭ پەيدا بولۇشىنىمۇ شۇلار

بىلەن باغلاپ: نوھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغلى يافەسنىڭ نەۋرىسى (تۈركنىڭ ئوغلى) خەزىرنىڭ تەمبۇر، بەربەت، ئۇدلارنى ياساپ چالماقنى كەشپ قىلىپ ئالەم خەلقىغە ئۆگەتكەنلىكىنى، ئۇ زامانلاردا ئادەم ئۆلسە تەمبۇر چېلىپ كۆيدۈرۈش ئادەتلىرىنى قوللانغانلىقىنى، ئۇ زاماندىن بۇ زامانغىچە بەش مىڭ سەككىز يۈز ئەللىك يىل ئۆتكەنلىكىنى بايان قىلىپ، مۇزىكا تارىخىنىڭ ناھايىتى ئۇزاق تارىخقا ئىگە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىماقچى بولغان بولسىمۇ، قالۇن ئۈستىدە توختالغاندا: شەيخ ئەبۇ نەسىر فارابى «قالۇننى ئۆز قوللىرى بىلەن ياساپ سىم تارتىپ تۈزۈپ چالغان ۋە مۇڭەمنى شاگىرتلىرىغا ئۆگەتكەن ئىدى» (1) دەپ يازغان. ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش نەتىجىسىگە ئاساسلانغاندا. قالۇن ئەبۇنەسىر فارابى (مىلادىيە 870—950 — يىللار) نىڭ ئىجادىيىتى ئەمەس، بەلكى مىلادىدىن 2000 يىل بۇرۇن (فارابىدىن 3000 يىل. ھازىرقىدىن 4000 يىل بۇرۇن) پەيدا بولغان بولۇپ، ئوتتۇرا ئاسىيادىن چەتكە تارقالغانلىقى ئىسپاتلانغان (2). ھالبۇكى قالۇننىڭ پەيدا بولۇشىدىكى قاراشلارمۇ توغرا بولمىغان.

دولان غېجىكى، دولان راۋابى. دولان قالۇنى. دولان نەغمە دېپىدىن ئىبارەت چالغۇلارنىڭ پەيدا بولغان دەۋرى ئىنتايىن ئۇزاق بولغاچقا. ئۇنىڭ پەيدا بولۇشى توغرىسىدا قانائەتلىنەرلىك بىرەر خاتىرە تېپىلغىنى يوق. بىزگە يېتىپ كەلگەنلىرى بىر قىسىم رىۋايەت —ئەپسانىلەردىن ئىبارەت بولۇپ، خەلق ئىچىدە ساقلىنىپ كېلىۋاتقان ئاغزاكى تارىخلاردىمۇ، مۇزىكىنىڭ پەيدا بولۇشىنى ئىنسانىيەتنىڭ پەيدا بولۇشىغا باغلايدۇ. «تارىخىي مۇسىقىيۇن» دا نوھنىڭ دەۋرىگە باغلىغان بولسا. خەلق ئەپسانىلىرىدە تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ تۇنجى ئادەم ھەزرىتى ئادەم ئاتىنىڭ يارىلىشىغا باغلاپ، مۇزىكا ئادەمدىن بۇرۇنلا جەننەتتە بار ئىدى، ئادەمنى يارىتىشتا دەسلەپتە ئادەمنىڭ گەۋدىسىنى ئىچىنى

(1) «تارىخىي مۇسىقىيۇن» مىللەتلەر نەشرىياتى 1984-يىل نەشرى.
(2) «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى ھەققىدە» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1992-يىل نەشرى.

www.uyghurkitap.com

بۇش قىلىپ لايدىن ياساپ چىقىپتۇ. ئارقىدىن جانىي ئۇنىڭ ئىچىگە كىرىشكە دەۋەت قىلسا، جان تەنىنىڭ ئىچىدىكى قاراڭغۇلۇقنى كۆرۈپ قورقۇپ كىرگىلى ئۇنىماپتۇ. ھەر قانداق قىلىپمۇ جانىي تەنىنىڭ ئىچىگە كىرگۈزەلمەي. ئاخىرىدا پەرىشتىلەر تەنىنىڭ ئىچىگە كىرىپ غىجەك چېلىپتۇ. غىجەكنىڭ مۇڭىدىن جان بىھوش بولۇپ، تەنىنىڭ ئىچىگە كىرىپ كېتىپتۇ. بىر كەمدە غىجەكنىڭ ساداسى توختاپتۇ. جان ھوشىغا كېلىپ قارىغۇدەك بولسا، بىر قاراڭغۇ غارنىڭ ئىچىدە تۇرغىدەك. قورقۇنچىدىن ھەر تەرەپكە يۈگرۈپ يۈرسە، بىر جايدىن يورۇقلۇق كۆرۈنۈپتۇ. جان چىقىپ كېتىش ئۈچۈن شۇ يەرگە قاراپ يۈگرۈپتۇ. بۇ، ئەسلىدە ئادەمنىڭ بۇرۇن تۆشۈكى ئىكەن. جان شۇندىلا مىڭىپ بۇرۇن تۆشۈكىدىن ئۆمۈلەپ چىقىۋاتقاندا تۇرغانىكەن بۇرۇن ئىچىشىپ چۈشكۈرۈۋەتكەن. بىرى چۈشكۈرۈش بىلەن تەڭ. بەدىنى « شۈكرى » دېگەن ئاۋاز كېلىپ، ئادەم دەس تۇرىدىن ئۆرۈپتۇ، دېيىش ئارقىلىق، مۇزىكا ئادەمنى ياراتقان، مۇزىكا بولمىغان بولسا، ئادەممۇ بولمايتتى، دېگەن قاراشنى قويماقچى بولىدۇ. بۇ ئەپسانىنىڭ توقۇلۇشى ئېھتىمال سەنئەت مەنۋى ھاياتنىڭ ياراتقۇچىسى دېگەن ئۇقۇمنى كۆزدە تۇتقان بولۇشى مۇمكىن.

يوقىرىقىلارنىڭ ھەممىسى مۇمكىن بولمايدىغان ئەپسانىلەردىن ئىبارەت بولسىمۇ، ماھىيەت جەھەتتە غىجەكنىڭ پەيدا بولغىنىغا بەك ئۇزاق دەۋرلەر ئۆتكەن بولۇپ. ئادەملەر ئەڭ ئاۋۋال غىجەكنى پەيدا قىلغان دېمەكچى بولىدۇ. ئۇنىڭ ئاددىي باغاچ ياكى قاپاق ۋە قىل بىلەنلا پۈتۈپ چىقىشى، ھەر قانداق ئادەم ياسىغىلى بولىدىغانلىقى، ئاددىيلىقى قاتارلىق خۇسۇسىيەتلىرىمۇ. ئىنسانلار ئەڭ ئاۋۋال قىللارنىڭ بىر-بىرىگە سۈركىلىشىدىن چىقىدىغان ئاۋازدىن پايدىلىنىپ غىجەكنى پەيدا قىلىپ، ئۇنى ناخشا كۈيلىرىگە تەڭكەش قىلىپ بەدىئىي زوقلىرىنى قاندۇرۇپ كەلگەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. غىجەك توغرىسىدا ھازىرقى بار بولغان تارىخىي مەنبەلەرگە ئاساسلانغاندا، غىجەك چالغۇ قوراللىرى تارىسىدا ئېپتىدائىي چالغۇلارنىڭ

بىرى بولۇپ، ساتار، سىملىق غىجەكلەرنىڭ ھەممىسى قەدىمكى قىل غىجەكنىڭ ئۆزگەرگەن شەكلى ئىكەنلىكى ئىسپاتلانغان. بىز تىلغا ئالغان بۇ غىجەكلەردىن قىل غىجەك دېگىنىمىز ھازىرقى دولان قىل غىجىكىدىن ئىبارەت بولۇپ، تارىخ كىتابلاردا تەسۋىرلەنگەن غىجەكنىڭ شەكلى بىلەن دولان غىجىكىنىڭ شەكلى تامامەن ئوخشاش. «سۇڭ سۇلالىسى تارىخىدا قاپاق غىجىكىنىڭ بارلىقى ئېيتىپ ئۆتۈلگەن» ①. دولان رايونلىرىدا قاپاقتىن ياسالغان غىجەكلەر ھازىرمۇ بار. ھالبۇكى، بۇ مەنبەلەر غىجەكنىڭ پەيدا بولغان دەۋرىنى روشەن ئىسپاتلاپ بېرەلمىسىمۇ، غىجەكنىڭ ئېپتىدائىي چالغۇ قورالى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىدۇ. «سۆيىنامە. مۇزىكا تەزكىرىسى» دە ئات قۇيرۇقىدىن ياسالغان كامالچىلىق غىجەك توغرىسىدا ئىزاھات بېرىلگەن. بۇ، تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئېپتىدائىي چارۋىچىلىق دەۋرىدە ياراتقان چالغۇ قورالى بولۇپ، ئۇنىڭ نامىنى ئۆزىدىن چىققان ئاھاڭغا ئاساسەن ئاتىغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. غىجەك كىتىن «غى-غاڭ» قىلغان ئاۋازنىڭ چىقىدىغانلىقى، كىشىلەر غىجەك كىتىن چىقىدىغان ئاۋازنى ھازىرمۇ «غى-غاڭ، غى-غاڭ» دەپ دوراشلىرى غىجەك نامىنىڭ مەنبەسىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

دولان راۋابىنىڭ پەيدا بولۇشى توغرىسىدا خەلق ئىچىدە ساقلىنىپ كېلىۋاتقان رىۋايەتلەردە، راۋابنىڭ پەيدا بولغان دەۋرى توغرىسىدا بىر نەرسە دېيەلمىگەن بولسىمۇ، راۋابچىنىڭ (سازەندىنىڭ) پىرىنى «جەڭگى» دەپ ئاتايدۇ. رىۋايەت قىلىنىشىچە: قەدىمكى زاماندا تۇرانلار مەملىكىتىدە «جەڭگى» ئىسىملىك بىر سازەندە ئۆتكەنىكەن. ئۇ ھەممە سازلارنى چالىدىكەن. بولۇپمۇ راۋابنى ئىنتايىن ياخشى چالىدىكەن. ئۇ، ئۆمۈر بويى راۋاب چېلىپ، ناخشا ئېيتىپ يۈرۈپتۇ. دەسلەپتە راۋابنى گۇنالىق ئىشلار ئۈچۈن چېلىپتۇ. نۇرغۇن ئادەملەر ئۇنىڭغا ئەگىشىپ راۋابنىڭ ئىشقىدا سەرگەردان

---

① ئا. مەنمىن: «شىنجاڭنىڭ ناك دەۋرىدىكى ناخشا-ئۇسسۇل سەنئىتى» 90-بەت.

بوپتۇ. ئوغۇل-قىزلارنىڭ راۋابنى ئاڭلاپ شەۋقى قوزغىلىپ، گۇناھلىق ئىشلارنى قىپتۇ. راۋاب بىلەن ناخشا مەزمۇنلىرى ياشلارنى يولدىن چىقىرىپ، نارازىلىق پەيدا قىپتۇ. بارغانسېرى «جەڭگى» قېرىپ كۆچىدىن قاپتۇ. كىشىلەر ئۇنى ئويۇن-تاماشا مەرىكىلىرىگە چاقىرمايدىغان بوپتۇ. كىشىلەر ھەم ئۇنىڭغا ئەگەشمەس ۋە يوقلىماس بولۇپ قاپتۇ. تۇرمۇشى بارغانسېرى زەئىپلىشىپ ھالىدىن كېتىپتۇ. مۇشۇ كۈنلەردە ئۇ، ئۆتكەن كۈنلىرىنى ئەسلەپ، راۋابنى ساۋابلىق ئىشقا چالماي، گۇناھلىق ئىشقا چالغانلىقىنى ئويلاپ يېتىپتۇ-دە، راۋابنى ئېلىپ بىر كونا گۆرنىڭ ئىچىگە كىرىپ، «ئى تەڭرىم، يەتتە يېشىمدىن يەتمىش يېشىمغىچە بەندىلەرنىڭ ئىشق-مۇھەببىتى ئۈچۈن ساز چېلىپ، ناخشا ئېيتىپ، سېنى ئۇنتۇپتىمەن. بۈگۈندىن باشلاپ سېنىڭ ئىشق-مۇھەببىتىڭ ئۈچۈن ساز چېلىپ، مەدھىيىلەر ئېيتقايمەن» دەپ، ئالدى بىلەن ئۈچار جانىۋار، ھايۋاناتلارنىڭ مۇناجاتلىرىنى قوشاق قوشۇپ غەزەل توۋلاپ، مۇنداق باشلاپتۇ:

دۇرۇت ئېيتۇر ئاق قۇشقاچ،
ھەق يادىدا قارنىم ئاچ.
رەھمىتىڭنى بىزگە ساچ
تۇرلۈك ماكان ئىچىندە.

ئەلھەم ئوقۇرلار قارلىغاچ،
ئايا غايىل كۆزۈڭ ئاچ،
نە ياتۇرسەن يالىڭاچ
چۈشەك يوتقان ئىچىندە.

كەپتەر ئېيتۇر ئىللەللا،
مەدەتكارىم بىر ئاللا.
ھەريان پەرۋاز قىلسامۇ
رىزقىم كۈبۈك (كۆپۈك) ئىچىندە.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگى ئادرېسى

بىلگىل توخۇ نە دەيدۇ.
سەھەر قوپۇپ زىكرى ئېيتۇر.
غاپىل ئادەم بىلمەيدۇ
ئىككى جاھان ئىچىندە.

قاغا ئېيتۇر ھەق ئاللا.
تورغاي ئېيتۇر يائاللا،
ھۇقۇش ئېيتۇر ھۇ ئاللا.
چۆل-باياۋان ئىچىندە.

ھۆپۈپ ئېيتۇر رەببىم بار،
رەببىم باردۇر نەغمەم بار.
ئىسسىپ تولغان رىسقىم بار
مۇرغىزارە ئىچىندە.

پاختەك ئېيتۇر مەن كۆلرەڭ
ئەمەسمەن ھېچ رەڭگا-رەڭ،
تەڭرى ماڭا شۇنداق كەڭ.
مەرھەمەتلەر ئىچىندە.

لاچىن ئېيتۇر ئۇچتۇممەن،
سەييار قولىغا چۈشتۈممەن،
ھەق يادىنى ئۇنۇتتۇم
ئاياغ باغىم ئىچىندە.

كىيىك ئېيتۇر يا جەببار،
سەندىن باشقا كىمىم بار؟

تاغۇ- دەشت -چۆللەردە
مېنى ساقلار ئىگەم بار.

دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن تەگرى ئۇنىڭغا «ئەۋلىيا» لىق نېسىپ قىلىپ — پۈتكۈل سازەندىلەرنىڭ پىرى (ئۇستازى) قىلدىم، دەپ ۋەھىي قىپتۇ. ئۇندىن كېيىن جەڭگىنىڭ نامى «پىر جەڭگى» دەپ ئاتىلىپتۇ. پىر جەڭگى راۋابىنى ئېلىپ دۇنيانىڭ ھەممە جايلىرىغا بېرىپ نۇرغۇن شاگىرت قالدۇرۇپتۇ. ساز چالغاندا مۇقەددىمىسىدە ئىككى كۇبلېت تەگرىگە بېغىشلانغان ياكى كىشىلەرگە پەند-نەسىھەت قىلىدىغان غەزەل ئوقۇۋېلىپ، ئاندىن كېيىن كىشىلەرنىڭ بەدىئىي ئارزۇلىرىنى قاندۇرىدىغان غەزەللەر بىلەن كىشىلەرنىڭ كۆڭلىنى ئېچىپتۇ. دەسلەپتە نەسىھەت قىلغاچقا، ئويۇن داۋامىدا كىشىلەر گۇناھتىن قاچىدىغان بولۇپتۇ. دەپ. راۋابنىڭ پەيدا بولغان دەۋرىنى ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئۇنىڭغا يانداش بولغان جايلاردا مىلادىدىن VII ئەسىر بۇرۇنقى چاغدىن تارتىپ، مىلادىنىڭ II ئەسىرىگىچە ھۆكۈم سۈرگەن تۇران دۆلىتى دەۋرىگە باغلىغان. ۋەھالەنكى، يۇقىرىقى رىۋايەتلەر قەدىمكى قىسسەلەردىن تارقالغان بولۇپ، بەزى جەھەتلىرى ئەپسانە تۈسىنى ئالغان بولسىمۇ، تۇران دۆلىتىنىڭ ئاخىرقى دەۋرلىرىدىن باشلاپ تۇرالار «قاڭقىل» دەپ ئاتىلىشقا باشلىغان ئىدى. «پىرجەڭگى» رىۋايىتى تۇرالار دەۋرىدىن باشلاپ تاكى ھازىرغا قەدەر راۋاب بىلەن ئەلنىڭ. دولانلىقلار ئارىسىدا ساقلىنىپ، ئېغىزدىن-ئېغىزغا كۆچۈپ داستان بولۇپ كەلگەن. دولانلىقلارنىڭ قەدىمدىن داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتقان «چىراغ» ئۆتكۈزۈش ئادەتلىرىدە ئەتىياز، كۈز پەسىللىرىدىكى چارۋا ئەسلىيدۇرۇش ۋە يول ۋاقتىدا ئۆتكۈزىدىغان چىراغ نەزىرىدىن كېيىن راۋابچى (سازەندە) نىڭ پىرى «جەڭگى» نى چارۋىچىلىقنىڭ پىرى ھېسابلاپ، نەزىرنىڭ ساۋابىنى «چولپان ئاتا» بىلەن «جەڭگى» بوۋىغا بېغىشلايدۇ. بۇ ئادەت جەڭگىنىڭ چارۋىچىلار پېشۋاسى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. «جەڭگى» توغرىسىدىكى رىۋايەت گەرچە تۇرالار دۆلىتى دەۋرىگە باغلانغان بولسىمۇ،

جەڭگى سازەندىلەرنىڭلا پىرى بولۇپ قالماستىن، بەلكى چارۋىچىلارنىڭمۇ پىرى بولۇپ، دۇئا-تەكبىر قىلىنىپ ئېلىشىدىن قارىغاندا، جەڭگىنىڭ ئىپتىدائىي چارۋىچىلىق دەۋرىدە ئۆتكەنلىكى، راۋابنىڭمۇ شۇ زاماندا ناھايىتى ئاددىي. يەدىسىز، تارلىق قىلىپ ياساپ، ئىجاد قىلغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. تەتقىقات نەتىجىلىرىدىن قارىغاندىمۇ، دولان راۋابى قەدىمكى بەربابنىڭ باشلانغۇچ شەكلى دەپ قارالماقتا. بەربابنىڭ يەنە بىر خىلى بەش تارلىق يىپا بولۇپ، سىملىق راۋاب، تەمبۇر قاتارلىقلار بولسا، بەش تارلىق يىپادىن ئۆزگەرگەن. دولان راۋابنىڭ شەكلى جەھەتتىن يۇقىرىدا تونۇشتۇرۇپ ئۆتكەندەك، قوپال ۋە ئاددىي، شۇنداقلا، ھەرقانداق ئادەم ئۆزى ياسىۋالالايدىغان بولۇشتەك خۇسۇسىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكى بولۇشى ۋە ئۇنىڭ ئاساسلىق قولاقلىرىغا تار تارتىلىشى ئەمەلىيەتتىمۇ ئۇنىڭ قول سانائەت دەۋرلىرىدىن خېلىلا بۇرۇن پەيدا بولغانلىقىنى ئىسپاتلىسا، باشقا راۋابلارنىڭ ئالاھىدە قىلىپ مەخسۇس قول ھۈنەرۋەنلەر تەرىپىدىن ياسىلىشى، ئۇنىڭغا تار ئەمەس، بەلكى سانائەت (ياكى قول سانائەت) دەۋرىنىڭ نازۇك مەھسۇلاتلىرىدىن بولغان سىمنىڭ تارتىلىشى، ئۇنىڭ تارىخىنىڭ دولان راۋابنىڭ تارىخىدىن كۆپ كېيىن ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. دولان راۋابىغا تارتىلغان (تارنىڭ ئارقىسىغا) سىملار بولسا، سىملىق راۋاب ۋە باشقا چالغۇلار پەيدا بولغاندىن كېيىن قوبۇل قىلىنغان. ئۇنىڭ ئورنىمۇ تارنىڭ ئارقىسىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان.

داپ، دۇمباق، ناغرا قاتارلىقلار ئۇزاق تارىخقا ئىگە بولۇپ، قەدىمكى زامانلاردا ئوغۇزلار داپنى «تومرۇك» (1)، دۇمباق ۋە ناغرىنى «كۈۋرۈك» دەپ ئاتىغان(2). «داپ» دېگەن نام يۇقىرىقى ناملاردىن كېيىن پەيدا بولغان. داپ، دومباق قاتارلىقلار دۇنيانىڭ كۆپ جايلىرىغا تارقالغان. ئۇنىڭ پەيدا بولۇشى توغرىسىدا «ياپونىيە تارىخچىسى لىن جەنسەن «شەرقىي ئاسىيا چالغۇلىرى

(1) (2) ماھمۇت قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى» 1-كىتاب 624-بەت.

نەتقاتى » (1962 - يىلى يېزىلغان) ناملىق كىتابىدا داپنى « داپلاپ » (taP—lap) دەپ ئاتايدۇ. كۇچاردا پەيدا بولغان ۋە ياپونىيىدىكى ئۆزگەرگەن نۇسخىسىنى دىتەيگو دەيدۇ، دەپ كۆرسەتكەن » .

X ئەسىردە يېزىلغان « جەمشىد نامە » دە : جەمشىد رۇمدىن قايتىپ كېتىۋېتىپ بىر جايدا ئارام ئېلىپ ئولتۇرسا ئۇنىڭ قۇلىقىغا داپ، دۇتار، ناغرا، كانايىنىڭ ئاۋازى ئاڭلانغانلىقى، ئاۋاز چىققان جايغا بارسا، بىر توپ دولانلىق تويغا يىغىلغان بولۇپ، خاتۇنلار ئۇسسۇل ئويناۋاتقانلىقى قاتارلىقلار يېزىلغان. جەمشىد توغرىسىدا يېزىلغان مەلۇماتلاردا، ئۇ تاجىك ۋە ئىران خەلقىنىڭ بەش مىڭ يىللىق تارىخى (ئەپسانىۋى ۋە ھەقىقىي تارىخنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) يېزىلغان « شاھنامە » نىڭ مىلادىيىدىن 3200 يىللار بۇرۇنقى چاغدىن تارتىپ مىلادىيىدىن 780 - يىل بۇرۇنقى چاغقىچە بولغان ئارىلىقتىكى 2400 يىللىق ئەپسانىۋى قىسمىنىڭ (پىشدادىلار سۇلالىسىنىڭ) ئەپسانىۋى پادىشاھلىرىنىڭ بىرى بولغان بولسىمۇ، بۇنىڭدىن مىڭ يىل بۇرۇن ئۆتكەن ئايپورلارمۇ، داپ، دۇتار، ناغرا، كاناي ۋە ئۇسسۇل، توي - مەشرەپلىرىنىڭ ئۆزلىرىدىن 3000 يىللار بۇرۇنمۇ بار ئىكەنلىكىنى يازغان. مۇزىكا توغرىسىدىكى خاتىرىلەرنىڭ كۆپ قىسمى ئايپورلارنىڭ تەسەۋۋۇر نەتىجىلىرىدىن ئىبارەت بولۇپ، داپنىڭ يارىلىشىنى بىر كىشىگە باكى بىر دەۋرگە باغلاپ مۇقىملاشتۇرغىلى بولمايدۇ. لېكىن داپنىڭ بىر قانچە خىل نۇسخىلىرى بار. ئۇ، ئوخشاش بولمىغان جايلاردا ئوخشاش بولمىغان ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ، دولان نەغمە دىپمۇ ئاشۇ داپلارنىڭ بىر خىل شەكلىدۇر.

دولان نەغمە دىپىنىڭ ئاتىلىشىغا كەلسەك، ئۇ ئۆزىنىڭ دولان مەشرىپىنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن شەكىللەنگەن خوسۇسىيەتلىرىگە ئاساسەن، باشقا داپلاردىن ئايرىلىپ چىققان. دولان مۇقام - مەشرەپلىرى دولان خەلقىنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىدا كەم بولسا بولمايدىغان، ئۆيدە، ئېتىزدا، يايلاقتا، جاڭگاللاردا، تاغلاردا، نەدە ئادەم بولسا شۇ يەردە ئوينىلىدىغان مىللىي

شۇ يەردە ئوينىلىدىغان مىللىي سەنئەت بولغاچقا. نەغمىكەشلەر ئۈچۈن كۆتۈرۈشكە ئەپلىك، قويۇنغا پاتقىدەك كىچىك داپلارنىڭ بولۇشى زۆرۈر بولغان. مۇشۇ سەۋەبتىن، دولانلىقلار كىچىك داپلارنى ياساپ چېلىپ كەلگەن. دولان نەغمە داپلىرىنىڭ شەكلى بىر خىل بولۇپ، باشقا داپلاردىن پەرقلەنگىنى ئۈچۈن، «دولان نەغمە دېپى» دەپ ئاتىلىپ كەلمەكتە. دولان نەغمە دېپى ئايرىم ئېتنىك مەنبەگە ئىگە بولماستىن، باشقا داپلارنىڭ بىر خىل شەكلى، پەيدا بولۇش تارىخى جەھەتتىن باشقا تۈردىكى داپلار بىلەن بىر قاتاردا ئورتاقلىققا ئىگە.



www.uyghurkitap.com

تۆتىنچى باب

دولان مەشرەپلىرى

1. دولان مەشرەپلىرىنىڭ تارىخىي ناملىرى

دولان مەشرەپلىرىنىڭ ناملىرىمۇ دولان مۇقاملىرىنىڭ ناملىرىغا ئوخشاشلا سورۇنىنىڭ خاراكتېرى، ئەھمىيىتى، ئۇسسۇل ھەرىكىتىنىڭ مەزمۇن ۋە شەكلى ياكى بىرەر تەسىراتلارغا ئاساسەن خەلق تەرىپىدىن بىر قانچە ناملار بىلەن ئاتىلىپ، تارىختا كۆپ قېتىم ئۆزگەرگەن. بۇ ناملاردىن دەۋرىمىزگە يېتىپ كەلگەنلىرى: بۇدىمەك، سورچۇك، سوغدىچ، ئايگۈلەك، بەزمە، مەشرەپ قاتارلىقلاردىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ ناملارنىڭ قايسىسى ئىلگىرىكى، قايسىسى كېيىنكى نام ئىكەنلىكى نامەلۇم بولسىمۇ، تارىخىي مەلۇماتلاردىن قارىغاندا «بەزمە»، «مەشرەپ» دېگەن ناملاردىن باشقىلىرى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى ناملار بولۇپ، ھەر بىر نام ئۆزىگە خاس موھىم مەزمۇنلارغا ئىگە. غەيرىي تىلدىن قوبۇل قىلىنغان ناملارمۇ، مەشرەپنىڭ مەزمۇنىغا ئاساسەن قوبۇل قىلىنغان ناملاردۇر. دولان مەشرەپلىرى ئەسلىدىكى ئۇيغۇر مەشرەپلىرىنىڭ قەدىمكى شەكىللىرى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇيغۇر مەشرەپلىرىنىڭ تارىخىي ناملىرى دولان مەشرەپلىرى ئۈچۈنمۇ ئورتاق. دولان مەشرەپلىرىمۇ يۇقىرىقى ناملارنى ئەڭ تولۇق باشتىن كەچۈرگەن. بەزى ناملار دولان رايونلىرىدا باشقا ئۇيغۇر رايونلىرىدىن ئارتۇق ئاتالغان. شۇڭلاشقا، ئومۇمىي جەھەتتىن مەشرەپ ناملىرىنىڭ ئۆزگىرىشى ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتۈش، دولان

www.uyghurkitap.com

مەشرەپلىرىنىڭ تارىخىي نامىنىمۇ ئوخشاشلا يورۇتۇپ بېرىدۇ. تۆۋەندە ھەر بىر نام ئۈستىدە قىسقىچە توختىلىمەن:

«بۆدىمەك» دېگەن نامنىڭ مەزمۇنى ئۇسسۇل ئوينىماق① دېگەن سۆز بولۇپ، ئۇ، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلدىكى «بۆدىك» دېگەن سۆزدىن كېلىپ چىققان. «بۆدىك» دېگەن سۆز بولسا، ئۇسسۇل دېگەن بولىدۇ. مەشرەپتە كۆپ ئادەم جەم بولۇپ ئۇسسۇل ئويناشقانلىقى ئۈچۈن، ئۇسسۇل ئويناشماق دېگەن مەزمۇندا «بۆدىمەك» دەپ ئاتالغان. بۇ نام ئۇزاق دەۋر داۋاملاشقان بولۇپ، مەشرەپ باشقاناملار بىلەن ئاتالغاندىن كېيىنمۇ يەنىلا ئىستېمالدىن قالمىغان. دولان رايونلىرىدا بەزى ياشانغان كىشىلەر ئۇسسۇلنى «بۆدىك»، مەشرەپنى «بۆدىمەك» دەيدىغان ئادەتلەر ھازىرقى ۋاقىتتىمۇ ئاز-تولا ئۇچرايدۇ. شۇڭا بۇ نامنى دولان مەشرىپى شۇنداقلا ئۇيغۇر مەشرىپىنىڭ قەدىمكى ناملىرىنىڭ بىرى دەپ ئاتاشقا ھەقلىقمىز.

«سۇرچۇك» دېگەنناممۇ مەشرەپنىڭ بۇرۇنقى ناملىرىنىڭ بىرى بولۇپ، بۇ ھەقتە مەھمۇت قەشقەرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا: «سۇرچۇك»، مەشرەپ، كېچىلىك ئولتۇرۇش. ئوغۇزلار ‹ج - › ھەرپىنى فەتھىلىك قىلىپ ‹سۇرچۇك› دەپ تەلەپپۇز قىلىدۇ»② دەپ ئىزاھلاپ ئۆتكەن.

«سوغدىچ» دېگەن نام پەقەت قاتارى مەشرەپكىلا قارىتىلغان. مەھمۇت قەشقەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا بۇ ھەقتە توختىلىپ: «سوغدىچ»، قاتارى بەزمە، قىش كۈنلىرى دوستلار ئارا نۆۋەت بىلەن بولىدىغان مەشرەپ» دەپ كۆرسەتكەن. قاتارى مەشرەپ قەدىمدىن داۋاملىشىپ كەلگەن ئەڭ قىزىقارلىق مەشرەپ تۈرلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، بۇ، ئۇيغۇر

---

① «قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى لۇغىتى» 111-بەت.

② مەھمۇت قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى» 1-توم 624-بەت.

رايونلىرىنىڭ ھەممىسىگە دېگۈدەك كەڭ تارقالغان. كېيىنكى دەۋرلەردە پەقەت دولانلىقلار ئارىسىدا تېخىمۇ تەرەققىي قىلىپ، ئۆز مەزمۇنلىرىنى بېيىتىپ شۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى جانلاندۇرۇپ كەلگەن بولسىمۇ، باشقا ئۇيغۇر رايونلىرىدا تەدرىجىي يەرلىكلىشىپ ھەر قايسى جايلاردا بىر-بىرىدىن پەرقلىنىدىغان يەرلىك خۇسۇسىيەتنى پەيدا قىلغان. لېكىن مەلۇم جەھەتتىن ئېيتقاندا شەكىللىرىنى يوقاتماي يەنىلا ساقلاپ كەلگەن. بۇنداق مەشرەپلەردىن: ئۇرۇمچى، قەشقەر دىكى كەسىپداشلار ئارا بولىدىغان قاتارى مەشرەپ، قىز-چوكانلارنىڭ قاتارى ئولتۇرۇشى، ئاتۇشتىكى باراۋەت مەشرىپى. قۇمۇلنىڭ «مىلىس» ۋە «كۆك مەشرىپى» ئىلىنىڭ تەڭتۇشلار ئارا بولىدىغان قىشلىق قاتارى مەشرىپى قاتارلىقلار ئۇيغۇر قاتارى مەشرەپلىرىنىڭ ئوخشاش بولمىغان شەكىلدىكى ئۆزگەرگەن ۋارىيانتلىرىدۇر. شۇڭلاشقا، بۇ نامنى دولان قاتارى مەشرىپىنىڭ سۈپىتىگە بېرىلگەن نام دەپ ئېيتىش مۇمكىن.

«ئايگۈلەك» — بۇ نام، مەشرەپنىڭ ئادەم ئىسمى بىلەن ئاتالغان بىر خىل نامىدۇر. بۇ ھەقتىكى تەكشۈرۈش نەتىجىلىرىدىن قارىغاندا، رىۋايەت قىلىنىشىچە قەدىمكى دولان دىيارىدا ئايگۈل ئىسىملىك بىر ئۇسسۇلچى چوكان ئۆتكەن بولۇپ، ئۇسسۇل ئويناشقا تولىمۇ ئۇستا ئىكەن. ئۇنىڭ ئۇسسۇلىغا ھەممە كىشى ئاشىق بولۇپ، ئۇنىڭ يىراقىدا سانسىزلىغان يىگىتلەر ھەسرەت چېكىدىكەن. ئايگۈل ئۇسسۇل ئوينايدىكەن دېگەن ھامان ھەممە ئادەم جەم بولۇپ مەشرەپ شەكىللىنىدىكەن. يىراق-يىراق جايلاردىنمۇ كېلىپ ئۇنىڭ ئۇسسۇلىنى تاماشا قىلىدىكەن. نەدىلا مەشرەپ بولسا، ئايگۈلنى ئاپارماي قويمايدىكەن. شۇڭا، كىشىلەر بىر-بىرىدىن نەگە بارىدىغانلىقىنى سورىغاندا، ئۇلار مەشرەپكە بارىمىز دېگەنىنىڭ ئورنىغا ئايگۈلنى كۆرگىلى بارىمىز دېگەن مەقسەتتە «ئايگۈلەككە بارىمىز» دەپ جاۋاب بېرىشىدىكەن. شۇنداق

قىلىپ بۇ نام ئومۇملىشىپ، مەشرەپنىڭ نامى بىر دەۋر «ئايگۈلەك» دەپ ئاتىلىپ كەتتى. مەشرەپنى ئايگۈلەك دەپ ئاتاش دولان يۇرتلىرىدا ھازىرمۇ قىسمەن كۆرۈلىدۇ.

«بەزمە» — يازما مەلۇماتلاردا مەشرەپنىڭ نامىرى بەزمە دەپمۇ خاتىرىلەنگەن. يۇقىرىدا بايان قىلغىنىمىزدەك مەھمۇت قەشقەرىمۇ، مەشرەپنىڭ ئورنىغا بەزمە سۆزىنى ئىشلىتەكەن. بەزمە دېگەن سۆز ئەسلىدە پارس تىلىدىن كىرگەن بولۇپ، ئولتۇرۇش، كۆڭۈل ئېچىش، يىغىلىش دېگەن بولىدۇ. بۇ نامىمۇ مەزمۇن جەھەتتىن سورۇننىڭ شەكلىگە ئاساسەن بېرىلگەن نامدۇر.

«مەشرەپ» دېگەن نام ئەڭ ئاخىرقى قوبۇل قىلىنغان نامدۇر. بۇ ئاتالغۇ ئەرەب تىلىدىن قوبۇل قىلىنغان بولۇپ، بىر گۈزەل ئادەتلەر ئەرەبچىدە «مەشرەپ» سۆزى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. دولان مەشرەپلىرىنىڭ نامىغىمۇ ئەرەب تىللىرىنىڭ سىڭىپ كىرىش مەسىلىسىگە كەلسەك، مەلۇمكى، ئىسلام دىنى ئوتتۇرا ئاسىياغا كىرگەندىن كېيىن، ئەرەبلەر ئىسلام دىنى ۋاسىتىسى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈرگۈن خەلقلەرنى ئەرەب تىلىدا سۆزلەشكە خېلى مەجبۇر قىلغانىدى. شۇ ئارقىلىق ئەرەب تىلى ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەپ ئاسسىمىلياتسىيە قىلىپ كېتەلمىگەن بولسىمۇ، چېنىقىش جەريانىدا بىر مۇنچە سۆزلەر تىلىمىزغا سىڭىپ كىرىپ، قىسمەن ھالدىكى يەر-جاي ناملىرى، شېئىر، داستانلاردا ۋە يازما ئەسەرلەرنىڭ ھەممىسىدە ئەرەب-پارس ئاتالغۇلىرىنى قوللىنىش ئالاھىدە ئادەتكە ئايلىنىپ كەتكەن. بۇنداق بولۇشىنىڭ ئۆزى، جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ۋە تىلنىڭ ئېھتىياجى بولۇپ، ئۇيغۇر ناخشا-ئۇسسۇل سەنئىتىنىڭ ناملىرىغا «مۇقام»، «مەشرەپ» دېگەن ناملارنىڭ سىڭىپ قالغانلىقى ھېچقانداق مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدۇ. بۇمۇ خۇددى ھازىرقى ۋاقىتتا بىر قىسىم خەنزۇچە ياكى چەت ئەل ئاتالغۇلىرىنى ئۇيغۇر

www.uyghurkitap.com

تىللىرىدا ئارىلاشتۇرۇپ قوللىنىپ كېلىنۋاتقاندەك بىر ئىش، خالاس.

2. دولان مەشرەپلىرىنىڭ «مەشرەپ» بولۇپ شەكىللىنىشىدىكى بەش مۇھىم ئامىل

دولان مەشرەپلىرى دولان خەلقىنىڭ ئەنئەنىۋى مىللىي سەنئىتى بولۇپ، ئۇ، دولانلىقلارنىڭ ئۆزى بىلەن بىللە ئىپلىپ يۈرىدىغان مەنىۋى ئوزۇقىدۇر. دولانلىقلار مۇشۇ مەنىۋى بايلىقى بىلەن تەنتەنە قىلالايدۇ، خۇشاللىقىنى ئىپادىلىيەلەيدۇ. غەم-قايغۇغا بەرداشلىق بېرەلەيدۇ، ئۆزلىرىگە ئۈمىد، ئارزۇ بېغىشلىيالايدۇ. ئۆزلىرىنىڭ تەپەككۇر ئىقتىدارىنى ئىشقا سېلىپ، تەسەۋۋۇر قابىلىيىتىنى ئاشۇرالايدۇ. مىللىي مەدەنىيىتى ئارقىلىق ئەۋلادلىرىنى ئەدەپ-ئەخلاقلىق، قائىدە-يوسۇنلۇق، بىلىملىك قىلىپ تەربىيىلەيدۇ.

مەشرەپ دېمەكلىك بىلەن ئۇنىڭغا مەخسۇس تەييارلانغان سەھنە، مەخسۇس كىيىدىغان كىيىم قاتارلىقلار كەتمىگەندىمۇ، مەشرەپ ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن زۆرۈر بولغان بىر قانچە مۇھىم ئامىللار بولىدۇ. ئۇنىڭ تەييارلىنىشىنىڭ ئاز-كۆپلىكى ياكى تولۇق-تولۇق ئەمەسلىكىگە قاراپ مەشرەپ كەيپىياتىمۇ قىزغىن ياكى سۇسراق دەرىجىدە بولىدۇ. مەشرەپنىڭ ھەممىسى بىر خىل بولۇۋەرمەيدۇ. مەشرەپنىڭ قانداق ئۆتكۈزۈلۈشى تۆۋەندىكى بەش ئامىلغا باغلىق.

1. يىگىت بېشى

يىگىت بېشى شۇ كەنتتىكى ئومۇمىي ياشلارنىڭ رەھبىرى ھېسابلىنىدۇ. يىگىت بېشىنى بىرەر چوڭ مەرىكە ياكى بىغلىشلاردا ياش ۋە ئوتتۇرا ياشلىقلار سايلاپ چىقىدۇ. سايلانغۇچى

ئابرويلۇق. باشقىلارغا گەپ-سۆزىنى ئۆتكۈزەلەيدىغان، ئادىل، كىشىلەردىن قورقمايدىغان، ياشلارغا توغرا يېتەكچىلىك قىلىپ ياخشى يولغا باشلىيالايدىغان بولۇش تەلەپ قىلىنىدۇ. «يىگىت بېشى» بولغۇچىنى ياش-قېرى ھەممە ئادەم ھىمايە قىلىدىغان بولۇشى كېرەك. يۇرت چوڭلىرىمۇ بۇ ئىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدۇ.

يىگىت بېشى سايلانغاندىن كېيىن، شۇ ئايماقتا ئۆتكۈزۈلگەن مەشرەپلەرنىڭ ھەممىسىدە يېتەكچىلىك قىلىدۇ. مەشرەپتە كۆرۈلگەن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىدۇ. زۆرۈر بولغان ئىشلار ئۈستىدە ھۆكۈم چىقىرالايدۇ. مەشرەپنىڭ تەرتىپ-ئىنتىزامىغا خىلاپ ھەرىكەت قىلغانلارغا نازارەت قىلىپ، دېموكراتىك ئاساستا ئادىل بىر تەرەپ قىلىدۇ. مەشرەپنىڭ ئەزىيەت ئويۇنىدا ھۆكۈمران بولىدۇ. چوڭ دائىرىلىك مەشرەپلەردە بىر ئايماقتا ئىككىنچى ئايماق خەلقىنى مەشرەپكە تەكلىپ قىلماقچى بولسا، شۇ ئايماقنىڭ يىگىت بېشىغا مەلۇم قىلىدۇ. يىگىت بېشى ئۆز دائىرىسىدىكى ئادەملەرگە ئۆزى خەۋەر بېرىدۇ، ئىككىنچى ئايماقتىكى مەشرەپكە ئىشتىراك قىلىدۇ. يىگىت بېشىنى بىر سورۇننىڭ ئۆزىدىلا سايلاپ، ئويۇن بىلەن تەڭ تۈگىتىدىغان ياكى خالىغانچە ئالماشتۇرۇۋېرىدىغان ئەھۋال يوق بەرمەيدۇ. ئاتىلىشتا «يىگىت بېشى» دەپ، ياشلارنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە قارالسىمۇ، ئەمەلىيەتتە مەشرەپ ئەھلىنىڭ ھەممىسى ئىنائەت قىلىدۇ.

2. مىرئۋاز

دولان مەشرىپىدە ئۇسسۇلچىلارنىڭ بېشىدىن پۇل ئۆرۈيدىغان ئادەت بار. ئۇسسۇلچىلار ناھايىتى ئۇستا بولسا، مەشرەپ ئەھلى ئۇسسۇلچىلارنىڭ بېشىدىن پۇل ئۆرۈپ، ئۇنى تەبرىكلەيدۇ. بەزىلەر ئۇرۇق-تۇغقانلىرى، يېقىن ئۆتىدىغان كىشىلىرى،

مۇھەببەتداشلىرى، ئەرلىرى ياكى ئاياللىرى، ئابرويلۇق كىشىلەر ئۇسسۇلغا چۈشكەندىمۇ ئارقا-ئارقىدىن پۇل چىقىرىپ، بېشىدىن پۇل ئۆرۈيدۇ. ئۆرۈلگەن پۇل مىرئۇازغا تاپشۇرۇلىدۇ. مىرئۇاز پۇلنى ئېلىپ ئۇسسۇلچىنىڭ بېشىدىن ئۆرۈپ، نەغمىكەشنىڭ ئالدىغا تاشلايدۇ. مەشرەپتىن كېيىن نەغمىكەشلەر ئالىدۇ. بۇ نەغمىكەشلەرنىڭ ئىش ھەققى بولىدۇ. شۇڭا كىشىلەرنى پۇل ئۆرۈشكە ئىلھاملاندۇرغىدەك خۇشچاقچاق، چاقچاق، گەپچى، قىزىقچىلىقتا مەشرەپ ئەھلىنى كۈلدۈرۈپ، كىشىلەرنى تەسىرلەندۈرەلىگىدەك ئادەمدىن بىرنى تاللاپ مىرئۇاز قىلىدۇ.

مىرئۇاز بولغۇچى بىر دانە ياغاچ چۆچەك ياكى مىتال چىنىنىڭ ئىچىگە بىر قانچە دانە پۇلنى سېلىپ، ئۇنىڭ ئاغزىنى ياغلىق بىلەن ئوراپ مەھكەم چىگىدۇ. تاماشىبىنلار ئۇسسۇلچىنىڭ بېشىدىن پۇل ئۆرۈمەكچى بولغاندا، ئۇ كىشىلەرنىڭ قولىدىن پۇلنى ئېلىپ، ھەممە ئادەمگە ئاڭلىتىپ يۇقىرى ئاۋاز بىلەن تولاپ قولىدىكى چۆچەكنى شاراقلىتىپ تۇرۇپ:

شىرىق-شىرىق بىر كەم قىرىق،
ئادىمە تېلىك زىيادە تېلىك،
تەگدىمە تېلىك، قوشىندار چىلىق،
ئاغىنىدار چىلىق، مەھەللىدار چىلىق،
كەتتى ئۈستەڭنى ياقلاپ!
ئاش بىلەن قومىنى ساناپ،
يارنى كەتتى دەپ ئاڭلاپ،
قالدۇق يۈرەكنى تاتىلاپ،
ئۇجمە، يېگىنىرىقتىن كەتتى،
ئايكۆل، سايىبىرىقتىن كەتتى،
توخولا-سەكياچىدىن كەتتى،
بالداق قارىيمۇ قىچىدىن كەتتى،

قۇمباش، بەشئېرىقتىن كەتتى.
قارا نوچىدىن كەتتى.
بادام دوپپىلىقتىن كەتتى،
شايى كۆڭلەكلىكتىن كەتتى.
گىجىم رومالللىقتىن كەتتى.
ساۋۇت ئاخۇندىن كەتتى.
داۋۇت ئاخۇندىن كەتتى،
سىلىمەخاندىن كەتتى.
سىلىمەخاندىن كەتتى.
يۈرەكلەر سىلىپ كەتتى.
ئەترايقا قاراپ كەتتى.
بەرگەنلەر بېرىپ كەتتى.
بەزىلەر جىم بولۇپ كەتتى،
ئوينىغانلار ئويناپ كەتتى،
ئوينىمىغانلار نەگە كەتتى؟

....

دەپ شۇ سورۇننىڭ كەيپىياتىغا قاراپ ئەمەلىي قوشاق قوشۇپ، سورۇننى ئايلىنىپ چىققاندىن كېيىن. يۆلنى نەغمىكەشنىڭ ئالدىغا قويىدۇ. يۆل ئۆرۈش ئاستىلاپ قالسا، يۆل ئۆرمىگەنلەردىنمۇ بىر قاچىلىغان ئەر-ئاياللارنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ. بالانى ئاخۇندىن مانچە پۇل كەتتى، پوكۇنى خاندىن مانچە پۇل كەتتى دەپ توۋلاپ قويىدۇ. بۇنىڭ بىلەن يۆل ئۆرۈش كۆپىيىدۇ. يۆلنى ئۆرۈپ بولغاندا ئۇسسۇلچىلار ئىلھاملىنىدۇ، نەغمىكەشلەرمۇ غەيرەتكە كېلىپ، مەشرەپ تېخىمۇ قىزغىن بولىدۇ. مىرئاۋاز يوق مەشرەپ بولمايدۇ. ئەگەر مىرئاۋاز يوق بولۇپ قالسا، مەشرەپ كەيپىياتى ئانچە قىزغىن بولمايدۇ. بەزى مىرئاۋازلار پۈتۈن مەشرەپ كەيپىياتىنى تەسۋىرلەپ ناھايىتى ئۇزۇن قوشاقلار ئوقۇپ چىقالايدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

3. نەغمىكەش

دولان مەشرىپىدە، دولان ناخشا-ئۇسسۇل سەنئىتىگە ئىنتايىن ماس كېلىدىغان دولان راۋابى، دولان قىل غىجەكى، دولان قالۇنى، دولان نەغمە دېپى تەڭكەش قىلىنىدۇ. يەنە ئاشمۇ تەڭكەش قىلىنىدۇ. ئەگەر، بىرەر ئايماق ياكى مەھەللە مەشرەپلىرىدە نەغمىكەشلەر تولۇق تەل بولالماي قالغان ئەھۋال ئاستىدا، بەزىلىرى كەم قالسىمۇ نەغمىگە چوڭ تەسىر كۆرسىتىپ كېتەلمەيدۇ. داپ بولسىمۇ مەشرەپنى ئوينىغىلى بولۇۋېرىدۇ. شەرت-شارائىتى بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا بىر قانچە داپ بىلەنمۇ مەشرەپنى ئوينىيالايدۇ. ئىلاجىنىڭ بارىچە نەغمىكەشلەرنى تولۇقلاپ ھەم خىللاپ مەشرەپ قىلىدۇ. بۇنداق مەشرەپ ناھايىتى قىزغىن بولىدۇ.

4. ئۇسسۇلچىلار

دولان رايونلىرىدا ئۇسسۇل بىلمەيدىغانلار يوق دېيىشكىمۇ بولىدۇ. ئەر-ئايال، قېرى-ياش ھەممە ئادەم ئۇسسۇل بىلىدۇ. ئۇششاق باللار ئالتە-يەتتە ياشتىن باشلاپلا دولان ئۇسسۇلىنى ئۆگىنىشكە باشلايدۇ. ئاتا-ئانىلارمۇ تەشەببۇس قىلىدۇ. شۇڭا مەشرەپتە داپنىڭ سوقۇلۇشى بىلەن ئۇسسۇلچىلار ئۆزلىكىدىن مەيدانغا چۈشۈپ ئوينايدۇ. سورۇننىڭ چوڭ-كىچىكلىكىگە قاراپ بىر قېتىمدا بىر قانچە ياكى بىر قانچە ئون ئادەممۇ بىراقلا ئۇسسۇلغا چۈشۈپ ئوينىيالايدۇ. مەشرەپتە ئۇسسۇل مۇھىم ئامىلنىڭ بىرى بولۇپ، تەكلىپ قىلىپ، ياكى چاۋاك چېلىپ ئۇسسۇلغا تەكلىپ قىلىدىغان ئەھۋال كۆرۈلمەيدۇ. ئاياللارمۇ ئەرلەرگە ئوخشاشلا مەشرەپ ئويۇنلىرىدىن تولۇق بەھرىمەن بولالايدۇ. ئۇلارنىڭ ئۇسسۇل ئوينىشى جامائەت تەرىپىدىن ياكى ئېرى تەرىپىدىن چەكلىمىگە ئۇچرىمايدۇ. بەلكى ئۇسسۇلچىلار ناھايىتى ھۆرمەتلىنىدۇ. شۇڭا، ماھىر ئۇسسۇلچىلار يىگىت بېشى تەرىپىدىن ئالاھىدە تەكلىپ قىلىپ كەلتۈرۈلىدۇ.

www.uyghurkitap.com

بۇ بىر جەھەتتىن مەشرەپتە كىشىلەرگە ھوزۇر بېغىشلىسا، يەنە بىر جەھەتتىن ياخشى بىلمىگەنلەرگە ئۆگىتىش رولىنى ئوينايدۇ.

5. قىزىقچى

مەشرەپتە قىزىقچىلار موھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. بولار مەشرەپ داۋامىدىكى تەقلىد ئويۇنلارنى ئوينايدۇ. مەشرەپنىڭ ئەرزىيەت باسقۇچىدا «سورەتچى»، «سامسپەز»، «جوۋازچى» ... قاتارلىق روللارنى ئېلىپ، جازالانغۇچىنىڭ جازاسىنى ئىنتايىن قىزىقارلىق ماھارەت بىلەن ئىجرا قىلىپ، «گۇناھ» قىلغۇچىنى «توۋا» قىلدۇرىدۇ. كۆپچىلىكنى كۇلدۇرۇپ ئىستېتىك زوق بېغىشلايدۇ ۋە يەنە يامان ئىللەتلەرنىڭ پەيدا بولماسلىقى ئۈچۈن مۇھىم خىزمەت قىلىدۇ. ئۇندىن باشقا، «بوۋا ئۇسسۇلى» (دوغۇر ئۇسسۇلمۇ دېيىلىدۇ)، «بوۋاي بىلەن شاپىدىخان» ناملىق كومېدىيىلەردە ئەر ئاياللار رولىنى ئالىدۇ.

يۇقىرىقى بەش ئامىل تولۇق بولغاندىلا، ئۇ مەشرەپ بىر پۈتۈنلۈككە ئىگە بولالايدۇ. بۇلار دولان مەشرەپلىرىنىڭ ھەممىسىدە بولمىسا بولمايدىغان ئامىللاردۇر.

دولان مەشرىپى يۇقىرىقىدەك مۇھىم ئامىللاردىن تەركىب تېپىپ، مەشرەپ داۋامىدا ئەڭ ئەھمىيەتلىك بولغان ئويۇنلار ئوينالغانلىقى ئۈچۈن، دولانلىقلار ئارىسىدا ئەۋلادمۇ-ئەۋلاد ساقلىنىپ، كەڭ تارقىلىپ كەلگەن. چوڭقۇر يىلتىز تارتقان. ھەتتا بولمىسا بولمايدىغان دەرىجىدە بىر خىل ئۆرپ-ئادەتكە ئايلىنىپ كەتكەن. دولان مەشرىپىنىڭ «مەشرەپ» بولۇپ شەكىللىنىشىدىكى موھىم ئامىللار توغرىسىدا خەلق تەرىپىدىن توقۇلغان مونداق بىر مەدھىيە كۈيىمۇ بار:

«ئەسلى دولان نەغمىدۇر،
چالسا راۋاب قالۇن بىلەن.
تۆت كىشى جەمئىي بولۇپ،
داپۇ-غىجەك ئاھاڭ بىلەن.

قوپسا ئۇسسۇل ئوينسا،
شۇنچە كۆپ جۇپ-جۇپ كىشى.
ئەھلى مەشرەپ يايرىسۇن،
مۇقام — ئۇسسۇل ھۇزۇر بىلەن.

ياشلىرى ياشلار بىلەن،
ھەم ئەرزىيەت قىلسىلار.
دادىخالىق ھەل بولۇر،
يىگىت بېشى نازىل بىلەن.

ئۇيقۇسى كەلگەندە ياشلار،
چاقچىلى ھەم چەككىلى —
تاپىسلەر گازىر، تاماكا،
كىشمىش، گۇلە، يېمىش بىلەن.

ئۇسسىغاندا ئەھلى مەشرەپ،
ئىچكىلى ھەم پىچقىلى.
سەگىلۇر بارچە يۈرەك،
تاپسا قوغۇن تاۋۇز بىلەن.

ئىزدىبان تاپسالەر،
گۆش، ياغ، گۈرۈچ سەۋزە، پىياز.
ياشىساق بىز خەلقلەر،
شۇنداق خۇشال مەشرەپ بىلەن.»

بۇنىڭدا، دولان مەشرىپىدە مۇقەررەر ھازىرلىنىشقا تېگىشلىك يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان بەش موھىم ئامىلنىڭ مەشرەپتىكى رولى ۋە كىشىلەرگە بېغىشلايدىغان بەدىئىي ھۇزۇرى ئالاھىدە تەسۋىرلەنگەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىچى ئادرېسى

3. دولان مەشرەپلىرىنىڭ تۈرلىرى

دولان مەشرەپلىرى ئۇيغۇر خەلق مەشرەپلىرى بىلەن بىر قاتاردا باي مەزمۇنغا ئىگە بىر پۈتۈنلۈكتىن ئىبارەت بولسىمۇ. لېكىن ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ خاراكتېرىگە، مەقسىتىگە قاراپ ئوخشىمىغان بىر قانچە خىلغا بۆلۈنىدۇ. بۇ مەشرەپلەرنىڭ شەكلى ئۆزىگە خاس مىللىي ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن باشقا يەرلىك مىللىي مەشرەپلەردىن مەلۇم دەرىجىدە پەرقلىنىدۇ.

دولان مەشرەپلىرىنى ئاساسەن مۇنداق بىر قانچە تۈرگە ئايرىش مۇمكىن

چاقپەلەك مەشرىپى

چاقپەلەك مەشرىپى دائىرىسى ناھايىتى كەڭ، نەچچە ئون مىڭ كىشى قاتنىشىدىغان. ھەتتا پۈتۈن ناھىيىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان كۆپ سورۇنلۇق داغدۇغىلىق مەشرەپ. ئون يىلدا بىر قېتىم ئۆتكۈزىدۇ. چاقپەلەك مەشرىپىنى «نورۇز مەشرىپى» دەپمۇ ئاتايدۇ. نورۇز مەشرىپىگە بىرىكتۈرۈپ ناھايىتى كۆپ تۈردىكى مىللىي ئويۇنلارمۇ ئوينىلىدۇ. ھەممىسى قوشۇلۇپ «نورۇزلۇق» دەپ ئاتىلىدۇ. بەزىلەر بۇ مەشرەپنى «ھېيت-بايرام مەشرىپى» دەپ ھېسابلايدۇ. مېنىڭچە بۇنداق ئاتاش ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولمايدۇ. ئەمەلىيەتتە «ھېيت-بايرام مەشرىپى» دەيدىغان مەشرەپ بولمايدۇ. دولانلىقلاردا پەقەت روزى ھېيت بىلەن قۇربان ھېيتتىن ئىبارەت ئىككىلا ھېيت بولىدۇ. بۇ چاغدا، كىشىلەر ئۆزئارا ھېيتلىشىش بىلەن بولىدۇ. مەشرەپتە ئولتۇرۇشقا ۋاقتى يەتمەيدۇ. ھەتتا ھېيتلاپ كەلگەن جايدىمۇ ئۇزاق ئولتۇرۇپ كەتمەيدۇ. بەزىلەر مەلۇم سەۋەبلەر بىلەن ھېيتلىق چاي بېرىپ قالغاندا

ناھايىتى ئاز ساندا مەشرەپ ئويناىدىغان ئىشلارمۇ بولىدۇ. بۇ،
كىشىلەر ئېيتقاندەك چوڭ دائىرىلىك ئەمەس، بەلكى چايغا
كەلگەنلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولىدۇ. ھېيتلىق چاي بېرىش
مۇقەررەر ئادەت بولمىغىنىدەك «ھېيتلىق چاي مەشرىپى» ئادەت
مەشرىپى ئەمەس. شۇڭلاشقا بۇ، مەشرەپتىكى بىر تۈر بولالمايدۇ.
ھېيتلىق چاي مەشرىپى بۇرۇنقى چاغدا ناھايىتى ئاز ساندا
كۆرۈلەتتى. ئازادلىقتىن كېيىن (1950 - يىللار) ئۇنىڭ ئىزنالىرىمۇ
قالمىغان. ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا تېگىشلىكى چاقپەلەك مەشرىپى
بولۇپ، ھەر يىلى دېھقانلار يىلنىڭ يېڭى يىلى كىرىشى بىلەن
(ھۇتنىڭ چىقىپ ھەمەلنىڭ كىرىشى بىلەن) يېڭى يىلنى كۈتۈۋېلىش،
قىشتىكى بىكارچىلىقنى ئۇزۇتۇپ، ئەتىيازلىق ئەمگەكنى باشلىۋېتىش
ئۈچۈن ئۆتكۈزىدۇ. شۇڭا دېھقانلاردا «ھۇت، كەتمەن دەستىسى
تۇت» دېگەن بىر گەپ بار. ھۇتتىن كېيىن ھەممە ئادەم بەرگە
ئىشلەشكە كىرىشىدۇ. ئەمگەكتىن بۇرۇن چاقپەلەك قاداپ قانىجە
ئوينىۋالىدۇ. ۋاقتى چەمەتتىن باشلىنىش كۈنى مۇقىم ئەمەس.
بىر - ئىككى كۈن ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ قالسىمۇ بولۇۋېرىدۇ. بۇ ئويۇن
دولانلىقلاردا ئىنتايىن ئۇزاق تارىخقا ئىگە بولغاچقا، چاقپەلەك
مەشرىپى قەدىمدىن تارتىپ ئادەت تەرىقىسىدە داۋاملىشىپ
كەلگەنلىكى ئۈچۈن، دولان خەلقى ھەرقانداق توسقۇنلۇققا
ئۇچرىغىنىغا قارىماي، چەرمەن ئۆتكۈزىدۇ. بۇ مەشرەپ دېھقانلارغا
كەلگۈسى بىر يىل ئۈچۈن تۈگمەس غەيرەت بېغىشلايدۇ. بۇ ئويۇن
پەقەت ئاۋات ناھىيىسىدىلا ساقلىنىپ كەلگەن بولۇپ. مارالبېشىنىڭ
مەلۇم يېزىلىرى بىلەن بىرلىشىپ ئاۋات ناھىيىسىدە ئۆتكۈزىدۇ.
مەكىت، مارالبېشى ناھىيىلىرىدە بۇ ئويۇننىڭ نامىنى «ساغادى»
دەپ ئاتايدۇ. «چاقپەلەك»، «ساغادى» دېگەن ناملارغا
كەلسەك، چاقپەلەكنى تەييارلاشتا ياغاچنى ياغاچقا ئۇلاپ 20 - 25
مېتىر ئېگىز قىلىنىدۇ. بىر پاي ھارۋا چاقىغا ھەر تەرەپكە ئىككى
تالدىن تۆت تال ياغاچنى كىرىست شەكلىدە مەھكەم چىگىپ، ئۇزۇن

ياغاچنىڭ ئۇچىغا ھارۋا ئوقىغا كىيدۈرگەندەك كىيدۈرىدۇ. چاقنى تىكلىگەن تۆت تال ياغاچنىڭ ئۇچىغا ئۇزۇن ئوق ياغاچ بىلەن يەك ئۇزۇنلۇقتا ئارغامچا چىگىدۇ. ئوق ياغاچنى يۆلەپ يەرگە قادىغاندىن كېيىن، ھارۋىنىڭ چاقى پەلەككە چىقىدۇ. شۇڭا بۇنى «چاقپەلەك» دەيدۇ. ھارۋىنىڭ چاقىغا تىكىلگەن كالتە ياغاچقا چىگىلگەن ئارغامچىنىڭ ئۇدۇل ئىككى تەرىپىنى «گىلەڭگە» (ئىلەڭگە) قىلىدۇ. يەنە ئىككى تەرىپىكى ئارغامچىنىڭ ئۇچىنى 10 مېترلىق بىر تال بوغان ئارغامچىنىڭ ئىككى ئۇچىغا چىگىدۇ. ئۇ ياغاچنى «چاقپەلەك» نىڭ ئوق ياغىچىغا چاتىدۇ. ئويۇن باشلانغاندا ئوغرا ئېسىلغان ياغاچنىڭ ھەر تەرىپىنى ئوندىن يىگىرمە ئادەم ئىتتىرىپ ئايلاندۇرىدۇ. ياغاچنىڭ ئايلىنىشى بىلەن ئوق ياغاچ ئۈستىدىكى ھارۋىنىڭ چاقى چۆرىلىدۇ. چاقنىڭ چۆرىلىشى بىلەن چاقنىڭ يەنە ئىككى تەرىپىگە ئېسىلغان گىلەڭگە بارغانسىرى ئۆرلەپ، ئۇنىڭغا چىقىپ ئۇچقانلار يەر يۈزىدىن بارغانسىرى ئېگىزگە كۆتۈرۈلىدۇ. ئۇچقۇچى ئەڭ يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلگەندە، چاقپەلەك ئىتتەرگۈچىلەر ئوغرا ئېسىلغان ياغاچنى ئىتتىرىشنى ئاستىلىتىشقا باشلايدۇ. ئۇنىڭ بىلەن ئۇچۇۋاتقانلار ئاستا-ئاستا پەسلەيدۇ. بەزى ۋاقىتتا ئۇچقۇچى ئەڭ يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلۈپ بولغىچە، ئۇچۇشقا نۆۋەت كۈتۈپ تۇرغۇچىلار تەرەپدارلىرى تەرىپىدىن «ساغادى» دەپ تۇۋلايدۇ. بۇ، ئۇچقۇچى كىشى قورقۇپ چىرايلىرى سارغىيىپ كەتتى، ئۇچۇشنى توختىتىڭلار دېگەننى بىلدۈرىدۇ. شۇڭا بەزى رايونلاردا «چاقپە-لەك» نى ئىسارەت ئومۇمىي نامى قويۇپ پەقەت ئۇچۇش ۋاقتىدىكى تەمشىلەرنىڭ تۇۋلىشىدىغان «ساغادى» (چىرايلىرى سارغايدى، قورقتى) دېگەن سۆزلىرىنى نام قىلىۋالغان بولۇپ، ھەر ئىككى نام ئەمەلىي ئاساسقا ئىگە.

چاقپەلەك مەيدانى كەڭرى، تۈزلەڭگە ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، ئويۇن-تاماشا، سودا-تىجارەت مەيدانلىرىنىڭ كەڭتاشا بولۇشى نەزەردە تۇتۇلىدۇ. چاقپەلەك مەيدانىغا مىڭلاپ ھارۋىلار كېلىدۇ.

پۈتۈن شەھەر تىجارەتچىلىرى، ئاشپەز-ناۋايلار، سودىگەرلەر دۇكانلىرىنى يۆتكەپ كېلىدۇ، ئويناش ۋاقتى بىر ھەپتىگىچە داۋاملىشىدۇ. مۇشۇ جەرياندا. ھېچقانداق ئادەم ئايرىلىپ قالماي چوڭ-كىچىك ھەممە ئادەم ھەر كۈنى ئەتىگەندە كېلىپ. كەچتە قايتىپ، چاقپەلەك ئويۇنىدا مەشرەپ ئوينايدۇ ياكى خالىغان تاماشالارنى قىلىدۇ.

چاقپەلەك مەشرىپىدە ئۆتكۈزۈلىدىغان مەشرەپ كەڭ دائىرىلىك بولۇپ، چاقپەلەك مەيدانىدا بىر قانچە ئۇنلىغان جايغا چېدىر تىكىپ، سورۇن-سورۇنلاردا مەشرەپ ئوينىشىدۇ. بۇ مەشرەپ خاراكتېر جەھەتتىن باشقا مەشرەپلەردىن پەرقلىنىپ. ئۇسسۇلدىن باشقا ئويۇنلار ئاپونا ئويۇنى. ئەرزىيەت. تەقلىد ئويۇنلىرى قاتارلىق ئوينالمايدۇ. سورۇننى كەڭرى تۈزۈپ، بىر قېتىمدا 30-60قىچە، بەلكى ئۇنىڭدىن كۆپ ئەر-ئايال. قېرى-ياشلار سورۇنغا چۈشۈپ ئۇسسۇل ئوينايدۇ. ئويۇن شۇنداق قىزىپ كېتىدۇكى، مىرئۋارلار چۆچەكلىرىنى ئۇسسۇلچىلارنىڭ بېشىدىن ئايلاندۇرۇپ شاراقلىتىپ تۈۋلاپ تۇرىدۇ. ئۇسسۇلچىلار ئۆزلۈكىدىن ئارقىمۇئارقا مەيدانغا چۈشۈپ ئويناپ تۇرىدۇ. بىر تەرەپتە يىگىت-قىزلار چاقپەلەكتە بەس-بەس بىلەن ئۇچۇپ تۇرىدۇ. سورۇن-سورۇنلاردا بولۇۋاتقان نەغمە سادالىرى كىشىلەرگە ھۇزۇر بېغىشلايدۇ. بىر تەرەپتە بەيگىچىلەر ئات چاپتۇرۇپ ئوغلاق ئويۇنى ئوينايدۇ. قىزىقچىلار خىلمۇخىل ماھارەتلەر بىلەن ئويۇن كۆرسىتىپ تۇرىدۇ. تىجارەتچىلەر، ئاشپەز-ناۋايلار خېرىدار چاقىرىپ تۈۋلىشىۋاتقان، رەڭگا-رەڭ كىيىنگەن ئوغۇل-قىزلار توپ-توپ بولۇپ تاماشا قىلىپ يۈرگەن، چوكانلار يۈزلىرىگە گىرىم قىلىپ، باشلىرىغا قاش، نوھ قاداپ، چاچلىرىغا گويەك ئېسىپ. ئەتراپلارنى ئايلىنىپ سەيلە قىلىپ يۈرگەن. ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇپ يالاپ ماڭغان بىر توپ قىز-چوكانلار تاماشىبىنلارنى ئۆزىگە مەھلىيا قىلىپ تۇرغان بىر خىل ئاجايىپ مەنزىرە ھاسىل بولىدۇ. نورۇز مەشرىپىنىڭ قىزىقارلىق تاماشىلىرى

كىشىدە غەم-قايغۇدىن ئەسەرمۇ قالدۇرمايدۇ. گوياكى كىشىنى غەم-قايغۇسىز بىر دۇنياغا كېلىپ قالغاندەك ھېس قىلدۇرىدۇ.

چاقپەلەك مەشرىپى كۆپ مەيدانلىق بولۇپ، بۇ ئويۇندا ھەممە ئادەم ئويناش پۇرسىتىدىن بەھرىمەن بولالايدۇ. ھازىرقى ۋاقىتتا نورۇز مەشرىپى مارالبېشى، مەكىت ناھىيىلىرىدە تۈگەپ، ئۇنىڭ «ساغادى» دېگەن نامىلا قالغان. ئاۋات ناھىيىسىدە ھازىرغا قەدەر ئويناپ كەلگەن بولۇپ، ناھىيە تەۋەسىدە ھەر يىلى ئىككى يېزىدا ئۆتكۈزۈپ، پۈتۈن ناھىيە خەلقى قاتنىشىشتىن باشقا، مارالبېشىنىڭ شاقۇر، پىچاق سۇندى، چىغانچۆل، تومشۇق، قوملۇق... قاتارلىق جايلىرىدىن مىڭلىغان كىشى كېلىپ ئاۋاتنىڭ چاقپەلەك مەشرىپىگە قاتنىشىدۇ. ئاۋات بىلەن مارالبېشى خەلقى بىرلىشىپ ئۆتكۈزىدىغان چاقپەلەك مەشرىپى ھازىرغا قەدەر داۋاملىشىپ كەلگەن بولۇپ، ئەگەر خەلقنىڭ بۇ ئويۇنغا يول قويۇلمايدىغان بولسا، خەلقنىڭ روھىي كەيپىياتى تۆۋەنلەپ ناھايىتى ئازابلىنىدۇ. شۇڭا بۇ، ئادەت مەشرىپى، دولان مەشرەپلىرى ئىچىدىكى دائىرىسى ئەڭ كەڭ مەشرەپلەردىن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

توي-تۆكۈن مەشرەپلىرى

توي-تۆكۈن مەشرەپلىرى توي مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆتكۈزۈلىدىغان مەشرەپلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. توي-تۆكۈن دېگىنىمىز — نىكاھ تويى، جۇۋان تويى (چاشۋاق تويى)، ئات تويى، خەتنە (سۈننەت) تويى، ئۆي چىقىش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، بۇنىڭ ھەممىسىدە مېھمان چاقىرىپ ئاش-چاي بېرىپ، مەشرەپ ئۆتكۈزۈلىدۇ. بۇنىڭ دائىرىسى مەشرەپ بەرگۈچىنىڭ ئىجتىمائىي سالاھىيىتى، مەنسەپ دەرىجىسى، ئىقتىسادىي ھالى، تويىنىڭ خاراكتېرى قاتارلىقلارغا قاراپ ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە بولىدۇ. مېھماننى قايسى دائىرىدە تەكلىپ قىلغان بولسا، مەشرەپمۇ شۇ دائىرىدە بولىدۇ. ئاساسەن

توي قائناشچىلىرى ئاساس قىلىنىدۇ. ئادەتتىكى كىشىلەرگە نىسبەتەن بايلارنىڭ، مەنسەپدارلارنىڭ ۋە يۇقىرى تەبىقىدىكىلەرنىڭ كەڭرى دائىرىدە بولىدۇ. ئات تويى، خەتنە تويى، ئۆي چېيى قاتارلىق تويلار كىچىك دائىرىلىك توي بولغاچقا، بۇنىڭ مەشرەپلىرىمۇ تار دائىرىدە بولىدۇ. جوۋان تويى بىلەن نىكاھ تويى خاراكتېر جەھەتتىن ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغاچقا، بۇ ئىككى تويىنىڭ ئۆتكۈزۈلۈش شەكلى، قائناشتۇرۇچىلارنىڭ قوللىنىدىغان قائىدە-يوسۇنلىرى، مەشرەپلىرى بىر-بىرىدىن تامامەن دېگۈدەك پەرقلىنىدۇ.

جوۋان توي مەشرەپلىرىدە، قىزنى جوۋان قىلغۇچى تەرەپ يۇرت-مەھەللىدىكىلەرنى ئۆيمۇئۆي بېرىپ تويغا ئېيتىدۇ. بۇ تويىنىڭ نامى «چاشۋاق توي» دەپ ئاتىلىدۇ. تويغا كەلگۈچىلەر توققۇز نان بىلەن بىر قولياغلىق ئالما ئېلىپ كېلىدۇ. ھېچ بولمىغاندا ئىككى-ئۈچ تال بولسىمۇ ئالما ئېلىپ كېلىشى شەرت. تويدا ئاش-چاي قويۇلۇپ بولغىچە مەشرەپ ئۆتكۈزۈلىدۇ. مەشرەپتە جوۋان بولغۇچىنىڭ قاش-كۆزلىرىنى تېرىپ، يۈزلىرىگە ئۇپا-ئەڭلىك سۈرۈپ گىرىم قىلىپ، بېشىغا قاش، نوھ قاداپ، چېچىغا گويەك ئېسىپ، ئەڭ ئېسىل كىيىم-كېچەكلەرنى كىيدۈرۈپ ئۇسسۇلغا سالىدۇ. جوۋان بولغۇچىنىڭ ئۇسسۇل ئوينىشى مۇسۇلمانلار قائىدىسىدە سۈننەت ھېسابلانغانلىقى ئۈچۈن، ئۇسسۇل ئوينىمىسا بولمايدۇ. مۇشۇ زۆرۈرىيەتتىن، جوۋان تويىدا مۇقەررەر مەشرەپ ئۆتكۈزۈلىدۇ. تويغا كەلگۈچىلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك بەس-بەس بىلەن ئۇسسۇل ئوينىشىدۇ. بۇ مەشرەپ پەقەت جوۋان بولغۇچىنىڭ خۇشاللىقى ئۈچۈن ئۆتكۈزۈلگەن بولغاچقا، نەغمە تېكىستلىرىگىمۇ:

ئاتنىڭ بالىسى تايلاق،
بىر ئويدان قۇلان بولدى.
چاشۋاقنى ئۇزۇن سېلىپ،
بىر ياخشى جوۋان بولدى.

دېگەن قوشاقنى سېلىپ، جوۋان بولغۇچىنى تەبرىكلەيدۇ. بۇ توي،

كۆندۆزى ئۆتكۆزۆلۆپ، ئاش-چاي بىرىپ بولۇش بىلەن ئەگىلا تۆگەيدۇ.

نىكاھ تويى مەشرەپلىرى بىر قەدەر كەڭ دائىرىلىك بولىدۇ. كۆندۆزى ئەتىگەندىن كەچكىچە قىزنىڭ ئۆيىدە مەشرەپ بولىدۇ. توي تاماملىنىپ، قىزنى يۆتكەپ كەتكەندىن كىيىن، ئاخشىمى يىگىتنىڭ ئۆيىدە مەشرەپ بولىدۇ. كۆندۆزدىكى مەشرەپكە تويغا كەلگەنلەرنىڭ ھەممىسى قاتنىشىدۇ. ئاخشىمى ئۆتكۆزۆلگەن يىگىتنىڭ ئۆيىدىكى مەشرەپكە، يىگىتنىڭ مەھەللىسىدىكىلەر قاتنىشىدۇ. بۇ، توي مەشرىپىنىڭ بىر خىل شەكلى.

توي مەشرىپىنىڭ يەنە بىر خىل شەكلىمۇ بار. دولان رايونلىرىدا ئۆتكۆزۆلۆپ كىلىۋاتقان توي شەكلى جەھەتتىن بىر جاي بىلەن يەنە بىر جاي ئارىلىقىدا مەلۇم ئۆزگىچىلىكلەر بولغاچقا، مەشرەپلىرىمۇ ئوخشىمايدۇ. ئالايلۇق، مارالبېشى ناھىيىسىدە نىكاھ تويلىرىنىڭ ھەممىسىدە ئوغلاق ئويۇنى بولىدۇ. تويغا ئىيتقۇچى كىشى توي بىلەن ئوغلاق ئويۇنىغا تەڭ ئىيتىدۇ. تويغا كەلگۈچىلەر ئاتلىرىنى مىنىپ كىلىدۇ. ئىتى يوقلار، ئاياللار قاتارلىقلار مەشرەپ ئوينايدۇ. ئاتلىقلار ئوغلاق ئوينايدۇ. ئوغلاقنى قىز تەرەپ سىلىپ بىرىدۇ. ئوغلاق ئويۇنى مەشرەپ ئويۇنىنىڭ بىر خىل ۋاستىسى بولۇپ، ئوغلاقنى سىلىپ بەرگۈچى كىشى «ئالغان-ئالغانىنىڭ» دىگەن بولسا، كىم ئىلىپ كەتسە شۇنىڭ بولىدۇ. توي ئىگىسى يەنە ئوغلاق سىلىپ بىرىدۇ. ئەگەر «ئالغان-ئالغانىنىڭ» دىمەستە ئىلىپ قاچقان بولسا، شەرەپ، ئىلىپ قاچقۇچىنىڭ بولىدۇ. لىكىن ئۇ، ئەتىسى بىر ئوغلاققا ياندۇپ تۆت-بەش ئوغلاق سىلىپ بىرىپ، ئاخشىمى بىر ئاخشام مەشرەپ قىلىپ بىرىدۇ ياكى ئوغلاق سىلىپ بەرمىسىمۇ ئەھلى-مەھەللىگە مال ئۆلتۆرۆپ ئاش-چاي بىرىپ، ئاخشىمى مەشرەپ قىلىپ بىرىدۇ. بۇنداق سەۋەنلىكنى كۆڭۆل ئىچىش مەقسىتىدە قەستەن ئۆزلىرى كەلتۆرۆپ چىقىرىدۇ. بەزىلەر «ئالغان-ئالغانىنىڭ» قىلمىغان ئوغلاقنى ئىلىپ قىچىپ، ئىقتىسادى

هالى ياخشى، ئويۇنخۇمار ئەھلى بۇرادەرلىرىنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىپ تاشلايدۇ. بۇنىڭ ئوغلاق ئويۇنى ۋە مەشرەپكە شۇ ئۆي ئىگىسى مەسئۇل بولىدۇ. تويدا ئوغلاق ئويۇنى ئويناشنىڭ ئاساسي مەقسىتى، بىر جەھەتتىن دولانلىقلار ئۆزلىرىنىڭ قەدىمكى ئادەتلىرىگە ۋارىسلىق قىلىشنى ئىپادىلىسە، يەنە بىر جەھەتتىن ئوغلاق ئويۇنى ۋاستىسى بىلەن مەشرەپ ئويۇننى ئۈزۈلدۈرمەي داۋاملاشتۇرۇشنى مەقسەت قىلىدۇ. ئوغلاق ۋاستىسى بىلەن ئوينىلىدىغان مەشرەپنىڭ ۋاقتى توي تۈگىگەندىن كېيىن بولىدۇ. توي كۈنى قىزنىڭ ئۆيىدە ئۆتكۈزۈلىدىغان، توي ئاخشىمى يىگىتنىڭ ئۆيىدە بولىدىغان مەشرەپلەرگە تەسىر يەتكۈزمەيدۇ.

قاتارى مەشرەپ

قاتارى مەشرەپ دولان رايونلىرىدا ئەڭ كۆپ ئۆتكۈزۈلىدۇ. بۇ مەشرەپ ئاساسەن قىش كۈنلىرى بىكارچىلىق ۋاقتىدا ئۆتكۈزۈلگەنلىكى ئۈچۈن، كىشىلەر نۆۋەت بىلەن ئۆزلۈكىدىن مەشرەپ قىلىپ بېرىدۇ. بۇ، شۇ كىشىنىڭ يۇرت ئىچىدىكى ئادىمىگەرچىلىكىگە مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئابروي-ئىناۋىتىگىمۇ ئالاھىدە تەسىر كۆرسىتىدۇ. دولانلىقلار قولى ئوچۇق، مېھماندوست، ئويۇنخۇمار كېلىدۇ. باشقىلارنىڭ مەشرىپىنى ئويناپ، ئۆزى مەشرەپ بېرەلمىسە خىجىلچىلىق ھېس قىلىپ چىداپ تۇرالمايدۇ. شۇڭا، دولانلىقلار قىش كۈنلىرىدە ئارقا-ئارقىدىن قاتارى مەشرەپ قىلىپ، ئىنتايىن قىزىقارلىق ئويۇنلار بىلەن كۆڭۈل ئاچىدۇ. قاتارى مەشرەپنىڭ مەزمۇنى بىر قەدەر مول بولۇپ، مەشرەپتە ئۇسسۇلدىن باشقا، يوتا ئويۇنى، ئەرزىيەت ئويۇنى، ئۇنىڭدىن باشقا ھەر خىل تەقلىد ئويۇنلار تولۇق ئوينىلىدۇ.

قاتارى مەشرەپنىڭ دائىرىسى ئاساسي جەھەتتىن بىر مەھەللىنى ئاساس قىلغان بولىدۇ. گاھىدا ئايماق بويىچىمۇ ئۆتكۈزۈلىدۇ. مەشرەپكە كەلگۈچىلەرنىڭ ھەممىسى ئوخشاشلا قارشى

ئىلىنىپ، يىراقتىن كەلگەنلەر تېخىمۇ ھۆرمەتلىنىدۇ.

تەكلىپ مەشرىپى

تەكلىپ مەشرىپى، بىرەر ئائىلىدە ئوغۇل باللىرى چوڭ بولۇپ يىگىتلىك قۇرامىغا يەتكەندە ئۇنى ياش-گۆدەكلەر توپىغا قوشۇپ قويۇش ئۈچۈن ئۆتكۈزۈلىدۇ. ئاتا-ئانىلار ئوغلى چوڭ بولغاندا مەشرەپ ئۆتكۈزۈپ، ئۇنى ياش-گۆدەكلەر ئارىسىغا قوشۇۋېلىشنى يىگىت بېشىدىن ئۆتۈنىدۇ. يىگىت بېشى كۆپچىلىككە مەسلىھەت سېلىپ، كۆپچىلىك قوشۇلغاندىن كېيىن ياشلار ئارىسىغا قوشۇۋالىدۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇ، يىگىتلىك قۇرامىغا يەتكەن ھېسابلىنىپ، ياشلار جامائەتكە قوشۇلىدۇ. ياشلار ئارىسىدا سىر ئىشلىك سورۇن ۋە ھۆرمەتكە ئىگە بولۇپ، گەپ-سۆزلىرى ئېتىۋارغا ئېلىنىدۇ. سودا-سېتىق، ئىلىم-بىرىم ئىشلىرىدا ئائىلىسىگە ۋەكىللىك قىلالايدىغان سالاھىيەتكە ئېرىشىپ، جەمئىيەتنىڭ ھوقۇقلۇق ئەزالىرى قاتارىغا ئۆتىدۇ.

يەنە بىرى، يىراق-يېقىندىن ئۇرۇق-تۇغقان، ئەھلى بۇرادەرلىرى كەلگەن بولسا، ئۇنى قولۇم-قوشنا، ئەھلى-مەھەللە بىلەن تونۇشتۇرۇپ قويۇش ئۈچۈنمۇ. مەھەللە ياكى كەنت بويىچە كىشىلەرنى ئاش-چايغا تەكلىپ قىلىپ، مەشرەپ ئۆتكۈزۈپ بېرىدۇ. مەشرەپتە ئۇلارنى كۆپچىلىككە تونۇشتۇرۇپ قويىدۇ.

شۇنىمۇ ئېنىقلاپ ئۆتۈش زۆرۈركى، بىرەر ئائىلىدە باللىرىنىڭ چوڭ بولۇش مۇناسىۋىتى بىلەن بېرىلىدىغان مەشرەپ، قىز بالىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ. قىز بالا چوڭ بولۇپ بالاغەتكە يەتكەندە، مەشرەپلەرگە ئەۋەتمەيدۇ ياكى ئاتا-ئانىسى بىرگە بارىدۇ. ياتلىق بولغاندىن كېيىن، ئەرلىرى بىلەن بىرگە بارىدۇ. ئۇنىڭغا ئاتا-ئانىلار ئارىلاشمايدۇ. يىراق-يېقىندىن كەلگەن ئۇرۇق-تۇغقان، ئەل-ئاغىنىلىرىنى كۆپچىلىك بىلەن تونۇشتۇرۇشمۇ ئەرلەرنى ئاساس قىلىدۇ.

ناماقۇللۇق مەشرىپى

ناماقۇللۇق مەشرىپى. بۇ، مەشرەپتە ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلغۇچىلار تەرىپىدىن كۆپچىلىكتىن ئەپۇ سوراش مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆتكۈزۈلىدىغان مەشرەپ بولۇپ. چوڭراق سەۋەنلىك ئۆتكۈزگۈچىلەر مەشرەپ بېرىش ئارقىلىق كۆپچىلىككە ناماقۇل بولىدۇ. بۇ مەشرەپ، ئۆزلۈكىدىن ئەمەس، بەلكى مەشرەپنىڭ ئەرزىيەت ئۈستىدە چىقىرىلغان ھۆكۈمگە ئاساسەن ئىجرا قىلىنىدۇ. مەشرەپنى قوغلىغانلار بولسا، ئۆزلۈكىدىن مەشرەپ ئۆتكۈزۈپ ناماقۇل بولىدۇ. بۇنىڭ دائىرىسى، ئەسلىدە قايسى دائىرىدە خاتالىق ئۆتكۈزسە، شۇ دائىرىدە بولىدۇ.

ئاداۋەت يۇيۇش مەشرىپى

بىر يۇرتتا ئىككى كىشى ئاداۋەتلىشىپ قالسا، سەۋەنلىك ئۆتكۈزگۈچى تەرەپ خاتالىقنى ھېس قىلغاندىن كېيىن بىر ئاخشام مەشرەپ قىلىپ، مەشرەپتە ئۆزى رەنجىتكەن كىشىنىڭ ئالدىدا ئۆرە تۇرۇپ، ئۆزىنىڭ خاتا قىلغانلىقىنى بويىنىغا ئېلىپ، ئەپۇ سوراپ چاي تۇتۇپ بېرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئاداۋەت يۇيۇلۇپ مۇناسىۋەت ئەسلىگە كېلىدۇ. چوڭ-چوڭ زىددىيەتلەرمۇ مۇشۇ ئارقىلىق ھەل بولۇپ كېتىدۇ.

قارلىق مەشرىپى

تۇنجى قار ياغقان كۈنى يېڭى قارنى مۇبارەكلەپ ئۆتكۈزۈلىدىغان مەشرەپ بولۇپ، بىر كىشى ياكى بىرنەچچە كىشى بىرلىشىپ بىر پارچە قەغەزگە بېيىت يېزىپ، قولۇم-قوشنا ياكى ئەل-ئاغىنىلىرىنىڭ ئۆيىگە بىر كىشىدىن ئەۋەتىدۇ. بېيىتكە مەشرەپتە يەيدىغان يېمەك-ئىچمەكتىن تارتىپ، سازچى، ئۇسسۇلچى، ساز تۈرلىرى،

ئوينىلىدىغان ئويۇن قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى يېزىلغان بولىدۇ. بىر كىشى قارلىقنامىنى ئېلىپ، مەلۇم باھانا-سەۋەب بىلەن قارلىق تاشلىماقچى بولغان ئائىلىگە كىرىپ، نامىنى كىگىزنىڭ قېتىغا بولامدۇ ياكى دەرھال كۆرۈپ قالمىغىدەك بىر يەرگە تىقىپ قويۇپ، خوشلىشىپ تالاغا چىققاندا، ئۆي ئىگىسىدىن سەل يىراقلىشىپ: « قارلىق بېسىۋالمىسۇن! » دەپ قاچىدۇ. ئۆي ئىگىسى قارلىقنى تاپماي تۇرۇپ قوغلاشقا بولمايدۇ-دە، ئۆيگە كىرىپ قارلىقنى تاپقىچە قارلىق تاشلىغۇچى يىراقلىشىۋالىدۇ. شۇڭا بەزىلەر پولو ئېتىپ، چىنىنىڭ ئاستىغا خەتنى قويۇپ، ئۈستىگە تارشا قويۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە پولو ئۇسۇپ ئېلىپ كىرىدىغان ئەھۋاللارمۇ بار. بۇ ئاساسەن قولۇم-قوشنىلار ئارا بولىدۇ.

قارلىق تاشلىغۇچىنى تۇتۇۋالسا، مەشرەپنى قارلىق تاشلىغۇچى تەرەپ ئۆزى بېرىدۇ ۋە قويغان شەرتلىرىنى ئۆزى ئورۇندايدۇ، ئەگەر تۇتالمىسا، قارلىق بېسىۋالغۇچى قارلىقنامىدىكى تەلەپكە ئاساسەن تەييارلىق قىلىپ، مەشرەپ ئۆتكۈزۈپ بېرىدۇ. تۇنجى قاردىن باشقا ۋاقىتتا بۇ ئويۇن ئوينالمايدۇ.

قارلىقنامىنىڭ قېلىپلاشقان شەكلى بولمايدۇ. ھەرقايسى جايلاردا ئۆزلىرىنىڭ قابىلىيىتىگە يارىشا ئوخشاشمىغان دەرىجىدە يازىسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدا قىزىقارلىق ئىبارىلەر بىلەن ئىپادىلەنگەن مىللىي بوياق چىقىپ تۇرىدۇ.

« قارلىقنامە » ئاساسەن مۇنداق شەكىل ۋە مەزمۇنلاردا بولىدۇ.

قارلىقنامە

خوش نەنەن سوۋغات قىلدى يىل بېشىدا ياغدى قار.
ئاق خالاتقا پۈركىنىپتۇ كائىناتتا ھەممە يار.
بۇ خۇشاللىق كۆنلىدە پەيزى سۇرمەكتۇر ھۇزۇر،
ئىشىقسىز ئالەم ئارا نەگىلا بارسا خارى-خار.

قەدىمدىن قايتۇ بىزگە، قاردا قارلىق تاشلىماق،
بۇ سەۋەب بىلەن مۇھەببەت سىزگە يەتكەي ىقارار.
دىلدا مۇھەببەت بولمىسا قىشقا تەمسىلدۇر كۆڭۈل،
ئۇينىماي ئۆتكەن ئۆمۈر كېتەر زىمىستاندەك بىكار.

تالىلدىم يۈرتىىن سىبنى بۇرادىرىم قىلساڭ قوبۇل،
نازۇ-نېمەت كەلتۈرۈپ، مەشرەپكە سەن قىل ئىختىيار.
خۇددى جەننەت بەزمىدەك جابدۇغى تەل بولسۇن يانا.
ئوت بىلەن زىننەت بىلەن بۇ ئۆي ئىچى بولغاي باھار.

لازىمە تىلىك يېمەك-ئىچمەكلەر تىزىلغان جوزىغا.
لالە رەڭلىك شام يېقىلغاي رەڭگى بولغايلار ئانار.
ساز چېلىپ، تووۋلاپ مۇقام، تۇرسا مۇقامچىلار كېلىپ،
ئەھلى مەشرەپ كۆڭلىگە ئاندىن زىيادە پەيزى بار.

كەلتۈرۈڭ قالۇن. غىجەك، داپ بىلەن دولان راۋاب،
ۋە يەنە نەشپۇت. ئانار، كىشمىش. كاۋاپ، تۇرسۇن قاتار.
مىرىۋاز، يىگىت بېشى، قىزىقچىلار كەلسۇن تامام،
ئەھلى مەشرەپ قالمىسۇن يەتتىدىن-يەتمىش ياشار.

بەزمىدىكى ئىنتىزامغا يىگىت بېشى سالسۇن نەزەر،
كىم خىلاپلىق ئىشنى قىلسا، شۇ كىشى جازالىنار.
قازىبەگ قىلغاي ھۆكۈم، ئىجراچى بولسۇن رەھىمسىز،
كىم يامانلىق ئەيلىسە ئۇ، ئۆز-ئۆزىنى قاخشىتار.

ئىچكىلى بولسۇن مۇسەللەس، قالمىسۇن تونۇر كاۋاپ،
چۆنتەككە پۇلنى كۆپ سېلىڭ، مىرىۋاز شاراقلىتار.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

پۈتۈنى قاتتىق ئىشلىك تەگكەن يېرى ئىچىشىدىكەن.
ياڭرىسۇن پەلەككە كۆلكە سايرىسۇن قوشاقچىلار.

غۇنچە تۈيلۈق نازىنىڭدىن كەلسۇن ئاندا نەچچىسى.
سەرۋى قامەت بولسا بولغاي، بولمىسۇن سىمىز، ياكار.
تولغىنىپ ئويناپ ئۇسسۇل ناز بىلەن بەرگەي ھۇزۇر،
دىلدا مۇھەببەت قوزغىسا، ئويۇنغىنى بولماس بىكار.

مەقسەت يېمەك-ئىچمەك ئەمەس، بۇ مۇھەببەتنىڭ ئىشى.
دىلدا ھەۋەس بولمىسا ئادەم دېگەن بىئىشار.
بارلىرىنى ئايىماڭ ھەم يوقلىرىغا كايىماڭ.
مەشرەپنى بەرمىسەڭىز يۇرت بىلەن سىز يانا بار.

مەشرەپ بەس كەلگۈچى ئۇنىڭغا ھەم قىلار ئىلاج.
پەم بىلەن بارغان كىشى قولىدىن مەھكەم تۇتار.
نامىسىنى تۇتقۇزۇپ ئىشەككە تەتۈر مىندۈرۈپ.
يۈزلىرىگە رەڭ بېرىپ ياندۇرسا ئۆيگە ئىختىيار.

قاچقۇچى كەتسە يىراق، تونماق ئۇنى ئاسان ئەمەس.
كىم چەبەر بولسا ئويۇندا شۇ كىشى جەزمەن ئۇتار.
بارغۇچىنى قوغلىماس ئالىي سۈپەت بولسا كىشى.
مەشرەپكە تەييارلىق كۆرۈڭ، سۆزىمىز بولغاي قارار.

يۇقىرىقىلار پەقەت قارلىقنامىنىڭ يېزىلىشتىكى بىر خىل شەكلىدىن ئىبارەت بولۇپ، يازغۇچىلار ئۆزلىرىنىڭ قابىلىيىتىگە ئاساسەن يازىدۇ. لېكىن مەزمۇن جەھەتتىن مەشرەپكە قويۇلغان شەرت مۇقەررەر ئىپادىلىنىشى كېرەك.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا، «دەردمەنلەر مەشرىپى» دەپ بىر

مەشرەپمۇ بار. بۇ مەشرەپ ئاساسەن، بويتاق ئەر-ئاياللارنىڭ بىر-بىرى بىلەن تونۇشۇپ مۇھەببەت ئىزھار قىلىشى. شۇ ئارقىلىق ئۆيلۈك-ئوچاقلىق بولۇپ قىلىشقا پۇرسەت يارىتىپ بېرىش مەقسىتىدە ئۆتكۈزۈلىدۇ. بۇنىڭغا شۇ جايدىكى ئىبرى يوق خوتۇنلار، خوتۇنى يوق ئەرلەرنىڭ ھەممىسى قاتنىشىشتىن باشقا ئەر-خوتۇنلارمۇ قاتنىشىدۇ. ئىبرى بار، خوتۇنى بارلار ئۆز جۈپلىرى بىلەن بىر تەرەپتە ئولتۇرىدۇ. ئىبرى يوق، خوتۇنى يوقلار بىر تەرەپتە ئولتۇرىدۇ. بۇلار ئەر-ئايال ئارىلاش ئولتۇرىدۇ. مەشرەپ باشلانغاندا، يىگىت بېشى ئاگاھلاندۇرۇپ (ئەر-خوتۇنلۇقلار ئولتۇرغان تەرەپنى كۆرسىتىپ): بۇ تەرەپكە تەگمەيمىز، بۇ تەرەپكە (بويتاقلار تەرەپنى كۆرسىتىپ) رۇخسەت دەپ، رۇخسەت قىلىدۇ. بويتاق ئەر-ئاياللار بىر-بىرلىرى بىلەن ئۇسسۇل ئوينىشىدۇ. دەررە ئويناپ بېيىت-قوشاقلار ئېيتىشىدۇ. شۇ ئارقىلىق ئۇلار ئۆزئارا تونۇشىدۇ. بۇ ئويۇن بويتاقلارنىڭ ئۆزئارا تونۇشۇپ، مۇھەببەتلىشىش ۋە ئۆيلۈك-ئوچاقلىق بولۇپ قىلىشىدا مۇھىم رول ئوينايدۇ.

دولان مەشرەپلىرىنىڭ تۈرلىرى يەرلىك ئالاھىدىلىككىمۇ ئىگە. بەزى رايونلاردا بۇنىڭدىنمۇ كۆپ تۈرلەر بار. دولان رايونلىرىدىن مارالبېشى ناھىيىسىدىكى مەشرەپ تۈرلىرى تېخىمۇ كۆپ. مەسىلەن: بازار كۈنلىرى بىرقانچە نەغمىچىلەر بىرلىشىپ بىرەر چوڭ ھويلىغا كىرىپ نەغمە باشلاش بىلەن تەڭ، بازارغا كەلگەنلەر بىر دەمدىلا ھويلىغا توشۇپ كېتىدۇ. كىشىلەر داپنىڭ ئاۋازى بىلەن تەڭ ئۆزىنى تۇتالماي ئۆزلۈكسىز ئۇسسۇلغا چۈشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن مەشرەپ باشلىنىپ كېتىدۇ. مىرئاۋازدىن بىرى چىقىپ چۆچەكلىرىنى شاراقلىتىپ: پالاندىن مۇنچە پۇل كەتتى، پوكۈندىن مۇنچە پۇل كەتتى، دەپ توۋلاشقا باشلىغاندىن كېيىن، كىشىلەر ئۆزلۈكىدىن ئۇسسۇلچىلارنىڭ بېشىدىن پۇل ئۆرۈيدۇ. بۇ پۇلنى مىرئاۋاز تاپشۇرۇۋېلىپ، پۇل بەرگۈچىنىڭ نامىنى كۆپچىلىك ئارىسىدا ئېلان قىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئايرىپ نەغمىكەشلەرنىڭ ئالدىغا قويىدۇ. مەردلىك قىلىپ

يۇل ئۆرۈيدىغانلار كۆپ چىقىدۇ، بۇنىڭ بىلەن نەغمىكەشلەرنىڭ ئىش ھەققىمۇ ئىرىلىپ قالىدۇ. بۇنداق مەشرەپنىڭ قائىدىچىلىرى ناھايىتى كۆپ بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، ئائىلە مەشرەپلىرى، ئېتىز مەشرەپلىرى، ئاشپۇزۇل مەشرەپلىرى قاتارلىق نۇرغۇن مەشرەپلەر بار. بۇلاردىن ئاساسلىقى يۇقىرىقىلار بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

4. دولان مەشرەپلىرىدىكى ئويۇن شەكىللىرى ۋە ئۇلارنىڭ مەزمۇنلىرى

دولان مەشرەپ-مۇقاملىرى، مۇھەببەت، ئادالەت، ساداقەت، باتۇرلۇق، ئىناقلىق قاتارلىق مول ئىجتىمائىي مەزمۇنلارنى، لىرىكىلىق ھېسسىياتقا ئىگە نەپىس ھەرىكەت شەكىللىرىگە مەركەزلەشتۈرۈپ ئەن بولۇپ، كىشىدە چوڭقۇر ئىستېتىك زوق قوزغايدىغان ئەلنەغمە، ئۇسسۇل، بېيىت ئېيتىشىش، تەرزىيەت ئويۇنى قىزىقچىلىقى قاتارلىق تۆت مۇھىم سىستېمىلىق، يۇرۇشلەشكەن تەركىب ئاساسىدا كۆپلىگەن قىزىقچىلىق ۋە تەقلىد ئويۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

بۇ ئويۇن تەركىبلىرى دولان مەشرىپىنىڭ بىر پۈتۈن تولۇقلىنىشى جەريانىدا مەشرەپ تەركىبىي قىسىملىرىنىڭ كۆپىيىشى، ئازىيىشى قاتارلىق تۇرغۇنلىغان ئىجتىمائىي باسقۇچلارنى باشتىن كەچۈرۈشى ئارقىلىق تاللىنىپ، مۇكەممەل سىستېمىلاشقان.

دولان خەلقى ئۆزلىرىنىڭ تارىخىي تەرەققىياتى جەريانىدا مەشرەپ مەزمۇنلىرىنىڭ رېئاللىقى، ئىدىيىۋىلىكى جەھەتتىكى مەزمۇنلارنى يەكۈنلەپ، ئەجدادلارغا ۋارىسلىق قىلىش ئاساسىدا ئەۋلادلارنى تەربىيىلەپ، مەدەنىيەتكە يۈرۈش قىلىپ يۇرتنى باشقۇرۇش ئىشلىرىغا پايدىلىق بولغان ئېسىل مەزمۇنلارنى دراماتىك ئۇسۇل بىلەن سەنئەتنىڭ ھەرىكەت شەكلىگە مەركەزلەشتۈرۈپ، ئۆزلىرىنى مەدەنىيەتلىك، ئەدەپ-ئەخلاقلىق، مېھماندوست، ئىنتىزامچان، مۇلايىم قىلىپ تەربىيىلەپ كەلگەن.

دولان مەشرىپىنىڭ ئويۇن شەكىللىرى ئىنتايىن قىزىقارلىق بولۇپ. بۇ ئويۇنلار بىر جەھەتتىن كىشىلەرنىڭ مەنىۋى ھاياتىنى جانلاندۇرسا، يەنە بىر جەھەتتىن ئۇنىڭ ھەرىكەتلىرى، ناخشا-قوشاق تېكىستلىرى مۇھىم دىداكتىك مەزمۇنغا ئىگە بولغاچقا، دولان مەدەنىيىتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە مۇھىم رول ئويناپ كەلگەن. دولان مەشرىپى، ئەلنەغمە، ئۇسسۇل، پۇتا (دەررە)، ئەرزىيەت قاتارلىق تەركىبلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، ھەرقايسىسى ئۆز ئالدىغا قىزىقارلىق شەكىل ۋە مۇھىم مەزمۇنلارغا ئىگە. بۇلار ئاساسەن مۇنداق تۆت خىل شەكىلدە ئىپادىلىنىدۇ.

مۇقام (ئەلنەغمە)

دولان مەشرىپى ئەلنەغمە ئارقىلىق ئۆزىنىڭ سۈپىتىنى شەكىللەندۈرەلەيدۇ. مەشرەپنىڭ مۇقەددىمىسى مۇقام بىلەن باشلىنىپ، مۇقام راۋابقا ئاساسلىنىدۇ. ئەلنەغمە بولمىسا، مەشرەپمۇ بولمايدۇ.

مەشرەپ باشلىنىش بىلەن تەڭ مۇقەددىمە راۋابتىن باشلىنىدۇ. بىرنەچچە داپچىلار قولىغا داپنى ئېلىپ، چالماستىن داپ بىلەن يۈزىنى يەلپۈپ تۇرۇپ ئاۋۋال ناھايىتى يۇقىرى ئاۋاز بىلەن «ۋاي ئاللا! ... ۋاي ئاللا! ... ۋاي ئاللا! ...» ياكى «ۋوي-ۋوي! ... ۋوي-ۋوي! .... ۋوي-ۋوي! ...» دەپ توۋلاپ بولغاندىن كېيىن، ئۇلاردىن بىرى ناھايىتى يېقىملىق ھالدا ئىككى كۇبلېت مۇقام ئوقۇيدۇ. بەزى مۇقاملارغا كەلگەندە باشتىكى ۋاي ئاللا ياكى ۋوي-ۋوي دېگەننى مۇقامنىڭ بېشىدا ئەمەس، بەلكى ئاخىرىغا چۈشۈرۈپمۇ ئوقۇيدۇ. مۇقام بىر كىشى تەرىپىدىن ئېيتىلىپ، ئاخىرىغا كەلگەندە داپچىلارنىڭ ھەممىسى تەڭلا جور بولىدۇ.

داپچىلارنىڭ مۇقام توۋلىغاندا داپنى چالماستىن داپ بىلەن ئاغزىنى توسۇپ، يۈزىنى يەلپۈپ تۇرۇشى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپ، بۇنىڭ سەۋەبلىرى مۇنداق بىر قانچە خىل بولىدۇ:

بىرىنچى. مەشرەپ مۇقەددىمىسىدىكى مۇقام تېكىستلىرى ئاساسەن بەيت-نەسىھەت خاراكتېرىدە بولۇپ، ئۇ، كىشىلەرنىڭ دىلىنى مۇڭلۇق كۈيلەر بىلەن ئېرىتىپ نەسىرلەندۈرۈشنى مەقسەت قىلغانلىقى ئۈچۈن. راۋاب بىلەن غىجەكتىن باشقا چالغۇنىڭ ئارىلىشىپ مۇقام تېكىستلىرىنى ئۇقۇمسىز قىلىپ قويۇشنى ياقتۇرمايدۇ. يەنە بىر جەھەتتىن. مۇقەددىمە قىسمىدا ئۇسسۇل ئوينالمىغاچقا، داپ چېلىنىشنىڭ زۆرۈرىيىتى بولمايدۇ.

ئىككىنچى، مۇقامچى مۇقام ئوقۇلغاندا داپ بىلەن يۈزىنى يەلپۈش ئارقىلىق ئۆزىگە شامال كەلتۈرىدۇ.

ئۈچىنچى. مۇقامچىلار مۇقامنى يۇقىرى ئاۋازدا كۈچەپ توۋلايدىغان بولغاچقا. كىشىلەر ئالدىدا ئېغىزلىرىنىڭ چوڭ ئېچىلىپ كېتىشلىرىنى كىشىلەرنىڭ نەزەرىدىن يوشۇرۇش ئۈچۈن، داپنى يۈزىگە دالدا قىلىپ. يۈزىنى كىشىلەرگە كۆرسەتمەيدۇ.

مۇقامنىڭ باش-ئاخىرلىرىغا قوشۇپ ئېيتىلىدىغان «ۋاي ئاللا!» ياكى «ۋوي-ۋوي» دېگەننىڭ مەنىسى توغرىسىدا ھازىرچە بىرلىككە كەلگەن ئادەم قىچقىرىش. ئادەم يىغىش مەنىسىدە، دەپ قارىلىپ كەلمەكتە. مېنىڭچە بۇ قاراش دولان رايونلىرىنىڭ ھازىرقى ئوۋ پائالىيەتلىرىدىكى ئادەم يىغىش ۋاقتىغا سېلىشتۇرغاندىمۇ. ناھايىتى مۇۋاپىق كېلىدۇ. مەسىلەن: مارالبېشى ناھىيىسىنىڭ يېزىلىرىدا قىش كۈنلىرى قار ياغقاندا ياكى ھەر شەنبە كۈنلىرى ئەتىگەندىلا بىر ئادەم بىر ئېگىزلىكتە تۇرۇپ يۇقىرى ئاۋاز بىلەن «ۋوي-ۋوي!...» ياكى «ھوي-ھوي!..» دەپ توۋلايدۇ. بۇ ئاۋازنى ئاڭلىغۇچىلار ئۆزىنى ئوۋغا چاقىرىق قىلىۋاتقانلىقىنى بىلىدۇ-دە، شۇ ھامان ئۆي-ئۆيلىرىدىن ئادەملەر چىقىپ، چاقىرغان جايغا بېرىپ توپلىشىدۇ. بىر دەمدىلا پۈتۈن مەھەللە خەلقى جەم بولۇپ ئوۋغا تەييارلىنىدۇ. ھەممە ئادەم بىر سەپ بولۇپ يېرىم ھالقا شەكىللەندۈرۈپ، ئۇدۇللاپ چاتقاللارنى دەسسەپ ماڭىدۇ. ھەتتا غول چاتقاللار بولسىمۇ، ياندىماستىن قايرىپ ئۆتىدۇ. ھەر ئونبەش كىشىدە بىر

ئادەم مەسئۇل بولىدۇ. كىمنىڭ ئالدىغا ئوق چىقسا، دەرھال چوماق ئاتىدۇ. ئۇنىڭغا يانداپ يەنە بىرقانچىسىمۇ تەڭ ئاتىدۇ. ئوق يىقىلغاندا، مەسئۇل بولغان كىشى ئوقنىڭ كىمگە تەۋە ئىكەنلىكىنى ئۆلچەپ بېرىدۇ. ئۇلارنىڭ چوماقلىرىدىن بىرمۇ ئوق قۇتۇلالمايدۇ. ئەگەر، چوماق تەگمىگەن بولسا، ئارىلاپ قارچىغا كۆتۈرگەنلەرمۇ بولغاچقا، قارچىغىسىنى قويۇۋېتىدۇ. ئوقنى قارچىغا تۇتۇۋالىدۇ. كەچقۇرۇن ئوۋدىن يانغاندا، ھەربىر ئادەم بىر قانچىدىن ئوق غەنىمەتلىرىگە ئېرىشىدۇ. ئەگەر ئۇ كىشى «خان» سوقالمىغان بولسا، باشقىلار بىر-ئىككىدىن ئۆتۈنۈپ بېرىپ، ئۇ كىشىمۇ باشقىلار بىلەن ئوخشاش غەنىمەتكە ئېرىشىپ، ئۆيلىرىگە قۇرۇق قول يانمايدۇ. ئوۋ ھەركەتلىرىدىن تەتقىقاتتىكى بەزى سوئاللارغا جەزمەن جاۋاب تاپقىلى بولىدۇ.

مەشرەپ مۇقەددىمىسىدىكى مۇقامدىن كېيىن، مۇقام بۆلەكلىرىنىڭ ئۇسسۇللۇق نەغمە قىسمى باشلىنىدۇ. بۇ چاغدا، نەغمىكەشلەر مەشرەپنىڭ كەيپىياتى، ئۇسسۇلچىلارنىڭ مىجەز-خۇلقى، ئابروي-ئىناۋىتى، يېشى، جىنسى، ئەخلاق سۈپىتى، كىيىنىشى، تەقى-تۇرقى قاتارلىقلارنى نەزەردە تۇتۇپ، ئۇسسۇلنىڭ ھەرقايسى باسقۇچلىرىغا كەلگەندە شۇنىڭغا باب كېلىدىغان، ئۇسسۇلچىنىمۇ ماس كېلىدىغان تېكىستلەرنى تاللاپ، بىر قەدەر ھېسسىياتلىق، ئۇسسۇلچىلاردا قىزغىن كەيپىيات ھاسىل قىلىدىغان:

دەريانىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر تۈپ توغراق تولغىماچ،
ئۈستىدە چاڭگا تىزىپتۇ ئالا يوپاق قارلىغاچ.
ئالا يوپاق قارلىغاچنىڭ يۈيىغا گىرە سېلىپ،
مەيلى يارمۇ، مەيلى يوقمۇ قارىۋالغىن ئۇيىغاچ.

ئاي دېسەم ئايدىنمۇ گۈزەل يۈزلىرىڭ تۇرسا سېنىڭ،
جان دېسەم جاندىنمۇ تاتلىق سۆزلىرىڭ تۇرسا سېنىڭ.
ئۇتمىدىڭ، ئاتەشمىدىڭ قايدىن تۇتاشتىڭ سەن ماڭا،
ناز بىلەن ئويناشلىرىڭ ھەم كۆيدۈرۈپ تۇرسا سېنىڭ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىدىئى ئادرېسى

ئاق لەيلى، قىزىل لەيلى،
باغدا قىلىلى سەيلى.
يار تۇتامدۇ-تۇتمامدۇ
خېنىمنىڭ ئۆزىنىڭ مەيلى.

بارارغا يوللۇرۇك بولغاي،
قىزىل گۈل ھەمرىھىڭ بولغاي.
سېنىڭدەك نازىمەن يارغا،
مېنىڭدەك قۇللىرىڭ بولغاي.

يايرىمنىڭ قارا ساچى،
چۈشەمدۇ زاڭاقىغا.
ئاغزىغا سۆيۈپ تۇرۇپ،
قارايلى سىياقىغا.

دېگەندەك تېكىستلەرنى ئوقۇپ، ئۇسسۇلچىلارغا ئىلھام بېغىشلايدۇ. نەغمە ئۇدارى بىلەن شوخ تېكىستلەر ئۇسسۇلچىلارنىڭ تەكلىپ قىلمىسىمۇ ئۆزلۈكىدىن ئارقا-ئارقىدىن سورۇنغا چۈشۈپ ئۇسسۇل ئويناپ كېتىشىدە مۇھىم رول ئوينايدۇ.

ئۇسسۇل

دولان ئۇسسۇلى ئۆزىنىڭ ئون ئىككى يۈرۈشلۈك دولان مۇقامىغا ئوينىلىدىغان جەڭگىۋار ئوۋچىلىق ئۇسسۇلى بولۇپ، ئۇ مەشرەپتىكى مۇقەددىمە، چېكىنمە، سەنەم، سەلىقە، سېرىلما قاتارلىقلاردىن ئىبارەت بەش ئۆزگىرىشلىك ئاھاڭ ئاساسىدا، ئۇسسۇلنىڭ ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان تۆت ھەرىكەت باسقۇچى بىلەن ئوينىلىدۇ. دولان ئۇسسۇلىدىكى ھەرىكەتلەر ئاساسەن ئىپتىدائىي ئوۋچىلىق ئىگىلىكى نەمگەك پائالىيەتلىرىنىڭ تەقلىدلىرىدىن ئىبارەت بولۇپ، ھەربىر

باسقۇچتىكى ئۇسسۇل ھەرىكەتلىرىدىن ئىپتىدائىي دەۋرگە ئائىت
ئورغۇن ئەمگەك ئوبرازلىرىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. بۇ ھەقتە ھەر
خىل قاراشلار بار بولسىمۇ، ئۇسسۇل تەتقىقاتچىلىرىنىڭ ئىبتىراپ
قىلىشۋاتقانلىرىنى نەزەردە تۇتقاندا، مەشرەپ مۇقەددىمىسىدىكى
مۇقامنىڭ ئالدى-كەينىگە قوشۇلۇپ ئېيتىلىدىغان «ئاللا!»،
«ۋوي-ۋوي» سۆزلىرى ئادەم چاقىرىپ ئوۋغا تەييارلىق كۆرۈشنى
ئىپادىلىسە، «چىكىتمە» باسقۇچىدىكى ئۇسسۇلچىلارنىڭ قوللىرىنى
ئوك-سولغا تاشلاپ، ئوڭغا بىرىم، سولغا بىرىم بۇرۇلۇپ ئويناشلىرى
ئوۋچىلارنىڭ قىلىش چاتقاللارنى ئىككى تەرەپكە قايرىپ ئوۋ
ئىزدەۋاتقانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. بۇ ئۇسسۇل ئەر-ئايال بىر جۈپتىن
بولۇپ ئوينىلىدىغان بولغاچقا، ئايال ئەرگە ماسلىشىپ بەزىدە ئوڭ
قولىنى، بەزىدە سول قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، خۇددى ئەرلەرگە
مەشئەل يورۇتۇپ بېرىۋاتقاندەك ھەرىكەت بىلەن ئوينايدۇ.
ئاياللارنىڭ ئوۋغا قاتنىشىش، ئەرلەرگە ياردەم بېرىش پائالىيىتى
ئىپتىدائىي ئوۋچىلىق دەۋرىدە خوتۇن-قىزلارنىڭ ئەمگەك تەركىبى
ئىدى. چىكىتمىدە بۇ مەزمۇن روشەن ئىپادىلىنىدۇ. ھالبۇكى،
ئىپتىدائىي ئوۋچىلىق ئىگىلىكى دەۋرىدە «ئۇلار كۆپىنچە توپ-توپ
بولۇپ ئوۋ قىلىشقانىدى. ئوۋغا گورۇپپىنىڭ چوڭ ياشتىكى ئەركەكلىرىنىڭ
ھەممىسى قاتناشقان. خوتۇن-قىزلار ئورۇق بولىدىغان ئۆسۈملۈكلەرنى
تېرىش بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇچى ئۆتكۈر ئاددىي تاياق قورال
ۋەزىپىسىنى ئورۇندىغان. ئۇلار ئۆسۈملۈكلەرنىڭ مېۋە ۋە يىلتىزلىرىن
ى، تۇرلۇك ئوتلارنىڭ ئۇرۇقلىرىنى، ياڭاق ۋە ياۋا مېۋىلەرنى يىغقان.
شۇنىڭدەك ئۇششاق ھايۋانلارنى — تۇلۇم چاشقان، پاقا ۋە كەسلەن-
چۇكىلەرنى تۇتۇشمۇ يىغىش ئىشىغا كىرگەن. ئاياللار بۇ ئۇششاق
ھايۋانلارنى تاياق بىلەن ئۇرۇپ ئۆلتۈرگەن» (1). مانا مۇشۇنداق
ئىنسانىيەتنىڭ پۈتۈن ھاياتى ئوۋچىلىق ئەمگىكىگە باغلىق بولغان

(1) م. س بوتنوۋا: «دىن قانداق پەيدا بولدى؟» 51-بەت.

دەۋرلەردە ئاياللار ئەرلەرنىڭ ئوۋ ئىشلىرىغا ياردەم بەرگەن.

چېكىتمە ئۇسسۇلىدىكى ئاياللارنىڭ ئوۋغا قاتنىشىش ھەرىكىتى كىشىنى ھەرگىزمۇ ئەجەبلەندۈرمەيدۇ. دولان ئاياللىرى ئەرلەرگە ئوخشاش قاۋۇل، غەيرەتلىك كېلىدۇ. ئەرلەر قىلغان ئەمگەكنى ئوخشاشلا قىلالايدۇ. ئائىلە ئەمگىكىدىن باشقا، دېھقانچىلىق ئەمگىكى، ئوتۇن توشۇش، چارۋا بېقىش قاتارلىق ئەڭ ئېغىر ئەمگەكلەردىمۇ ئەرلەرگە تەڭمۇ تەڭ ياردەملىشىدۇ. قاپقان قويۇپ ئوۋ تۇتالايدۇ. ئىز ئىزدىيەلەيدۇ. چارۋىچىلارنىڭ ئاياللىرى ئوۋچىلىقتا ئەرلىرىدىنمۇ ياماراق كېلىدۇ.

«چېكىتمە» ئاسقۇچى تاماملانغاندىن كېيىنكى ئۇسسۇلنىڭ ئىككىنچى ئاسقۇچى «سەنەم» قىسمىدا. ئۇسسۇل ھەرىكىتى «چېكىتمە» ئاسقۇچىدىكى سالماق، ئاستا ئويناشتىن ئۆزگىرىپ، ھەرىكەت تېزلىشىدۇ. ئەر-ئايال قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ناھايىتى يېقىن ھالدا ئوڭغا ۋە سولغا نۆۋەت بىلەن بولۇق ئايلىنىپ ئوينايدۇ. بۇنىڭدا ئۇسسۇل ھەرىكىتى ئوۋچىلارنىڭ ئوقيا ئېتىش، ھايۋانلار بىلەن ئېلىشىش ھەم ئۇنى يوقىتىش قاتارلىقلارنى ئىپادىلەپ، گاھىدا ئىلگىرىلەپ، گاھىدا چېكىنىپ ئوينىلىدۇ.

ئۈچىنچى ئاسقۇچ «سەلىقە» دە، ئۇسسۇل يەنە بىر قېتىم ئۆزگىرىپ، جۈپ-جۈپى بىلەن ئويناۋاتقان ئۇسسۇلچىلار ئورۇپلا بىر-بىرىنىڭ ئارقىسىغا تىزىلىپ ئويناپ، بىر قوردىن چوڭ بىر دائىرە (ھالقا) ھاسىل قىلىدۇ. ئۇسسۇلچىلار ئاشۇ دائىرە بويىچە ئوخشاش ھەرىكەت بىلەن قاتار تىزىلىپ مېڭىپ ئوينايدۇ. بۇ ئۇسسۇل ھەرىكىتى قەدىمدىن ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئوۋچىلىق ھەرىكىتى بىلەن ئەينەن ئوخشىشىدۇ. مەن دولانلىقلارنىڭ ھەرخىل ئوۋلىرىغا كۆپ قېتىم قاتناشتىم. ئوۋچىلارنىڭ سانى ئاز بولغان ئەھۋال ئاستىدا، ئوۋچى «بۇتۇق» (1) نى كۆرگەندىن كېيىن،

---

(1) بۇتۇق — قىرغاۋۇل، توشقانلارنىڭ ئۇۋۇسى.

دەرھال دائىرە ھاسىل قىلىپ، ئۇنى ئۆۋىسىدىن ئۈركۈتمەستىن ئوتتۇرىغا ئېلىپ ئايلىنىشقا باشلايدۇ. ئايلانغاندا بىر قولىغا تۇماقنى ئېلىپ قارچىغا كۆتۈرگەندەك يېرىم ئېگىز قىلىپ، بىر قولىدا تۇتقان چومىقى ياكى ئاياغنى ئۇسسۇل ھەرىكىتىگە ئوخشاش كەينىگە يوشۇرۇپ ماڭىدۇ. بۇ ھەرىكەتنى ئۆز قىرغاۋۇل. توشقان، قورقۇپ، جايىدىن مىدىرلىماي ئۆۋىسىغا بېقىنىپ-ياتىشىپ ياتىدۇ. ئوۋچىلار ئۇنىڭ ئەتراپىدا دائىرە ھاسىل قىلىپ بارغانسېرى يېقىنلىشىپ، ئىككى-ئۈچ ئايلىنىشتىن كېيىن، سىراقلا ئارقىغا يۆرۈلۈپ، ئاۋۋال كىرگەن قولىنى يەنە باشلاپ ئارقىغا يوشۇرغان قولىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، ئۇنى تېزيۈرۈشسىزلا چېنىۋالىدۇ. مۇشۇنداق چارە بىلەن ھەتتا ئوتتۇنچىلارمۇ جاڭگالغا بېرىپ كەلگىچە بىر-ئىككىدىن ياكى بىر نەچچىدىن توشقان سوقىدىغان ئەھۋاللار دائىم بولۇپ تۇرىدۇ. ئەرجەنە بۇ. ئوۋچىلىقنىڭ ناھايىتى ئاددىي ئۇسۇلى بولسىمۇ. مۇشۇنداق دائىرىگە ئېلىپ ئاددىي تۇتۇش ئارقىلىق كۆچلۈك ھايۋانىمۇ تۇتۇش مۇمكىن.

دولان ئۇسسۇلىنىڭ سەلىقە باستۇچىدىكى دائىرە ھاسىل قىلىش. قول ھەرىكىتى، ئارقىغا يۆرۈلۈش قاتارلىقلار دائىرە ھاسىل قىلىپ ئوۋچىنىڭ ھەرىكىتى بىلەن قىلچە پەرقلەنمەيدۇ.

ئۈچىنچى، ئۇسسۇل ھەرىكەت باسقۇچىدىكى «سەلىقە» نىڭ ئاخىرلىشىشى بىلەن مۇقام ئۆزگىرىدۇ. ناخشا-مۇزىكىنىڭ رېتىمىغا ئەگىشىپ بولاق دائىرە ئارىلىشىپ. ھەممە ئۇسسۇلچىلار ئەگىشىپ ئەينە ھالدا بىر دەم ئوڭغا، بىردەم سولغا ئېغىراپ جۈپلىشىپ ئوينايدۇ. بۇ باسقۇچ، ئۇسسۇلنىڭ تۆتىنچى باسقۇچى بولۇپ «بەش سىرىسا» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇنىڭدىكى ھېسسىيات ناھايىتى قايناق بولۇپ، مەزمۇن جەھەتتىن. خۇشاللىق ئەنئەنىسىنى ئىپادىلەيدۇ.

دولان ئۇسسۇلىنىڭ ئويىلىش شەكلى، ئۇسسۇل باسقۇچلىرى ئاساسەن ئوخشاش بولسىمۇ. دولانلىقلار جەت جايلاردا ئىراق-ئىراق جۇغراپىيىلىك شارائىتتا ياشىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇسسۇل ھەرىكىتىدە

بەزى رايونلاردا تولۇق ئۇينالسا، بەزى رايونلاردا كەم ئۇينىلىدۇ. بەزى رايونلاردا كۆپ ئۇدار بىلەن بىر ھەرىكەت تاماملانسا، بەزى رايونلاردا ئۇنىڭدىن ئاز ئۇدار بىلەن بىر ھەرىكەت تاماملىنىشتەك تەبىئىي ئۆزگىرىشلەر كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن: بىر-بىرىگە قوشنا بولغان مارالبېشى ناھىيىسى بىلەن مەكىت ناھىيىلىرىدىكى دولان ئۇسسۇلى ئوخشاش بولۇپ. بۇ ئىككى ناھىيىگە يىراقراق بولغان ئاۋات ناھىيىسىدىكى دولان ئۇسسۇلىغا سېلىشتۇرغاندا، مەلۇم پەرقلەر كۆرۈلىدۇ. مەكىت، مارالبېشىدا سەككىز ئۇدار ئىچىدە بىر ھەرىكەت تاماملىنىدۇ. ئاۋات ناھىيىسىدە 32 ئۇدار ئىچىدە بىر ھەرىكەت تاماملىنىدۇ. ئۇسسۇلنىڭ ئۈچىنچى باسقۇچىدىكى «سەلىقە» ھەرىكىتىدە مەكىت، مارالبېشى ۋە يەكەن ناھىيىسىنىڭ دولان يېزىلىرىدا بىر-بىرىنىڭ كەينىگە ئەگىشىپ چوڭ دائىرە قىلىپ چەمبەر شەكلىدە ئۇينايدۇ. ئاۋات ناھىيىسىدە «سەلىقە» ھەرىكىتىدىكى دائىرە بولۇپ ئۇيناش ھەرىكىتى ئۇينالماستىن، بىر جۈپ-بىر جۈپتىن بولۇپ ئايلىنىپ ئۇينايدۇ.

دولان ئۇسسۇلىنىڭ تەنتەنە قىسمى بولغان سېرىلما باسقۇچى ھەممە دولان رايونلىرىدا ئوخشاش بولۇپ، ئاجايىپ قىزغىن ئۇينىلىپ، ئۇسسۇلچىلار بىلەن نەغمىكەشلەر ئارىسىدا بەسلىشىش يۈز بېرىدۇ. بەزى ماھىر ئۇسسۇلچىلار «سېرىلما»نى ناھايىتى ئۇزۇن داۋاملاشتۇرۇپ ئۇيناپ. ھەمراھلىرىنى ۋە پۈتۈن سورۇندىكى ئۇيناۋاتقان ئۇسسۇلچىلارنى ھاردۇرۇپ، ئۆز ماھارىتىنى كۆرسىتىدۇ. ھەتتا داۋاملىق يېقىراپ ئۇيناپ، نەغمىكەشلەرنى ھاردۇرماقچى بولىدۇ. نەغمىكەشلەر ھېرىپ قالغان ئەھۋالدا، ئۇسسۇلچىنى تېرىكتۈرۈپ ئولتۇرغۇزۇش ئۈچۈن، بىر قەدەر قوپاللىراق ۋە يالىڭاچ بولغان قوشاقلار بىلەن «سىقىم» قىلىپ، نەغمىسىنى داۋاملاشتۇرىدۇ. سىقىم قوشاقلىرى قوپال بولسىمۇ، مەشرەپ تەرتىپى بويىچە ئۇسسۇلچىلار تېرىكمەيدۇ. «سىقىم» قوشاقلىرىدا:

بىر چۆنەككە ھىلىڭ تېرىدىم،
بىر چۆنەككە سوڭپىياز.
باغدىكى سولتەك ئېشەكنىڭ
ئاشنىسى مەمەتنىياز.

ئېشەك ئالدىم ئايپىشىدا،
توقۇمى قايتۇ يار بېشىدا،
ئالتە قاغا بىر بولۇپ،
نەغمە قىپتۇ ھەم بېشىدا.

ئالتە پۇلغا ئۆپكە ئېلىپ
ئاستىم ئېشەكنىڭ قارنىغا.
ئۆپكە-شامبا كۆچ كېلىپ،
تەپتى خوتۇنىنىڭ قوڭىغا.

روزىنىڭ ئوتتۇزىدا
مۇزدەك ياسانغان بۇ جۇۋان،
تولڭ تېرەككە يۆلىنىشىپ،
ئاتتەك ئۇسۇرغان بۇ جۇۋان.

ئاپتاپ چۈشتى باشىمغا،
كۆن چۈشەرنى بىلمىدىم.
بېشىغا ياغلىق چىگىپتۇ،
تاز ئىكەننى بىلمىدىم.

ئاق چەكمەن قىزىل چەكمەن،
رەڭدە بويىغان چەكمەن.

يىگىتلەرنىڭ دەردىدە
چوكانلار تېخى دەردمەن.

مەن ياردىم ئاقاللىقا.
مەيدەمنى ياقاللىقا.
چوكانلار كۆيۈپ قايتۇ
يۈرۈك مەيدە ساقاللىقا.

ئاتنىڭ ياللىسى تايلاق
يىمەيدۇ يىسلىغاقنى.
يىگىتلەر ياراتمايدۇ
چوكانلار ئوسۇرغاقنى.

يات مىنسەممۇ ئويناپمەن،
مىنمىسەممۇ ئويناپمەن.
كۆزىگە ئىلمىغان يارنىڭ
يىشىغا دەسسەپ ئويناپمەن.

دېمەك، ئوخشاش مەلۇم قاراتمىلىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە ھەزىل-چاقچاق قوشاقلىرىدىن باشقا، ئۇسسۇل ئويۇنغۇچىغا بىر قەدەر ماس كېلىدىغان رىۋايەت، چۆچەكلەرگە ئاساسەن ياكى شۇ كىشىنىڭ رېئال شەكلى ياكى كەچۈرمىشلىرىگە ئاساسەن قوشاق قوشۇپ «سىقىم» قىلىدۇ. مەسىلەن: ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرگەن پېشقەدەملەرنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە: قاراقىرچىن، يەنى قەشقەر دەرياسىنىڭ ئاياق قىسمى بويىدا دولانلىقلارنىڭ «ئاپپاگزى» (ھازىرقى بەختى بەگنىڭ چىگىلىكى) دېگەن بىر يۇرتى بولۇپ، بۇ جايدا موللا مىھمان ئىسىملىك بىر كىشى ياشىغان ئىكەن. شۇ ئەترابتا ئاراتپاي ئىسىملىك بىر ئوۋچى بار بولۇپ، موللا مىھماننىڭ قىزى خوتۇنىغا ئاشىق-بىقارار ئىكەن.

باراتباي قىرى خوتۇننىڭ ئىشقىدا چۆلمۇچۆل يۈرۈپ ئوۋ ئوۋلاپ، تاپقىننى موللا مېھماننىڭ ئۆيىگە ئېلىپ كېلىدىكەن. مۇشۇنداق كۈندىن-كۈن ئۆتۈپ، باراتباينىڭ ئىشقى سەۋدايى بېشىغا ئۆرلەپ مەجنۇنلۇق ھالىتىگە كەپتۇ. ھەتتا چاچلىرىنىمۇ ئالدۇرماپتۇ. قىرى مەشۇقىنى خۇش قىلىش ئۈچۈن، ئوۋنىڭ ئۈششاقلىرىنى ياراتماي، چوڭىنى ئىزدەپ چىقىپ بىر توغراقلىققا كىرگەندە، مىنىپ كەلگەن شىرغا بايتىلىنى باغلاپ قويۇپ كېيىك ئىزدەشكە باشلاپتۇ-دە، بىر كەم بولغاندا شۇنداق قارىسا، يىراقتا بىر كېيىك كۆرۈنۈپتۇ. قولىغا مىلتىقنى ئېلىپ بىر ئاتقانىكەن، ھېلىقى كۆرۈنگەن ھايۋان جايىغىلا يىقىلىپتۇ. باراتباي خۇشاللىقىدا يۈگرەپ قېشىغا بارسا، ئۆزىنىڭ مىنىپ كەلگەن بايتىلى ئىكەن. ئەسلىدە ئۇ، قىرىنىڭ ئىشقىدا ئات مىنىپ كەلگەنلىكىنىمۇ ئۇنتۇغانىكەن.

شۇنداق قىلىپ، بۇ ئەھۋال يات يۇرسەتتىلا يۇرت ئىچىگە يېيىلىپ كېتىپتۇ. باراتباي بايتالدىنمۇ ئايرىلىپ، قىرىنىڭ ۋىسالىغىمۇ يېتەلمەي، بىر كۈنى مەشرەپكە كىرىپتۇ-دە، پۈتۈن ئىچ پۇشقىنى چىقارماقچى بولۇپ ئۇسسۇلغا چۈشۈپتۇ. ئۇسسۇلنىڭ سىرلىما باسقۇچىغا كەلگەندە، ھەمراھىنى ۋە ھەممە ئۇسسۇلچىلارنى ھاردۇرۇپ شۇنداق پىقىراشقا باشلاپتۇكى، نەغمىكەشلەرمۇ ھېرىپ قاپتۇ. ئاخىر بولالمىغاندا، باراتباينىڭ قىزىقارلىق سەرگۈزەشتىلىرىدىن قوشاق قوشۇپ:

ئاپپاقخىزنىڭ چىگىسى، يار ئېگىل-ئېگىل.
موللا مېھمان ئېگىسى، يار ئېگىل-ئېگىل.
ھېشقىلىققا يارىماس، يار ئېگىل-ئېگىل.
چوكانلىنىڭ قىرىسى، يار ئېگىل-ئېگىل.

ئاپپاقخىزنىڭ يولى يوق، يار ئېگىل-ئېگىل،
يول سېلىشنىڭ ئورنى يوق، يار ئېگىل-ئېگىل.

يارىڭ ئۆزى كەلمىسە، يار ئېگىل-ئېگىل.
سەن بارارىڭ ئورنى يوق، يار ئېگىل-ئېگىل.

ئايپاڭزىدا باراتباي، يار ئېگىل-ئېگىل،
گەدەن چاچنى تاراتماي يار ئېگىل-ئېگىل.
چوك كېيىكنى تاپالماي، يار ئېگىل-ئېگىل،
بايتال ئاتقان باراتباي، يار ئېگىل-ئېگىل.

دەپ سىغما قىلىشقا باشلايتۇ. باراتباي راسا ئويناۋاتقاندا، ئۆزىنىڭ بۇ كۆڭۈللۈك سەزگۈزەشتىلىرىنى ئاڭلاپ ئوياتقىنىدىن ئولتۇرۇۋاپتۇ. مەشرەپ سورۇنىسى كۈلكە قاپلاپتۇ. نەغمىكەشلەرمۇ ئارام ئېلىپ «ئىللاھا شۈكرى» دەپتۇ. باراتباي شۇ ئىزا تارتقانچە ئۆزىنى تۈزىنىۋاپتۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ، نەغمىكەشلەر ھېرىپ قالسا، سىقىم قىلىش بىر خىل ئادەت بولۇپ كەپتۇ(1).

مەشرەپ ئويۇنلىرىنىڭ يۇقىرىقى تۆت باسقۇچلۇق ئۇسسۇلدىن كېيىن. مەشرەپنىڭ بىر دۆرەملىك نەغمە. ئۇسسۇللىرى ئاخىرلىشىدۇ. قانىدىن مۇقام باشلىنىپ بىر-ئىككى كۈپلېت مۇقامدىن كېيىن نەغمە باشلىنىپ مەشرەپ ئاۋۋالقى دۆرەمگە ئوخشاش داۋاملىشىۋېرىدۇ. مەشرەپ ئەھلىنىڭ رايى بويىچە مەشرەپ مۇشۇنداق بىر قانچە دۆرەم داۋاملاشقاندىن كېيىن، مەشرەپنىڭ ئىستېتىك خۇسۇسىيەتلىرىنى ئاشۇرۇش ۋە نەغمىكەشلەرگە ئارام ئېلىۋېلىش پۇرسىتى بېرىش مەقسىتىدە پوتا ئويۇنى ۋە باشقا نەمىيەلىك ئويۇنلار ئوينىلىدۇ.

پوتا ئويۇنى

بۇ ئويۇن مارالبېشى، مەكىت ناھىيىلىرىدە «دەررە ئويۇنى» دەپ ئاتىلىدۇ. ئاۋات ناھىيىسىدە «پوتا ئويۇنى» دېيىلىدۇ. مېنىڭچە

(1) ئاۋات ناھىيىسىنىڭ ئىلەك كەنتىدىن ئوسمان مۇسا ئالەمدىن ئۆتۈشتىن بۇرۇن ئايالى ھاشىخان موللا ئىبراھىمغا سۆزلەپ قالدۇرغان رىۋايەتكە ئاساسلاندىم.

بۇ ناملار ئىچىدە «يوتا ئويۇنى» دېگەن نام، بۇ ئويۇننىڭ قەدىمكى نامى بولسا كېرەك.

«دەررە» دېگەن ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى قازىخانىلاردا ئادەم ئۇرىدىغان بىر خىل جازا قورالى. ئۇنى كۆندىن بەش سانتىمېتىر كەڭلىكتە، يىرىم مېتىر ئۇزۇنلۇقتا ئىچىنى خالتا قىلىپ قوش قەۋەت تىكىپ، ئىچىگە قۇم قاچىلاپ قاتتىق ۋە ئېغىرلاشتۇرىدۇ. ئۇنىڭغا ئات قامچىسىدەك دەستە بېكىتىپ، ئەپچىل قىلىپ، گۇناھكارلارغا جازا قىلىش ئۈچۈن ئىشلىتىدۇ.

«يوتا» دېگەن نام ئۇيغۇر تىلىدا قەدىمدىن تارتىپ بەلگە چېكىدىغان بەلباغنى كۆرسىتىدۇ. يوتا ئويۇنىدا بەلباغنى ئىككى قاتلاپ قاتتىق قېتىپ (ئېشىپ). شۇنىڭ بىلەن بىر-بىرىنى ئۇرۇپ ئوينايدۇ. «دەررە» دېگەن سۆز — يوتىنىمۇ دەررىنىڭ ئورنىدا ئادەملەر بىر-بىرىنى ئۇرۇپ ئويىنىغانلىقى ئۈچۈن، دەررىگە ئوخشىتىش ئارقىلىق كېلىپ چىققان. دەررە پەيدا بولۇشتىن بۇرۇنمۇ بۇ ئويۇنلار بار بولۇپ، ئۇ چاغلاردا «يوتا ئويۇنى» دەپ ئاتالغان.

يوتا ئويۇنى بىلىم ئاشۇرۇشنىڭ ئەڭ مۇھىم ۋاستىسى بولۇپ، مەشرەپ ئەھلى ئۆز-ئارا بىر-بىرلىرى بىلەن بېيىت ئېيتىشىپ ئوينايدۇ. ھەتتا بۇنى زېھىن سىناش مۇسابىقىسى دېيىشكىمۇ بولىدۇ. قىسقىسى، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى مەكتىپى دېيىش ئەڭ مۇۋاپىق كېلىدۇ. يوتا ئويۇنىنىڭ شەكلى ۋە مەزمۇنى مۇنداق بولىدۇ:

يوتا ئويۇنىنىڭ باشلىنىشىدا يىگىت بېشى ئالدى بىلەن تەييارلاپ قويغان بىر يوتىنى ئېلىپ سورۇنغا چۈشۈپ، كۆپچىلىكنىڭ ئارزۇسى بويىچە يوتا ئوينايدىغانلىقىنى ئۇقتۇرىدۇ. ئاندىن، يوتا ئويۇنىنىڭ تەرتىپ-ئىنتىزاملىرىنى ۋە زۆرۈر بولغان ئاگاھلاندۇرۇشقا تېگىشلىك مەسىلىلەرنى جاكارلاپ، يوتىنى بېيىت ئوقۇپ سېلىش، بېيىت بىلەن بېيىتكە جاۋاب قايتۇرۇۋېلىش، يوتا

www.uyghurkitap.com

ئويۇندا تىرىكمەسلىك، بىيىت بىلمىگەنلەرنى مۇتلەق كەچۈرمەسلىك، چىدىماسلار ئويۇنغا قاتناشماسلىق قاتارلىق شەرتلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ كۆپچىلىكنىڭ رازىلىقىنى ئالغاندىن كېيىن، يىگىت بېشى قولىدىكى پوتىسى ئىككى قوللاپ تۇتۇپ تۇرۇپ:

چىكىماس قۇلپا پەرسى بولمىسا،
قىزىماس مەشرەپ دەرسى بولمىسا.

ئوگۈنكى يىغىلىش كۆڭۈللۈك مەشرەپ،
ئەمەستۇر ياكى تۇغى يوق پىرە.
ئالىشىپ ئوينىساق قانداق؟
يىپەكتىن ساز ئېشىپ دەررە،
خۇشلۇق بىلەن ئېلىپ كەلدۇق،
دوستلارغا ئاتاپ دەررە ئېشىپ،
ئوتتۇز ئوغۇل، توققۇز قىز بىرگە.
ئوينىساق دەپ ئۇنى ئالىشىپ.

دەپ، مەشرەپ ئەھلىدىن كۆڭلى تارتقان بىر كىشىگە سۇنۇپ، ئويناشقا تەكلىپ قىلىدۇ. ئەگەر. ئۇ كىشى پوتىنى قوبۇل قىلىپ، دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ تەكلىپ قىلغۇچىنىڭ ئالدىغا كەلمىسە، تەكلىپ قىلغۇچى قولىدىكى پوتىنى دېۋەيلەپ چۆچىتىپ قويىدۇ ياكى پوتا بىلەن دۈمبىسىگە يېنىكرەك ئۇرۇپ قويىدۇ.

پوتا سېلىنغۇچى كىشى تەكلىپنى قوبۇل قىلىپ، تەكلىپ قىلغۇچىنىڭ ئالدىغا كەلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ بىيىتلىرىگە جاۋاب قايتۇرماستىنلا قولىدىكى پوتىغا جۈپ قولىنى تەگكۈزىدۇ. پوتا سالغۇچى تەرەپ پوتىنى ئاقچىپ ئوڭ قولىنى بېسىپ چۆرۈلۈپ چىقىدۇ. تەكلىپ قىلىنغۇچى سول قولىنى بېسىپ چۆرۈلۈپ تەگمۇ تەڭ ئالدىغا چىقىپ، پوتىغا قول ئۇزارتىدۇ، تەكلىپ قىلغۇچى بۇ نۆۋەت سول قولىنى بېسىپ چۆرۈلۈپ چىقىدۇ، پوتا سېلىنغۇچى كىشى ئوڭ قولىنى بېسىپ چۆرۈلۈپ. يەنە ئالدىغا چىققاندىن

كېيىن. نەكلىپ قىلغۇچى كىشى تەكلىپ قىلغۇچىنىڭ بېيىت بىلەن بېيىتلىرىگە جاۋاب بېرىشىنى كۈتۈپ تۇرىدۇ. تەكلىپ قىلىنغۇچى بېيىت ئېيتىپ جاۋاب قايتۇرغاندىن كېيىن، پوتىنى ئۇنىڭغا بېرىپ، ئورنىغا بېرىپ ئولتۇرىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىنكى پوتا ئويۇنى ئاشۇ تەرىقىدە داۋاملىشىدۇ. بۇ كىشىمۇ مەشرەپ ئەھلىدىن بىرىگە:

دەررە ئېشىپ يېپەكتىن،
ئىزلەپ كەلدىم يۈرەكتىن.
تەگسە دەررەم يارىمغا،
ئۆتۈپ كەتسۇن سۆڭەكتىن.

گۈزەل رۇخسارلىرى،
كۆكلۈمگە يېقىپ.
مېھرىم ئۆركەشلىدى،
دەريادەك ئېقىپ.

كەلدىم تەلمۈرۈپ،
ھۇزۇرلىرىغا.
قويسامىكىن دەپ،
توپىلىرىنى قېقىپ.

كېلىپ قالدى دەررىمىز،
تۇرۇلمىسۇن تەرىمىز.
بۇ مۇھەببەت قامچىسى،
يوقتۇر سىلىگە قەھرىمىز.

ئىشىك ئالدىدا يوللىرى،
زەيتۇن تاۋاردىن تونلىرى،

دەررە ئېلىپ كېلىپ قالدۇق،
تېگەرمىكىن چوللىرى.

دېگەنگە ئوخشاش بېيتلەرنى ئوقۇپ، پوتىغا تەكلىپ قىلىدۇ. شۇنداق قىلىپ، پوتا ئويۇنى يۇقىرىقى تەرتىپتە قولدىن-قولغا ئۆتۈپ ئوينىلىدۇ. لېكىن، ئۇنىڭ قىزىقچىلىقى ھەرخىل بولىدۇ. ھەر بىر كىشى قولىغا پوتا چىققاندا ياكى تەكلىپ قىلىنغاندا ئۆز ئۆۋتىنى كۆلكىلىك، قىزىقچىلىق بىلەن ئورۇنداشقا تىرىشىدۇ. بەزىلەر پوتا سېلىنغاندا دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ يېشىپ كېلەلمەيدۇ. بۇنداق ۋاقىتتا، پوتا سالغۇچى تەرەپ پوتا سېلىنغۇچىنى قولىدىكى پوتا بىلەن قاتتىق ئۇرىدۇ. ھەتتا ئارقا-ئارقىدىن ئۇرىدۇ. پوتا سېلىنغۇچى كىشى ئىمكانىيىتىنىڭ بارىچە چۆرۈلمەسلىككە ياكى بېيىتكە بېيىت بىلەن جاۋاب قايتۇرماستىنلا پوتىنى تاپشۇرۇۋېلىشقا تىرىشىدۇ. مەسىلەن: چۆرۈلگەندە قەستەن يالغاندىن چۆرۈلگەن بولۇپ، ھەر ئىككىسى بىر-بىرىگە پايپاق كىيدۈرۈپ ساختا قىلىشىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا سېزىلىپ قالسا، قايتا چۆرۈلمىسە پوتا بىلەن قاتتىق ئۇرىدۇ. ئەگەر پوتا سالغۇچى ساختا قىلغان بولسا، ئۇ كىشى قايتا چۆرۈلمىسە پوتا سېلىنغۇچى تەرەپ پوتىنى تۇتقىلى ئۇنىمايدۇ. ساختا قىلغۇچى قايتىدىن چۆرۈلىدۇ.

چۆرۈلۈش تاماملانغاندىن كېيىن، تەكلىپ قىلىنغۇچى بېيىت ئوقۇپ جاۋاب قايتۇرۇشى شەرت. ھېچ بولمىغاندا، ئىككى مىسرا بولسىمۇ بېيىت ئوقۇماي تۇرۇپ پوتىنى تاپشۇرۇۋالمايدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئويۇننىڭ ئەھمىيىتى ھەم قىزىقارلىقى تېخىمۇ ئاشىدۇ. پوتا ئويۇنىدا ئەر-ئايال ئارىلاش ئويناۋېرىدۇ ھەم ئۆز ئارا بېيىت-قوشاقلار ئېيتىشىدۇ. بۇنداق قوشاقلارنىڭ كۆپىنچىسى مۇھەببەت ئىزھار قىلىدىغان مەزمۇنلاردا بولۇپ بەزى يىگىتلەر قىز-چوكانلارنى پوتىغا (دەررىگە) تەكلىپ قىلىپ:

نازۇككىنا چاققان قىز،
جانغا ئوتنى ياققان قىز.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

قاش-كۆزىنى ئويىنىپ،
قىيا كۆزىدە باققان قىز.

ئوقتۇرماستىن سىرىنى،
تەشەككۇرنىڭ قىرىنى.
ئۇيالدۇرۇپ پەرىنى،
ناز ئۇيقۇدا ياتقان قىز.

قىز دەپ ئېيتسام يەرى سەن،
كۆكلۈم يېقىن ئىرى سەن.
جان ئالارنىڭ بىرىسەن،
ئاشىقلىقتىن قاچقان قىز.

قەيەردە قانىنىڭ بولاي،
باغدا توغىچىڭ بولاي.
بوسۇغاڭغا گۈل تىرىپ،
رەڭمۇرەڭ ئېچىلدۇراي.

باشقا قىساڭ خۇشپۇراقلىق
گۈل بىلەن غۇنچەڭ بولاي،
ئۆيگە كىرسەڭ ئولتۇرغىلى
نۆردىكى زىلچاڭ بولاي.

ئۆزگە يايىڭ بولمسا،
كۆڭلىدىكى يايىڭ بولاي.
نۆرگىلىپ توققۇزنى سۆيسەڭ،
چۆرگىلىپ تازىم قىلاي.

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكىتى
www.uyghurkitap.com

باراي دىسەم باھانە يوق،
كۆيگەن ئوتۇمنىڭ سانى يوق.

يولغا كىرسەڭ ياندىشىپ،
بىر-بىرىمىزگە قارىشىپ،

گىرەلىشىپ خوشلىشىپ،
كۆرۈشكىلى بولمىدى،
نەقەدىر يولسا ئىلاجىم
بىر ئىلىشماي بولمىدى.

كەلسىلە خىشىم پوتا ئويناپلى، دەپ پوتا سىلىپ، بىر ئورۇنى بېيىت ئارقىلىق ئۆزىنىڭ قىزغا بولغان مۇھەببىتى، ئۆزىنىڭ ئىپادىسى، مەقسەت-مۇددىئاسىنى تولۇق ئىپادىلەپ، دەيدىغان گەپ-سۆزلىرىنى تولۇق دەۋالالايدۇ. بەزىلەر شائىرلارنىڭ مۇھەببەت غەزەللىرىدىن ئۆزىگە ياقىدىغان قىسىمدىن يادلاپ، ئۆزىنىڭ يېقىنلىرى ياكى سۆيگىنىگە پوتا سالسا، بەزىلەر كۆپ مەجمەدىكى مۇھەببەت داستانلىرىدىن بەچچە يۈز كۇيلىتى باشتىن-ئاخىرىغىچە ئوقۇپ چىقىپ پوتا ئويىيكىتى ئاشىق بەسىرلەيدۇرۇشنىڭ سىرىدا ئۆزىنىڭ شائىرانە ئىقتىدارى بىلەن مەشرەپ ئەھلىنى ھەيران قالدۇرىدۇ. ئاياللارمۇ مەشرەپ سورۇنىدىكى پوتا ئويۇنىدا ئەرلەرنىڭ بېيىتىگە ماس كەلگەن ھالدا ھەر قانداق بېيىت ئوقۇسا بولىۋېرىدۇ. بەزى قوشاقلار سەل-پەل ئىنسىپ كېتىپ قالسىمۇ، ئىشلەر ئۇنى ئېغىر ئالمايدۇ، ئېرى بار ئاياللار بىلەن، خوتۇنى بار ئەرلەر بىلەن پوتا ئويىنغاندا باشقىلارنىڭ بېيىت بىلەن مۇھەببەت ئىزھارقىلىشىغا بولمايدۇ. مۇھەببەت بېيىتلىرى ئوقۇشقا توغرا كەلسە، ئېرى خوتۇنىغا ياكى خوتۇنى ئېرىگە ئوقۇپ پوتا سالىدۇ.

دولان مەشرىپىنىڭ يوتا ئويۇنى داۋامىدا ئارىلاپ «چاي تۇتۇش» ئويۇنىمۇ ئېلىپ بېرىلىدۇ. بۇنى بەزى رايونلاردا «چاي تۆرۈش» ئويۇنى دەپمۇ ئاتايدۇ. يوتا ئويۇنىنىڭ كەيپىياتى بىر ئاز سۇسلاشقىلى تۇرغاندا، يىگىت بېشى بىرىم چاي قۇيۇلغان ئىككى پىيالىنى بىر پەتنۇسقا تىزىپ، مەشرەپ ئەھلىدىن كۆڭلى تارتقان بىرىگە تۆۋەندىكى:

چاي باشلىدۇق كۆل بىلەن،
ئاخىرلىشار چۆل بىلەن،
بولىسى تار بۇ چاينىڭ،
قايتۇرمىساق قول بىلەن.

جانان چىندە، تويناڭ چاي،
تىرنىقىمدا توختاڭ چاي،
ئىچىسلە گۈزەل ئامراق يار،
ئۆزلىرىگە تەقدىم چاي.

چاي ئەكەلدىم يەم بىلەن،
شۇنچە ئاتلىق تەم بىلەن،
ئىچسەم دەيمەن گۈزەل يار،
لەۋ تەگكۈزۈپ سەن بىلەن.

چاي ئەكەلدىم سوۋۇتۇپ،
كۆيمىسۇن دەپ تىللىرى،
باغرى قاتتىق يارىمنىڭ،
ئېرىسۇن دەپ دىللىرى.

تولتۇرۇپىلا چىرايلىق،
تۆي تۆرىدىن چاي ئېلىپ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىڭى ئادرىسى
www.uyghurkitap.com

كۆڭلۈم تارتىپ كىيقالدىم،
بىر پىيالە چاي ئىلىپ.

چاي ئەكەلدىم تىندۇرۇپ،
تۇتتۇم چىنە تولدۇرۇپ.
بەرسىلىكەن چىنەمنى
بىيىت بىلەن ياندۇرۇپ.

تاغ تۇتاشقان ساي بىلەن،
چولپان تۇتاشقان ئاي بىلەن.
ئىچتۇەتسەم يايرىمنى،
مۇشۇ تۇتقان چاي بىلەن.

ئەجەپ تاتلىق چاي كەلدى،
پىيالىگە لىق تولۇپ.
ئىچتۇپتەي بۇ چاينى،
ئىچ-ئىچىمدىن خۇش بولۇپ.

كۆڭلۈمنى شاد مەست قىلدى،
چىيىگدىكى خۇشپۇراق.
مۇھەببەتنىڭ قوزغىدى،
يۈرىكىمدە ئىشتىياق.

قوزغىتۇەتتى چايلىرى
يۈرىكىم ئارامىنى.
قاچان ئىچمىز يايرىم
بۇ چاينىڭ داۋامىنى؟

دىگەن چاي قوشاقلىرىنى ئوقۇپ، ئىززەت-ئىكرام بىلەن سۇنىدۇ.

پىيالىگە تەكلىپ قىلىنغۇچى ئەدەپ بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ، نەزىم بەجا كەلتۈرگەندىن كېيىن، پوتا ئويۇنىغا ئوخشاش بىر نۆۋەت ئۇڭ قولىنى بېسىپ ئايلىنىپ، بىر نۆۋەت سول قولىنى بېسىپ ئايلىنىپ ئىككى نۆۋەت چۆرۈلۈپ بولغاندىن كېيىن، يەتنۇستىكى بىر جۈپ پىيالىنى ئوڭ قولغا ئېلىپ، قائىدە بويىچە بىر قولغىلا ئىككى پىيالىنى ئۈستۈن-تۆۋەن قىلىپ ئورۇنلاشتۇرىدۇ. ئاندىن ئۆز ئورنىغا قايتىپ بېرىپ، بىر جۈپ پىيالىنى ئالدى بىلەن قولتۇق ئاستىدىن ئارقىغا ئۆتكۈزۈپ ئايلاندۇرۇپ باش ئۈستىگە ئاچىقىپ، بېشىدىن بىر قېتىم ئايلاندۇرۇپ چىقىدۇ. يەنە پىيالىنى كەلگەن يولى بىلەن ئارقىغا قايتۇرۇپ بېشىدىن يەنە بىر ئايلاندۇرۇپ، بۇ نۆۋەت ئارقىدىن ئالدىغا قاراپ قولتۇق ئاستى بىلەن پىيالىنى ئايلاندۇرۇپ دەسلەپكى ھالەتنى شەكىللەندۈرىدۇ. ئاشۇ جەرياندا پىيالىدىكى چاينى تۆكۈۋەتمەي قولتۇق ئاستى بىلەن بېشىدىن ئايلاندۇرالىسا، ئۇمۇ بىرقانچە كۇپلېت بېيىت-قوشاقلار بىلەن پىيالىنى ئىككىنچى بىرىگە تۇتىدۇ، ئويۇن شۇ تەرىقىدە داۋاملىشىدۇ. ئەگەر، پىيالىنى ئۆرۈيەلمەي چاينى تۆكۈۋەتسە، ئۇنىڭ بولىسى ئۇچۇن جاۋابكارلىققا تارتىلىدۇ. پاششاپ ئۇنىڭدىن: «سەۋەن بولامسىز، ناماقۇلمۇ؟» دەپ سورايدۇ. «سەۋەن» بولىمەن دېسە، شۇ سورۇننىڭ ئۆزىدىلا مەشرەپنىڭ ئەرزىيەت ئويۇنىدا قوللىنىدىغان جازالاردىن بىرىنى قوللىنىپ، جازالايدۇ. ئەگەر، «ناماقۇل» بولاي دېسە، ھەرخىل جازالاردىن قۇتۇلۇپ قالىدۇ، بىر ئاخشام مەشرەپ قىلىپ بېرىدۇ.

چاي تۇتۇش ئويۇنى دولان مەشرىپىدىكى پوتا (دەررە) ئويۇنىنىڭ تولۇقلىمىسى بولۇپ، خاراكتېر جەھەتتىن ئاساسەن ئوخشاپ كېتىدۇ. ھەر ئىككىسىدە بىر-بىرى بىلەن قوشاق ئېيتىشىش، شۇ ئارقىلىق مەقسەت-مۇددىئاسى ۋە مېھىر-مۇھەببىتىنى ئىزھار قىلىش ئاساس قىلىنىدۇ.

«پوتا ئويۇنى» خەلقنىڭ بېيىت-قوشاقلارغا ماھىر بولۇپ يېتىلىشىنى، سەمىمىي، سادىق بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ. بېيىت-قوشاقلارنى

بىلمىگەنلەر مەشرەپكە ۋە يوتا ئويۇنىغا قاتنىشالمايدۇ. بىلىپ بىلمىگەنلەر مەشرەپكە كىرىپ قالسا، يوتا ئويۇنىدا راسا ئوسۇۋاقىدىسى بىلمەسلىكىنىڭ كاساپىتىدىن يۈز-ئابرويى چۈشۈپ، سەيجىلىك بىلەن قايتىپ چىقىدۇ. بۇنداقلار «دۆت» ھېسابلىنىپ جەمئىيەتتىمۇ ھۆرمىتى تۆۋەن بولىدۇ ۋە سورۇن ئەھلى ھېسابلانمايدۇ. شۇڭا، دولان خەلقى ئۆز جەمەتلىرىدىن بىرەر كىشىنىڭ بىلمەسلىك چوڭ بولۇپ، كۆپچىلىكنىڭ ئالدىدا ئوسال ئەھۋالدا قېلىپ نومۇسقا قالدۇرماسلىقى ئۈچۈن، ئوغۇل-قىزلىرىغا كىچىكىدىن باشلاپ نۇرغۇن بېيىت-قوشاقلار، يۇمۇر-تېپىشماقلار ئۆگىتىپ بولىدۇ. يوتا ئويۇنىنىڭ تەشەببۇسكارلىقى بىلەن دولان رايونلىرىدا ھەممە كىشى بېيىت-قوشاقلار ئۆگىنىپ، ئەر-ئايال، چوڭ-كىچىك مەشرەپكە قاتنىشالايدۇ. مۇتلەق قوشاق بىلمەيدۇ دېگەن كىشىلەرمۇ. يوتىغا تەكلىپ قىلىنىپ قالسا:

بىر چارەك قونىقىم بار ئىدى چېچىلىپ كەتتى،
سىلىنى كۆرۈپ مېنىڭ كۆڭلۈم ئېچىلىپ كەتتى

دەپ، ياكى:

قاشى قارا مەكرى قىزىل بىچرىم،
سىزگە قاراپ ئويۇپ قاپتۇ چېچرىم.

دەپ بولسىمۇ بىرەر-ئىككى ئۆۋەتلىك يوتا ئويۇنىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدۇ.

يوتا ئويۇنىدا قوشاق ئېيتىش ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ. كۆپىنچە ئەھۋالدا، كىشىلەر ئەمەلىيەتتە ئاساسەن شۇ سورۇننىڭ ئۆزىدىلا توقۇپ چىقىدۇ. مەسىلەن، بەزىلەر ئۇتلاپ قالسا ياكى ئويۇقسىز چىقىرىۋەتسە:

ئاق يەرگە سارايى سېپىلا،
ئۆت تامغا ئويۇپ چىقىرىپ.
شۇنچە ئەل ئويناۋاتسا،
سىلە ياتىلا سويۇق چىقىرىپ.

دەپ بىيت ئۇقۇپ پوتا سىلىپ، كۈلۈشمەك قىلىشىدۇ. بەزى ئىقتىدارلىق قوشاقچىلار بىر قېتىمدا ناھايىتى نۇرغۇن قوشاقلارنى ئوقۇپ ئۆز مۇھەببىتىنى ئىزھار قىلىش ئارقىلىق، كۆپچىلىكنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشىدۇ.

بەزى مەشرەپلەردە، پوتا تويۇنى باسقۇچىدا گەپچىلەر ئارا قوشاق توقۇپ، گەپ سوقۇشۇش يۈز بېرىدۇ. «گەپچى» دېگەنلەر بىر يېزىدا بىر نەچچىسى بولىدۇ. بۇلار بىر-بىرىنى گەپتە يېڭىپ ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەش ئۈچۈن، قەستەن شۇ ئادەم بارغان مەشرەپكە بېرىپ، ئۇنىڭغا قوشاق ئوقۇپ پوتا سىلىپ بەسلىشىدۇ. ئۇنىڭ داڭقى يىراق-يىراق جايلارغا تارقاپ، چۆچەككە ئايلىنىپ كېتىدۇ. بۇنداق گەپ سوقۇشۇش ئەر بىلەن ئايال ئوتتۇرىسىدا ۋە ئوخشاش جىنسلىقلار ئارىسىدىمۇ بولىدۇ. بۇ جاغدىكى قوشاقتا يادلىۋالغان ھەر قانداق قوشاق چۈشمەيدۇ. ئۇشتۇمتۇت مەيدانغا چىققان بۇ قوشاقتا، جاۋاب قايتۇرغۇچى تەرەپ ھەر بىر جۈملە ۋە ھەر بىر مىسرالىرىغىچە ئۆز لايىقىدا جاۋاب قايتۇرۇپ، ئۇنى يېڭىۋېلىشى كېرەك. بۇنداق سورۇندا، ئويلىنىۋېلىشقا ياكى كېچىكىپ جاۋاب بېرىشكە يول قويۇلماستىن، دەرھال جاۋاب بېرىش تەلەپ قىلىنىدۇ. گەپ تاپالماي ئىنچىقلاپ قالغۇچىلار بولسا، يېڭىلگەن ھېسابلىنىپ، يەر بىلەن يەكسان بولۇپ كېتىدۇ. ھەتتا يۇرتنى تاشلاپ قېچىپ كەتكۈچىلەرمۇ كۆرۈلىدۇ. بولۇپمۇ، ئەر بىلەن ئايال ئوتتۇرىسىدىكى گەپ سوقۇشۇش شەپقەتسىز بولىدۇ. قوشاقنىڭ قويال. سىلىقلىقى بىلەن ھېسابلىشىپ ئولتۇرمايدۇ. ئىككى گەپچى ئوچۇن ئويۇن مەيدانى گويا ئىككى پالۋان ئېلىشىۋاتقان ھايات-مامات ئۈستىدىكى جەڭ مەيدانىغا ئايلىنىپ، ھەممە تاماشىبىنلارنىڭ دىققىتى سورۇندىكى ئىككى گەپچىدە قالىدۇ. ھەقىقەتەنمۇ گەپتە چۈشۈپ كەتكۈچىنى «ئۆلدى» دېسە بولىدۇ. ئوخشاش جىنسلىقلار ئىچىدە بولسا، يەردىشەپ ئاچە-مۇنچە ساقلىشىپ تۇرىدۇ. شۇنداقتىمۇ يېڭىلگۈچى تەرەپ بەك نوسال ئەھۋالغا چۈشۈپ قالىدۇ. بۇ ھەقتە مىسال كەلتۈرەيلى: يېشىدىرەك بولغان، ئەر بىلەن ئەر ئوتتۇرىسىدىكى بىر

گەپ سوقۇشۇشتا. مەشرەپ ئەھلىدىن بىر چەپدۇر قارغۇ كىشى يەنە بىر تاز كىشىنى مازاق قىلىش ئۈچۈن يوتا سىلىپ:

« سۆگەت چوكان ئىچىلغاندا ياز ياراتپتۇ،
تۇمۇچۇقنەك تۇغاللانىڭ باشىنى تاز ياراتپتۇ »

دەپتۇ. تاز كىشى دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ يوتىنى قوبۇل قىلىپ:

ئەزىم دەريا ئاققان بىلەن،
گىياھ ئۈنمەس قەدىم شورغا.
چاياقتا، ماڭقا، يوداقتا،
داۋا يوقتۇر قەدىم كورغا.

دەپ، قارغۇ كىشىنى گەپتە يېڭىپ، كۈلۈشمەك قىلىۋېتىپتۇ. قارغۇ شۇ ئىزا تارتقىنىچە، ئۇنىڭدىن كېيىن نوچىلىق قىلمايدىغان بوپتۇ.

يۇقىرىقىدەك رىۋايەت بولۇپ ئېغىزدىن-ئېغىزغا كۆچۈپ يۈرگەن ئەمەلىي مىساللار دولان رايونلىرىدىكى خەلق ئارىسىدا ناھايىتى كۆپ ئىپىلىدۇ. بولۇپمۇ، ئەر بىلەن ئايال ئوتتۇرىسىدىكى گەپ سوقۇشۇش قوشاقلىرىنىڭ تىللىرى ئۆتكۈر ۋە بەك مەنىلىك بولۇپ. بۇنى مىسال كەلتۈرۈش مىڭچە، ھاجەتسىز بولسا كېرەك. قىسقىسى، دولان خەلقى مەشرەپتە يوتا ئويۇنى ئارقىلىق ھەممە ئادەمنى ئەدەبىيات ئۆگىنىشكە مەجبۇرلاپ، كىشلەرنىڭ تەپەككۇر ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش ئارقىلىق، مىللىي مەدەنىيىتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە مەشرەپ ئويۇنلىرىنىڭ مەزمۇنلىرىدىن. شۇنداقلا يوتا ئويۇنىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلانغان. شۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ تەپەككۇر ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپ، ئەقىل-ئىدراك جەمەتىس بەزى جايلارغا نىسبەتەن بىر قەدەر يەرلىشىپ مۇرمەتكە سازاۋەر بولۇپ كەلگەن. باشتا رايون كىشلىرىنىڭ دولانلىقلار گەپچى كېلىدۇ. دېگەنلىرىمۇ ئاساسسىز ئەمەس. بۇ ھەقتە خەلق ئىچىدە مۇنداق بىر رىۋايەتمۇ بار:

دولانلىقلار ئەينى ۋاقىتتا ھۆكۈمرانلارنىڭ چىشىغا تەگكەنلىكى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ئۆيلىرىنى كۆيدۈرۈپ، يەركەن دەرياسى ۋادىسىدا بىرنى قويماي، كۆچۈرۈپ تەرەپ-تەرەپكە قوغلاپتۇ. بۇلار ئۆيلىرىدىن،

www.uyghurkitap.com

مال-مۈلكىدىن ئايرىلىپ، دەرد-ئەلەمگە چىدىماي باللىرىنى يېتىلەپ، يۇك-تاقلىرىنى ئۆشنىسىگە ئارتىپ، مۇقام نوۋلاپ تەرەپ-تەرەپكە تارقىشىپتۇ. بۇلاردىن بىر قانچىسى باللىرىنى يېتىلەپ، ئاقسۇ تەرەپ مېڭىپتۇ. ئاقسۇنىڭ توپلۇق دېگەن يېرىگە كەلگەندە ئۇلار يول بويى مۇقاملىرىنى نوۋلاپ كېتىۋاتسا، بىر ئائىلىدىن بىر ياش يىگىت ئۇلارنىڭ مۇقامىغا قىزىقىپ، ئۇلاردىن «سىلەر كىم بولىسىلەر؟» دەپ سوراپتۇ. ئۇلار «بىز دولانلىق» دەپ جاۋاب بەرگەندىن كېيىن، يىگىت ئاتىسىنىڭ قېشىغا كىرىپ:

— ۋاي ئاتا! دولانلىق كەپتۇ — دەپتۇ. ئاتىسى ئوغلىغا:

دولان كەلدى دېگىنا.
مېھمان كەلدى دېگىنا.
باغقا باشلاپ كىرگىنا،
ئۆزى بىلىپ يېسۇنا.

دەپتۇ. يىگىت دولانلىقلارنى باغقا باشلاپ كىرىپ مېھمان قىپتۇ. ئارتىنىپ قالمىسۇن دەپ چىقىپ كېتىپ، بىر كەمدە كىرسە، ھەممىسى ئۇخلاپ قاپتۇ. يىگىت بۇنىڭدىن ھەيران بولۇپ، ئاتىسىنىڭ قېشىغا چىقىپ:

كېلەشىدە سىلىپ كەلدى ئاتە دولان
« ئاللا-باركاللا » نى،
قورسىقى خەمەك شاپتۇلغا تويۇپ
ئۇنتۇپتۇ ئاللانى.
يېنىغا قويۇپ بېرىپتۇ ئېلىپ كەلگەن
باللانى،
بېشىغا ئېسىپ قويۇپتۇ يەرەنجە سىلەن
بېشىدىكى سەللانى.

دەپتۇ. دولانلىقلاردىن بىرى ئۇخلىماسلىق ھوشيار ياتقان ئىكەن. دوستلىرىنى ئويغىتىپ باغدىن چىقىپ خوشلاشماقچى بوپتۇ. بۇنى كۆرۈپ ئۆي ئىگىسى قوندۇرۇپ قالماقچى بولغانىكەن. ئۇلاردىن بىرى قوشاق قوشۇپ:

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كېلەشىدە سىلىپ كەلدۇق ئاللا ئارىكاللانى
قورساق شاپتۇلغا تويۇپ ئۇنتۇپتۇق ئاللانى.
ھاردۇق ئېلىپ ئىسسىپ قويدۇق يەرەنجە ۋە سەللانى
كۆرمىگەنمىز مېھمىنى مازاق قىلغان ئالۋانى.

دەپ يولغا راۋان بوپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن، دولانلىقلارنى «گەپچى»، «قوشاقچى» دېگەن نام يۇرت-يۇرتلارغا تارقاپ كېتىپتۇ.

4. ئەرزىيەت ئويۇنى

دولان مەشرىپىدىكى «ئەرزىيەت» ئىشلىرى مەشرەپ ئىنتىزامى ئۈستىدە بولىدۇ. بىرنەچچە دۆرەملىك ئوسسۇلدىن كېيىن ياكى يوتا ئويۇنى ئويناش داۋامىدا، شۇ ئويۇنغا نىسبەتەن بىر ئاز زېرىكىش كەيپىياتى قوزغىلاي دېگەندە، ئويۇننىڭ قىزىقارلىقىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئەرزىيەت ئويۇنىنى باشلايدۇ. ئەرز قوبۇل قىلىش، ھۆكۈم قىلىش، ئىجرا قىلىش قاتارلىقلارنى مەشرەپ ئەھلى تەرىپىدىن كېڭىشىش ئاساسىدا سايلاپ چىقىلغان ئىنتىزام باشقۇرغۇچىلاردىن يىگىت بېشى، قازى بەگ، پاششاپ، دوغا بېگى دېگەنلەر ئۈستىگە ئالىدۇ. كىمكى مەشرەپ تەرتىپىنى بۇزسا، خاتالىقىنىڭ ئېغىر-يېنىكلىكىگە قاراپ ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە جازا ھۆكۈم قىلىپ، دەرھال ئىجرا قىلىدۇ. مەشرەپتىكى گۇناھلىق ئىشلارنىڭ دائىرىسى بىر قەدەر كەڭ بولۇپ. چاينى ئېلىپ ئىچىپ بولغاندا پىيالىسى ئۆز ئىگىسىنىڭ قولىغا بەرمىگەنلەر، بىر جايىدا جىم ئولتۇرمىغانلار، پاراڭ سالغانلار، كىشىنىڭ ئالدىدىن ئەدەپسىزلىك بىلەن توغرا ئۆتكەنلەر، مەشرەپتە غەمكىن ئولتۇرۇپ قىزغىن كەيپىياتتا بولمىغانلار، مەينەت نەرسىگە دەسسەپ كىرىپ بىساتنى پاسكىنا قىلىپ قويغانلار، تەكەببۇرلۇق قىلىپ كىشىنى كۆزگە ئىلمىغانلار، رۇخسەتسىز سىرتقا چىققانلار ياكى رۇخسەت سورىسىمۇ سىرتقا تولا چىقىپ كەتكۈچىلەر، ئۆزئارا ياكى ئاياللارغا ئەدەپسىز

چاقچاق قىلغانلار، يوتا ئويۇندا باشقىلارنىڭ بېيىتلىرىگە بېيىت قايتۇرمىغانلار، ئويۇندا تىرىكلەنلەر، ئومۇمەن كىشىلەرنىڭ دىتىغا ياقمايدىغان سەت قىلىقلارنىڭ ھەممىسى ئەيىبلىنىش دائىرىسىگە كىرىدۇ. يۇقىرىقى ئىشلارنىڭ قايسى بىرى يۈز بېرىدىكەن، شۇنداق ئىشلارنىڭ يۈز بەرگەنلىكىنى سەزگەنلەردىن بىرى ئورنىدىن تۇرۇپ، گۇناھ ئۆتكۈزگۈچىنىڭ قىلمىشلىرى ئۈستىدىن شىكايەت قىلىپ، يىگىت بېشىنىڭ جازالاپ بېرىشىنى تەلەپ قىلىپ ئەرز قىلىدۇ. يىگىت بېشى ئۇنىڭ ئەرزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئەرز قىلغۇچىنىڭ ئەرزىنى سوراشنى قازى بېگىگە بۇيرۇيدۇ. قازى بېگى شۇ ھامان «جاۋابكار»نى نەق مەيدانغا كەلتۈرۈپ، ئۇنى گۇناھىغا ئىقرار قىلدۇرىدۇ. ئەيىبلەنگۈچى گۇناھىنى ئۈستىگە ئېلىپ جازاغا لايىق ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلغاندىن كېيىن، قازى بېگى «جازا» ھۆكۈم قىلىپ، ئىجرا قىلىشنى دوغا بېگىگە تاپشۇرىدۇ.

ئەگەر، ئەيىبكار پاكىتنى رەت قىلىپ گۇناھىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغىلى ئۇنىمىسا ياكى قەستەن تىنىۋالسا، تېخىمۇ ئېغىرلىتىپ «جازا» بېرىلىدۇ.

جازا تۈرلىرى — «جۇۋازغا قېتىش»، «ساماسا يېقىش»، «مەرھەل ھالقىلارنى دۈرانش»، «ئىككى خوتۇن ئېلىپ بېرىش»، «مەشرەپ جەرىمانىسى قويۇش»، «سۈرەتنى تارتىش» قاتارلىق كۆپ خىل تۈرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، بېرىلگەن «جازا» شۇ ھامان تولۇق ئىجرا قىلىنىدۇ. بۇلاردىن «جۇۋازغا قېتىش» جازاسىدا ئىككىدىن-ئۈچكىچە ئادەم رول ئالىدۇ.

ئىككى ئادەم رول ئالىدىغان قىسىمدا، بىرى «ئەيىبكار»، بىرى ئىجرا قىلغۇچىدىن ئىبارەت بولۇپ، جازالانغۇچىنى كۆزلەكچان، ياللاكباشتاق قىلىپ يۈكۈندۈرۈپ ئولتۇرغۇزۇپ، جۇۋازنىڭ كۆيى قىلىدۇ. مەشرەپ قىزىقچىلىرىدىن بىرى جۇۋازچىنىڭ رولىنى ئېلىپ، بىر قولىدا بىر چىنە سوغۇق سۇنى ئېلىپ پات-پات جازالانغۇچىنىڭ بېشىغا قۇيۇپ تۇرۇپ، بىر قولىدا ئۇنىڭ بېشىنى مۇشتۇمى بىلەن قاتتىق بېسىپ، نوقۇپ، غەزەل توۋلاپ ئايلىنىدۇ. تۇرۇپ-تۇرۇپلا

جوۋازچى كوپىنىڭ قۇلىقىنى تۇتۇپ تولغاپ، جوۋازغا بالاڭ ئاسقان بولىدۇ. گاھىدا كوپىنىڭ ئاستىنى قايرىپ، ئاققان ياغنى تەگە كۆرۈپ كۆرىدۇ ياكى كۆپرەك ئاقسۇن دەپ تۆشۈكنى يوغىنىتىش ئۈچۈن، مىسران بىلەن چوقۇپ قويىدۇ. بۇ چاغدا جازالانغۇچى ئولتۇرالماي كېتىدۇ. مەشرەپتىكىلەر بولسا، كۈلكىدىن ئۆزلىرىنى باسالماي قېلىشىدۇ. مۇشۇ ئارقىلىق جازالانغۇچىنى گۇناھىغا توۋا قىلدۇرىدۇ.

ئىككىنچى خىلدىكى ئۈچ ئادەم رول ئالىدىغان قىسمى، چېتىشلىق ئىككى نەيىبكارنى بىر قېتىمدا جازالاش ئۈچۈن قوللىنىدۇ. ئۇنىڭدا، جازالانغۇچىنىڭ بىرى يۇقىرىقى شەكىلدە جوۋازنىڭ كوپى بولۇپ ئولتۇرىدۇ. يەنە بىرى جوۋاز كالىسى بولۇپ، تۆت پۇتلۇق ھالدا كوپىنى ئايلىنىپ چۆرۈلىدۇ. قىزىقچىلاردىن بىرى جوۋازچىنىڭ رولىنى ئېلىپ، بىر قولىدا كوپىنىڭ بېشىنى قاتتىق بېسىپ نوقۇپ تۇرۇپ، بىر قولىدا قامچىنى تۇتۇپ كالىنى ھەيدەيدۇ. كالا بولغۇچى تۆت پۇتلۇق بولۇپ ماڭماي ئىلاج قىلالمايدۇ. ئاستىلاپ قالسا، قامچا تۇتقان قولىدا مۇشتۇم ياكى شاپىلاق بىلەن سۆڭگۈچلىرىگە ئۇرۇپ قويىدۇ. بەزىدە جوۋازچى «چۇ!...» دەپ ۋارقىراپ كالىنىڭ ئارقىسىنى غىدىقلىسا، بەزىدە كوپىنىڭ ئاستىنى قاراپ قويىدۇ ۋە ياكى ياغ تۆشۈكىنى چوقۇلاپ قويىدۇ. كالىنىڭ دۆيلۈشلىرى، كوپىنىڭ تولغىنىپ كېتىشلىرى مەشرەپتە شۇنداق كۈلكە پەيدا قىلىدۇكى، ھەتتا يىغلاۋاتقان ئۇششاق باللارمۇ، يىغىسىنى كۈلكىگە قانداق ئالماشتۇرۇۋاتقانلىقىنى سەزمەي قېلىشىدۇ. بۇنداق جازاغا ئۇچرىغانلار قىلغان قىلىقىغا شۇنداق پۇشايمان قىلىدۇكى، شۇنىڭدىن كېيىن جەمئىيەتتە ۋە ئويۇن، مەشرەپلەردە بولسۇن، باشقىلار ئۆزلىرىگە ئۈلگە قىلىۋالغۇدەك دەرىجىدە ياۋاش، مۇلايىم، ئەدەپلىك بولۇپ كېتىدۇ. چۈنكى ئۇ، يەنە بىرەر مەشرەپتە كىشىلەر ئۇنىڭدىن قۇسۇر تېپىپ، ئالدىنقى جازانى كۆزگە ئىلمىغان دەپ تېخىمۇ ئېغىرلىتىپ جازالىشىدىن قورقىدۇ.

«سامسا يېقىش» جازاسىدا، جازالانغۇچىنى كۆتەكچان قىلىپ

يالىڭاچلاپ، يۈكۈندۈرۈپ ئولتۇرغۇزىدۇ. بىر ئادەم ناۋاينىڭ رولىنى ئېلىپ، ئالدى بىلەن ئەيىبلەنگۈچىنىڭ دۈمبىسىگە سۇنى قۇيۇپ قوش مۇشتۇمى بىلەن دۈمبىسىگە راسا ئۇقاپ خېمىر ئېتىشكە باشلايدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ئىككى ئالقىنىنىڭ قىرىنى قىڭراق قىلىپ جازالانغۇچىنىڭ بېشىغا شىددەت بىلەن ئۇرۇپ، پىياز توغراپ، گۆش قىيما قىلىشقا باشلايدۇ.

سامسا ئوگۇش، يېقىش، قومۇرۇش باسقۇچلىرىدا جازالانغۇچىنىڭ بەدەنلىرىنى ئۇلۇپ تارتىپ، دۈمبە ۋە زاكاقلىرىغا شاپىلاق بىلەن قارسىلدىتىپ ئۇرۇپ، ئۇنى گۇناھ قىلغانغا توۋبىغۇزۇۋېتىدۇ.

«سورەتكە تارتىش» جازاسىدا، ئەيىبكارنىڭ شىمىدىن باشقا كىيىملىرىنى سالدۇرۇپ، يالىڭاچ قىلىپ سوغۇق تامغا مەيدىسىنى چاپلاتقۇزۇپ، ئىككى قولىنى كېرىپ «كىرىست» شەكلىگە كەلتۈرىدۇ. سورەتچى رولىنى ئالغۇچى بىر قاپاق مۇزدەك سوغۇق سۇنى كەلتۈرۈپ، ئەيىبكارنىڭ دۈمبىسى تەرىپىدىن پۈركۈيدۇ. تام يۈزىمۇ ھۆل بولىدۇ. ئادەمنىڭ گەۋدىسى توسۇپ تۇرغان جايغا سۇ تەگمىگەنلىكى ئۈچۈن، تامدا ئادەمنىڭ شەكلىگە ئوخشاش ئاق سورەت تولۇق كۆرۈنگەنگە قەدەر سۇ پۈركۈشنى داۋاملاشتۇرىدۇ. بۇ جازا قىش كۈنلىرى ئېلىپ بېرىلغانلىقى ئۈچۈن، جازالانغۇچى توڭلاپ، بەزگەكتەك تىترەپ كېتىدۇ. سورەتكە تارتىش ئاخىرلىشىپ مەشرەپ ئۇسسۇل باسقۇچىغا كۆچكەندە نەغمىكەشلەر سورەتكە تارتىلغۇچىنىڭ توڭلاپ تىترەپ كەتكەن ھالىتىنى مەسخىرە قىلىپ:

ئى بالام، جانىم بالام،
ئاللاغا تاپشۇردۇم سېنى.
بارچە كېسەل باسقىنىنى،
بەزگەككە تاپشۇردۇم سېنى.

دەپ قوشاق قوشۇپ غەزەل توۋلاپ، جازالانغۇچىنى تېخىمۇ جىبىلە قىلىپ، «ئۆلمەكنىڭ ئۈستىگە تەپمەك» قىلىدۇ. سورەتكە تارتىش جازاسىمۇ ئېغىر جازالارنىڭ بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

مەشرەپنى ياراتمىغان، تەكەببۇرلۇق قىلغانلارغا «بولى مەشرەپ» جازاسى بېرىلىدۇ. بۇنىڭدىكى مەقسەت: «سەن كىشىنى ياراتمىساڭ،

ئۆزۈڭمۇ بىرىپ باقىن» دېگەن مەقسەتنى بىلدۈرىدۇ. مۇشۇ ئارقىلىق كىشىنىڭ قەدىر-قىممىتىگە يېتىش تەربىيىسى يۈرگۈزىدۇ.

ئەرزىيەت ئويۇنى ئىجتىمائىي تەرتىپ ۋە قانۇنچىلىق تەشۋىقاتى بولۇپ، دولانلىقلار دولان مەشرىپىدىكى ئويۇن ۋاستىسى بىلەن پەرزەنتلىرىنى ئەدەپ-ئەخلاقلىق، غايىلىك، ئىنتىزامچان قىلىپ تەربىيىلەيدۇ. ئويۇننىڭ كىشىلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلىشى ۋە ئۇنىڭ تەربىيىۋى ئەھمىيىتى رول ئالغۇچىغا باغلىق بولۇپ، پىشقەدەملەرنىڭ ئىسپاتلىشىچە، ئاۋات ناھىيىسىنىڭ ئىلەك كەنتىدە ئۆتكەن قادىر مەخسۇت (1901—1977) بىر ئۆمۈر دولان مەشرىپىدىكى ئەرزىيەت ئويۇنىدا رول ئېلىپ، خەلقنىڭ ئەڭ سۆيۈملۈك كىشىسىگە ئايلانغان. ئازادلىقتىن كېيىن، خەلقلەر ئۇنى دېھقانلار ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى قىلىپ سايلاپ، ئۆزلىرىگە رەھبەر قىلىۋالغان. مانا بۇ ھۆرمەت ئۇنىڭغا مىللىي سەنئەت سەھنىسىدىن كەلگەن.

5. مەشرەپ قوشاقلىرى ۋە ئۇلارنىڭ مەزمۇنلىرى

دولان مەشرىپىدە ئوقۇلىدىغان تېكىستلەرنى «مۇقام قوشاقلىرى» ۋە «يوتا (دەررە) قوشاقلىرى» دەپ ئىككىگە ئايرىش مۇمكىن.

مۇقام (غەزەل)غا سېلىنغان قوشاقلار بىلەن يوتا ئويۇنىدىكى كىشىلەر ئۆزئارا ئېيتىشىدىغان قوشاقلار مەلۇم جەھەتتىن پەرقلىنىدۇ. مۇقام تېكىستلىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك يەككە قوشاقلار بولۇپ، «سىقىم» قوشاقلىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ھەرقايسىسى ئۆز ئالدىغا پارچىلاردىن ئىبارەت.

يوتا قوشاقلىرى بولسا، مۇقام تېكىستلىرى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش پارچىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغاندىن باشقا، كۆپىنچە كۇپلېتلىرى ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىك بىر پۈرۈش بولىدۇ. مەسىلەن:

قوم تۈۋىگە ئالما كۆمدۈم،
ئالمىيا بولغايمۇ دەپ.

چىن كۆڭلۈمنى سىزگە بەردىم،
مېھرىبان بولغايمۇ دەپ.

مېھرىباندۇر ئۆزلىرى،
شېرىن زۇباندۇر سۆزلىرى.
بىر كېلىپ-ئىككى كېلىپ،
كۆڭلۈمنى ئالغان ئۆزلىرى.

دېگەن بېيىتتە بىر مەزمۇن ئىپادىلىنىپ، بىر بېيىت ھېسابلانسا،

ئاق تىكەن ئاپئاق تىكەن،
چۆرىسىدە گۈل بار ئىكەن.
گۈلنى ئېلىپ كۆپكە سالدىم،
كۆپتە ھاراق بار ئىكەن.

ئوڭ قولۇمغا ھاراق ئالدىم،
سول قولۇمغا سىن چىراق.
سىن چىراقتا كۆيگەندىن،
مەشرەپتە كۆيگەن ياخشىراق.

دېگەن قوشاقلار بىر يۈرۈش ئېيتىلىش ئارقىلىق مەقسەتنى ئىپادىلەيدۇ.
بەزى قوشاقچىلار پوتا ئويۇنىدا، ئوخشاش خاراكتېردىكى بىرقانچە مىسرانى كىرىشتۈرۈپ بىر بېيىت قىلىپ ئوقۇپ:

سىم-سىم ئارىلاپ قار ياغامدۇ دەريانى بويلاپ،
ئىككى كۆزۈم يېشىر بولدى يولۇڭغا قاراپ.

ئۇ مەلىگىدىن بۇ مەلىگىگە ئويناي دەپ كەلدىم،
مەيلى بارمۇ، مەيلى يوقمۇ چاغلاي دەپ كەلدىم.

مەلىسىدىن-مەلىسىگە يولى بارمىكىن،
دەرد ئاغرىقى يامان بولدى دورا بارمىكىن.

www.uyghurkitap.com

قارچىغامنى قوشلىمىغان تاغلار قالمىدى.
سىز يايرىمنى ئىزدىمىگەن باغلار قالمىدى.

ئالتاي ياتتىم، يەتتە ئاي ياتتىم مۇشكۇل زىنداندا.
ئالتايلىغىم بىر كۈنچە يوق يارنى تاپقاندا.

ئىككى تاغ ئارىسىدا ئېرىمەيدۇ قار.
ئېرىمىسە-ئېرىمىسۇن بىر خىيالى بار.

يېشىل-يېشىل يوپۇرماقلار ياشارماي كەتتى.
كۆيۈك ئوتى يامانكەن ئۇستقانغا يەتتى.

گۈزەل باھارلار كەلدى ئېچىلغىن گۈلۈم،
يارنىڭ بېغىغا بېرىپ سايراڭ بۇلبۇلۇم.

بۈگۈنمىكىن، ئەتىمىكىن يايرىم كەلگۈدەك.
ئالتاي كۆيگەن يىراق ئوتى جانىنى ئالغۇدەك.

قاتار-قاتار غاز كېلىدۇ چىمەنگە يېقىپ،
مەن يايرىمغا چاي تۇتاي ئەرزىمنى ئېيتىپ.

ئىچىمىسلە، ئىچۈرەي شېرىن سۆز قىلىپ،
كۆيمىسىلە، كۆيدۈرەي ئەزىز جان سېتىپ.

ئاق يەردە ئات چاپتۇردۇم ئېگىشىم تۈزگە.
گاھى بىلىڭ، گاھى بىلمەڭ كۆيمەن سىزگە.

ئانچە-مۇنچە بولسىمۇ قارامسىز بىزگە.
شۇ ئوتتا ئۆلۈپ كەتسەم ئۇۋالىم سىزگە.

دەپ ئۆز مۇھەببىتىنى ئىزھار قىلىشىدۇ. مەشرەپ قوشاقلىرىدا (بۇنى
ۋە جاي ئويۇنلىرىدىكى) ئېيتىلىدىغان قوشاقلارنىڭ مەزمۇنىنى ئاساسەن
سوئال-جاۋاب تەرتىپىدە بىر-بىرىگە ماسلىشىپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

چىرايلىق بالىكەنسىز.
كۆيۈپ قالدىڭ دەمسىز؟
چىرايلىقنى ئايرىلسا.
ئۆلۈپ قالدىڭ دەمسىز؟

كەتمەكچى بولۇپ قالدىڭ.
يار كېتەمدىكىن بىللە.
يار كەتسە كېتىۋەرسۇن.
ئويۇن كۈلكىسى بىللە.

دېگەن مەزمۇندىكى قوشاقلارغا:

سايراڭ بۇلبۇلۇم سايراڭ.
چىنارنىڭ شاخلىرى سۇنسۇن.
يار ئايرىلمەن دەيدۇ
ئايرىلىپ كۆڭلى تىنسۇن.

باشىمدىكى دوپپامنى،
شامالللار قايرىۋەتكەندۇر.
ئاشىق بىلەن مەشۇقنى،
خۇدايىم ئايرىۋەتكەندۇر.

ھاۋادا پارچە بۇلۇت.
يامغۇر يېغىپ ئۆتكەن يوق.
ئاشىق-مەشۇق بىر بولۇپ،
مۇرادىغا يەتكەن يوق.

دەپ جاۋاب قايتۇرغانغا ئوخشاش تەرتىپتە بولىدۇ.

دولان مەشرەپلىرىدىكى يوتا قوشاقلىرىنىڭ مەزمۇنى مول، ئوبرازلىق بولۇپ، ئۇنىڭ مەزمۇنلىرىدىن تارىخ، جۇغراپىيە، ئەمگەك، مۇھەببەت، تۇرمۇش، ئەنئەنە-ئەرىيە ۋە ئۆرپ-ئادىتىنى تەنقىد قىلىش... قاتارلىق ناھايىتى نۇرغۇن مەزمۇنلارنى كۆرگىلى بولىدۇ. بۇ، دولانلىقلارنىڭ تارىخى، ياشىغان جايلىرى، مەدەنىيىتى قاتارلىق نۇرغۇن جەھەتلەرنى يورۇتۇپ بېرىدۇ. مەسىلەن:

ئاقىنا مەيدەلىرىگە،
خەسە كۆڭلەك مەن بولاي.
ئۆرگىلىپ بىر يوتا ئۇرسىلا،
چۆرگىلىپ تەزىم قىلاي.

ئال جىۋىقىنەك بويلىرىڭغا،
شايى رومالىڭ بولاي.
سەن يېنىپ بولساڭ چىراق،
مەن كۆيۈپ پەرۋانە بولاي.

ئات مىنىپ سەيلىگە چىقساڭ،
قامچا دەستەڭ مەن بولاي.
ھەممە ئەلنىڭ كۆزى سىردە،
تىل تۇمارىڭ مەن بولاي.

دېگەن بىر يۈرۈش قوشاق ئىچىسىلىرىدە، دولان مەشرەپلىرىدىكى يوتا ئويۇنىنىڭ ئوبرازى ۋە يوتا ئويۇنى ۋاسىتىسى بىلەن ئىزھار قىلىنغان مۇھەببەتنى ئىسپاتلىسا:

چۆلمۇ چۆللەرنى كېزىپ،
كەلدىم سېنى بىر كۆرگىلى.
ياغرىڭىز قاتتىق ئىكەن،
تاش قالدىڭىز ئۆلتۈرگىلى.

دېگەن مىسرالاردا، دولانلىقلارنىڭ تارقاق ئولتۇراقلاشقان تۇرمۇش شارائىتلىرى

تەسۋىرلىنىپ، چەت-ياقا جايلاردا ياشاپ ئۆتكەنلىكى ئىپادىلەنگەن.

توپ تېرەكنىڭ تۈۋىدە،
توپ ئوينىغان قارا كۆز.
قوش تېرەكنىڭ تۈۋىدە
قوش ھەيدىگەن قارا كۆز.

ھارۋىلىرىنىڭ تېگىدىن،
مەپە ئۆتەمدۇ قارا كۆز.
ئىككىمىز كۆرۈشمىسەك،
ھەپتە ئۆتەمدۇ قارا كۆز.

دېگەن بېيىتلەردە، دولان يۇرتى ئەلگىرىكى چۆل-جەزىرىلىك ھالەتتىن تەرەققىي قىلىپ ئورمانچىلىق، دېھقانچىلىق، قاتناش ئىشلىرىنىڭ راۋاجلانغانلىقىنى، جۈملىدىن ئاممىۋى مەدەنىيەت بارلىققا كېلىپ، خەلقنىڭ خاتىرجەم تۇرمۇش باسقۇچىدا ياشاۋاتقانلىقىنى ئىپادىلىگەن.

ھەشقىپىچەك يۆگىشىپتۇ،
باغدىكى جىنەستىگە.
مېنىڭ كۆڭلۈم چۈشۈپتۇ،
قاشى قارا پۇخەستىگە.

باغدا پىشقان نا ئۈزۈمنىڭ،
نەشتە-نەشتە سۈيى بار.
مەن يېتىم بىچارىنىڭ،
سىزدىن ئۆزگە كىمى بار.

روچۈن بولسا كىشى،
قانات ياساپ ئۇچسا كىشى.
دۇنيانى بىر چۆرۈلۈپ،
ئۆز يارىنى تاپسا كىشى.

دىلدەن ييىتلەردە، كىشىلەرنىڭ نەيەككۇر ئىقتىدارىنى يەرەققىي قىلدى. ئاۋۋالقى ئاددىي تۇرمۇش ئەمەلىيىتىدىن ئېلىنغان:

ئىشىك ئەتتىم مىخلاپ،
تىشىر ئەتتىم چىغلاپ،
بىز يورۇيمىز خىللاپ،
سىز يورۇيسىز يىغلاپ.

ياكى:

تۆشەك ياقلاپ كەيلا.
تەمۇر چالغاچ كەلمەيلا.
قوللىرىدا يەرەك ياغلىق.
يىمىش ئالغاچ كەلمەيلا.

تۈنىمىزنى ئىسسىتىسلا.
چوغىمىزنى چاچمىسلا.
ئىر جانىڭ يىمىش تۇتقە يول
ئىردىن يىراق قاچمىسلا.

دىلدىلدە ئوچىشى قۇشاق بوقۇش سەۋىيىسىدىن ھالقىپ، قاپاز ئېيىلىك پىكىر ئىقمىدىكى قۇشاقلارنى بوقۇش باسقۇچىغا كۆتۈرۈلگەن. بەنى قۇشاقنىڭ ئاخىرقى كۆپلىتىدىكى پىكىردە، ئادەم چۈشىنگە ئۆزگىرەلگەندە، دۇنيانىڭ ھەممە جايلىرىغا ئۇچۇپ بىرىپ، ئۆز بەختىنى ئىزدەيدىغانلىقى ئىپادىلەنگەن. يۇقىرىلاردىن باشقا. بونا ئويۇندا:

ئەجەپ ئۇيدان بالكەنسىز،
چىچەك مۇنچاقتا ئوخشايسىز.
قولىمىزغا سۇ بىرەي دېسەم،
قىمارۋاز بەگگە ئوخشايسىز.

ئاق كۆڭلەك كىيۋايسىز،
قىپقىزىل جىبەك تۇتۇپ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئاشىنىڭىز قېنى خېنىم؟
ئۆلتۈرىسىز ئىگەك تۈتۈپ.

لىگچۈدىن كۆكلەك كىيىپ،
گۈلى قايتۇ تالادا.
ئاشنا تۇتقان خېنىملار
ئاخىر قالۇر بالادا.

باغقا قوغۇن تېرىسام،
چۈشكەن سويىمىسى ئۆكىدا.
ئۆيۈنىنى تولا ئويناپ،
ئىشتان قالمىدى قوكىدا.

دېگەندەك ئوخشاش تەنقىد ۋە ئۆز-ئۆزىنى تەنقىد قىلىش خاراكتېرىدىكى قوشاقلار ۋە:

كۆيدۈما كۆل بولدىما
ئونۇكدا بۇلبۇل بولدىما
بۇ سېنىڭ ياخشى خۇيۇڭغا
ئۆلگىچە قۇل بولدۇما.

قاتارلىق قوشاقلاردا كىشىلەرنىڭ ئۆزئارا چوڭقۇر مۇھەببىتى ئىپادىلەنگەن.

مەشرەپ قوشاقلىرى دولان خەلقىنىڭ كەچۈرمىشلىرى، تۇرمۇش ئادىتى، ھېس-تۇيغۇ ۋە ئۈمىد-ئارزۇلىرىنى، ئۆزئارا مېھر-مۇھەببەت پاكى نەپرەتلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان بىر ئەينەك بولۇپ. مەشرەپ قوشاقلىرى ئارقىلىق دولانلىقلار ئۆزلىرىنىڭ پۈتۈن گەپ-سۆز-لىرىنى قىلالايدۇ. مەشرەپ قوشاقلىرىدىن دولانلىقلارنىڭ تارتقان دەرد-ئەلەملىرىنى، تارىخىنى، سۆيگۈ مۇھەببىتىنى، ئۆرپ-ئادەتلىرىنى، دۇنيا قاراشلىرىنى بىلگىلى بولىدۇ. مەشرەپ قوشاقلىرىنىڭ سانى چەكسىز، تۈرى كۆپ، مەزمۇنى مول بولۇپ، خەلق ئەدەبىياتىنىڭ بۇلىقى، فولكلور خەزىنىسى دېيىشكە بولىدۇ.

www.uyghurkitap.com

6. دولان مەشرەپ ئويۇنلىرىدىكى تەقلىد ۋە تىياتىرلار

تەقلىدچىلىك تىياتىرنىڭ ئىپادىلەش شەكلى بولۇپ، تىياتىر دېگىنىمىز — سەھنە-سورۇنلاردا تاماشىبىنلار ئۈچۈن قويۇلىدىغان ئويۇنلارنى كۆرسىتىدۇ.

تىياتىر سەنئەتنىڭ ئىپتىدائىي شەكلىدۇر، ئىپتىدائىي سەنئەت تەقلىد بىلەن بارلىققا كەلگەنىدى. كۆپ خىل قىزىقارلىق تەقلىد ئويۇنلىرى ئورگانىك بىرلىشىپ، بىر يۈرۈش مەشرەپنى شەكىللەندۈردى. مەشرەپ شۇڭلاشقا تامامەن دېگۈدەك تىياتىر-تەقلىد شەكىللىرىنىڭ بەدىئىي ئىپادىلىنىش شەكىللىرىدىن تەركىب تاپتى. كېيىنكى زامانلاردا مەشرەپ تىياتىرلىرى سەھنىلىشىپ، تەقلىد ئارقىلىق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن زىددىيەتنىڭ خاراكتېرى، ئىپادىلەش ئۇسۇلى، تۈزۈلۈش شەكىللىرىنىڭ ئاز-كۆپلىكىگە قاراپ بىر-بىرىدىن پەرقلىنىدىغان تۈرلەرگە ئايرىلدى. مەلۇمكى، ھەرقانداق مىللەتنىڭ سەنئىتى بولىدىكەن ئۇنىڭ تىياتىرى بولىدۇ. يەرلىك ناخشا-ئۇسسۇل، ئەلنەغمە شەكىللىرى، ئويۇن تۈرلىرى، مۇزىكىسى قانداقتۇر بىر ۋەقەنى ئىپادىلەپ بېرەلىسە، ئۇ، شۇ جايدىكى خەلق ياكى مىللەتنىڭ تىياتىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

دولان مەشرىپى بولسا، كۆپ خىل تەقلىدچىلىكنىڭ ئورگانىك بىرلەشتۈرۈلگەن، تۇرغۇن ۋەقەلىك سىستېمىلىق، رىتىملىق ھالدا ئارقا-ئارقىدىن مول مەزمۇن بىلەن ئىپادىلىنىدىغان سەنئەت سەھنىسى بولۇپ، ئۇنىڭدا دولانلىقلار، شۇنداقلا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تارىخىغا مۇناسىۋەتلىك ئىنتايىن مۇھىم مەزمۇنلار خەلقنىڭ ئۆز ئارىسىدىكى پېرسوناژلارنىڭ جانلىق، كەسكىن، ئىنتايىن تەبىئىي ھالدىكى دىئالوگى ئارقىلىق ئىپادىلىنىپ، تاماشىبىنلارنى تەسىرلەندۈ-

رۇپ كەلدى. بولۇپمۇ، مەشرەپ تىياتىرىدىكى پېرسوناژلارنىڭ كۆرۈنىشى تەبىئىي. تىلى ئاممىباپ، ۋەقەلىكى روشەن. مەزمۇنى ئېنىق، بىلىم بېرىش (تەسىرلەندۈرۈش) دەرىجىسى يۇقىرى بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇ خىل سەنئەت شەكلىنى كىشىلەر قىزغىن سۆيۈپ، ئەۋلادتىن-ئەۋلادقا داۋاملاشتۇرۇش ئارقىلىق ئۆز تارىخىنى ساقلاپ قېلىشىنىڭ سىرتىدا، خەلق چۆچەكلىرى، رىۋايەت، ئەپسانىلەردىن تاللاپ، شۇنىڭغا ئاساسەن تەقلىد ئويۇنلىرىنى ئويناش ياكى ئېيتىشىش شەكلى ئارقىلىق تىياتىر مەزمۇنلىرىنى بېيىتىپ، زامانىۋى سەھنە تىياتىرلىرىنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىنى ئورۇندىدى. سەنئەتنىڭ تەرەققىياتى دەسلەپكى ئېغىز ئەدەبىياتى باسقۇچى دەۋرىدىن ئۆتۈپ يازما ئەدەبىيات باسقۇچىغا كىرىپ. بۇختا يېزىلغان سەھنە ئەسەرلىرى ئارقىلىق ۋەقەلىكلەر ئالاھىدە تەييارلانغان سەھنىلەردە رېتىملىق بىر خىل كىيىنگەن ئارتىسلار ئارقىلىق ئىپادىلىنىدىغان بولدى. لېكىن مەشرەپ تىياتىرلىرى بولسا، ئۆزىنىڭ مىللىيلىكى، مول مەزمۇنلىرى بىلەن قەدىرلىنىپ، زامانىۋى سەھنە ئويۇنلىرى بىلەن بىر قاتاردا داۋاملىشىپ كەلدى.

دولان مەشرەپىدىكى بۇ ئويۇنلار — «ئات ئۇسسۇلى»، «تۆگە ئۇسسۇلى»، «غاز ئۇسسۇلى»، «ئېگىز بولۇڭ موللام»، «غوجالدىرىۋاق»، «ئىككى خوتۇن ئېلىپ بېرىش كومېدىيىسى» «بوۋاي بىلەن دوغور»، «قېرى قىزنىڭ ئەر تاللىشى»، «بوۋاي بىلەن شاپىدىخان»، «پادىشاھ بىلەن تاياخون» قاتارلىق ئويۇنلاردىن ئىبارەت بولۇپ، مەشرەپ سورۇنلىرىدا خەلق قىزىقچىلىرىنىڭ رول ئېلىشى ئارقىلىق ئوينىلىدۇ. بۇ ئويۇنلارنىڭ مەزمۇنلىرى ناھايىتى ئۇزاق تارىخى ئوبرازلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، بۇنىڭدىن دولان مەشرەپىدىكى ئوينىلىپ كېلىۋاتقان تىياتىر-كومېدىيىلەرنىڭ بەك ئۇزاق تارىخقا ئىگە ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

ئات ئۇسسۇلى

بۇ ئويۇننى مەشرەپ سورۇنىدا پەقەت بىرلا كىشى ئورۇندايدۇ. ئۇ. ياغاچنى جۇۋا بىلەن بىقالىلاپ ئاتقا ئوخشىتىپ، ئۆزى جۇددى بىر ئادەم ئاتنى مىنىپ كېتىۋاتقاندەك شەكىلگە كىرىدۇ. ئات مىنگۈچى بىر قولىدا تىزگىننى تۇتۇپ، بىر قولىدا نەغمە رىتىمىگە ئاساسەن ئۇسسۇل ئويناپ ماڭىدۇ. ئات يېڭى كۆندۈرۈلگەن تۇسۇن قىيابەتتە بولۇپ، مەشرەپ سەھنىسىدە تۇرۇپ-تۇرۇپلا دۈيلۈپ ئادەمنى ئاتماقچى بولىدۇ. ئادەم غالىپ كېلىپ، ئاتنى يىقىلماي ئولتۇرىدۇ. ئات، تەدرىجىي ياۋاشلىشىدۇ. ئات دۈيلۈپ شىللاڭ ئاتقىلى تۇرغاندا نەغمىكەشلەر ئات توغرىسىدىكى بېيىتلەردىن:

ئاتىم ئويناپ سۇندۇردى،
قوش باشى ئېگەرىمنى.
ئەمدى ئېيتمىسام بولماس،
ئىچىمدىكى دەردىمنى.

دەپ غەزەل ئوقۇشقا باشلايدۇ.

«ئات ئۇسسۇلى» ئەسلىدە ئات كۆندۈرۈش ئۇسسۇلى بولۇپ، بۇ ئويۇندا ئىپتىدائىي دەۋرلەردىكى ياۋايى ھايۋانلارنى كۆندۈرۈپ، ئۆي ھايۋانلىرىغا ئايلاندۇرۇش ئەمگىكىنىڭ ئوبرازلىرى يارىتىلىدۇ.

غاز ئۇسسۇلى

غاز ئۇسسۇلىنى بىر نەپەر ئارتىس ئورۇندايدۇ. ئارتىس جۇۋىنى تەتۈر كىيىپ، بىر قولىغا ئورغاقنى تۇتۇپ جۇۋىنىڭ بىكىدىن ئۆتكۈزۈپ غازنىڭ بويىنىدەك ئەگرى ھالەتنى شەكىللەندۈرىدۇ.

بىر پارچە قىزىل لاتىنى توگۆپ جۇۋىنىڭ يەك ئۇچىدىن چىقىرىپ، غازىنىڭ تۇمشۇقىغا ئوخشىتىدۇ. ئاندىن كېيىن تىزلىنىپ مىڭىپ مۇزىكا رىتىمىگە تەڭكەش قىلىپ گاھىدا دومبىسىنى چوقلاپ پىتلىنىپ قويۇپ. گاھىدا ئۇسسۇل ئويناپ كۆپچىلىكنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈشكە باشلايدۇ. تەدرىجىي ئادەملەرگە تېخمۇ يېقىنلىشىپ ئويناىدۇ. كىشىلەرنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ ئادەملەرگە بىر-بىرلەپ نەزەر سېلىپ، كېرىلىپ سەت ئولتۇرغان كىشىلەرنىڭ چاتىرىقىغا تۇمشۇقىنى سوزۇپ خىرىس قىلىپ قويىدۇ. بەزىدە كىشىلەر ئارىسىدىكى يېقىمسىز، غەلىتە كىيىنگەنلەرنىڭ قاملاشمىغان جايلىرىنى چوقۇپ قويىدۇ. غەمكىن ئولتۇرغان، ئۇگدەپ قالغانلارنىمۇ چوقۇپ، بىردەم كۈلكە پەيدا قىلغاندىن كېيىن، نىقابنى سەھنىنىڭ ئۆزىدىلا ئېلىۋېتىپ مەيداندىن چىقىپ كېتىدۇ.

بۇ ئويۇندا، ياۋا قۇشلارنى تۇتۇپ كۆندۈرۈش بىلەن ئادەملەرگە يېقىنلاشتۇرۇپ، ئۆي قۇشلىرىغا ئايلاندۇرۇشتەك تارىخىي مەزمۇنلار ئىپادىلىنىدۇ.

تۆگە ئۇسسۇلى

تۆگە ئۇسسۇلىدا تۆت ئادەم رول ئالىدۇ. ئىككى ئادەم تۆگىنىڭ رولىنى ئالىدۇ. بىر ئادەم مىنىدۇ. بىر ئادەم يېتىلەيدۇ. تۆگە مۇزىكا رىتىمىگە ماسلىشىپ ئۇسسۇلغا كەلتۈرۈپ دەسسەپ ماڭىدۇ. ئۇسسۇل داۋامىدا تۆگە ئېگىزگە بويۇنداش، يەرگە تەلپۈنۈش، ئەتراپلىرىغا قاراپ جورا ئىزدەش، ئەركىنلىك ئىزدەپ مىنگۈچىنى يىقىتىشقا ئۇرۇنۇش ھەرىكىتىنى ئورۇنداش، بارا-بارا ياۋاشلاپ ئىگىسىگە مېھرىبانلىق كۆرسىتىپ، ئۇنىڭ مىنىشىگە شارائىت يارىتىپ بېرىش قاتارلىق ھەرىكەتلەرنى ئورۇندايدۇ. تۆگىچى (كارۋان) تۆگىگە مىنگەندىن كېيىن. يىراق يولغا سەپەر قىلىدۇ (بۇنى تۆگىگە مىنگۈچى ئىككى قولىقىنى تۇتۇپ تۇرۇپ مۇقام ياكى ھۆكمەت توۋلاش بىلەن ئىپادىلەيدۇ). ئۇنىڭ تېكىستلىرىگە:

www.uyghurkitap.com

ئايا دوستلار ئاخۇنۇمنى،
ئاق باينالغا مىنگەشتۈردۈم.
كېچە قوپۇپ قىين ئانامنىڭ
كۆشەكىنى سىلاشتۇردۇم.

دېگەنلەرنى سىلىپ، تاماشىبىنلارنى كۈلدۈرىدۇ. ئاساسلىقى مەسخىرە قوشاقلىرىنى كۆپرەك ئېيتىدۇ.

بۇ ئويۇننىڭ مەزمۇنىدا، تۆگە ياۋاش ھەم چىدامليق ھايۋان بولغاچقا، ئادەملەر ئۇنى ئەڭ بۇرۇن تۇتۇپ كۆندۈرۈپ، ئىپتىدائىي قاتناش ۋاستىسى قىلغانلىقى ئىپادىلىنىدۇ.

ئېگىز بولۇڭ موللام

بۇ ئويۇن بىر كىشى تەرىپىدىن ئورۇندىلىدۇ. ئارتىس قولىغا ياغاچ تۇتۇپ، ئۇنىڭغا ئۇزۇن كىيىم كىيدۈرۈپ كۆتەرسە ئۇزىرايدىغان، پەسەيتسە قىسقىرايدىغان ھالەتنى شەكىللەندۈرىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن نەغمىنىڭ رىتىمگە ۋە غەزەل تېكىستىنىڭ مەزمۇنىغا ئاساسەن ئۇسسۇلغا چۈشىدۇ. غەزەل تېكىستلىرى بۇيرۇق شەكلىدە بولۇپ:

ئېگىز بولۇڭ موللام-ئېگىز بولۇڭ.

دېگەندە، موللام تۆپىگە ئېگىزلەپ ئىككى ئادەم بويى ئۇزىرايدۇ.

قىسقا بولۇڭ موللام-قىسقا بولۇڭ.

دېگەندە موللام بارغانسېرى قىسقىراپ پاكار ئادەم شەكلىگە كېلىدۇ.
نەغمىكەشلەر نەغمە بىلەن غەزىلىنى داۋاملاشتۇرۇپ:

كۈلۈپ تۇرۇپ ئويناڭ، كۈلۈپ تۇرۇپ،
يىغلاپ تۇرۇپ ئويناڭ، يىغلاپ تۇرۇپ.
ئىچىڭىزگە تولغان دەردنى قويماي،
سۆزلەپ بېرىپ ئويناڭ سۆزلەپ تۇرۇپ.

قويماق بېرەي موللام، چايناپ بېرىڭ،
نەزىر بېرەي موللام، «دۇئا» قىپ بېرىڭ.

ياۋاش بولۇڭ موللام گېدىيىۋالماي،
ئۇسسۇل ئويناپ موللام، ئېغناپ بېرىڭ.

دەپ، موللامغا بۇيرۇق بېرىدۇ. نەغمىگەش نېمىدېگەن بولسا، موللام شۇنى قىلىدۇ. بۇنىڭدا، موللام بىلەن نەزىرىنىڭ مۇناسىۋىتى تەسۋىرلىنىدۇ. ئۇنىڭ ھەرىكىتى ناھايىتى كۈلكىلىك بولۇپ، نەزىرىنىڭ گېپىنى ئاڭلىغان ھامان ھەممە بۇيرۇقنى ئورۇندايدۇ.

غوجالدىرىۋاق

« غوجالدىرىۋاق » دېگەن سۆز، جۇل-جۇل كىيىملىك، جەپىرە، جونداق دېگەن بولىدۇ. بەزىلەر بۇ ھەقتە تىل مەنىسىدىن ئېيتقاندا يۇقىرىقى جاۋابقا قوشۇلسىمۇ، مەزمۇن جەھەتتىن باشقىچە قاراشتا بولۇپ، « غوجالدىرىۋاق » دېگەن « خوجا بولاي دېسەڭ جاندارمالنى باق » دېگەن سۆزدىن كېلىپ چىققان، مال باققۇچىنىڭ تەقى-تۇرقى غوجالدىرىۋاق بولۇپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، ئاۋۋالقى نام ئىستېمالدىن قېلىپ چارۋىچىنىڭ تۇرمۇشىغا ئىنتايىن ماس كېلىدىغان « غوجالدىرىۋاق » دېگەن نام مۇقىملىشىپ قالغان دېگەن قاراشتا بولۇپ كەلگەن. مېنىڭچە يۇقىرىقى ھەر ئىككى نام مەزمۇن ۋە شەكىل جەھەتتىن بىر-بىرىنى تولۇقلايدۇ. بۇ ناملارنى بىرلەشتۈرۈپ تەھلىل قىلغاندىلا، غوجالدىرىۋاق ئۇسسۇلىنىڭ مەنىسى ۋە مەزمۇنىنى تېخىمۇ ئېنىق بىلگىلى بولىدۇ.

غوجالدىرىۋاق ئۇسسۇلى چارۋىچىلىق ئۇسسۇلى بولۇپ، ئۇيغۇر رايونلىرىغا كەڭ تارقالغان بىلەن، ئەسلىدە بۇ ئۇسسۇل دولانلىقلار تەرىپىدىن ئىجاد قىلىنغان. غوجالدىرىۋاق ئۇسسۇلىنىڭ ئۆزىگە خاس مەخسۇس ناخشا تېكستلىرى بار. ئۇنىڭ مەزمۇنلىرى بۇ ئۇسسۇلنىڭ دولانلىقلار تەرىپىدىن ئىجاد قىلىنغانلىقىنى شەك-شۈبھىسىز ئىسپاتلاپ تۇرىدۇ. شەكىل جەھەتتىن رول ئالغۇچى كىشى تۇماق ۋە جۇۋىنى تەتۈر كىيىپ، جاڭگالدا يۈرۈپ چاتقاللىقتا كىيىملىرى جۇل-جۇل

يىرتىلىپ كەتكەن مالچى قىياپىتىگە كىرىدۇ. بەللىرىنى شوينىدا باغلاپ، بىر يېنىغا سۇ ئالىدىغان قاپاقنى، بىر يېنىغا ئاماقيەيدىغان چۆچىكىنى ئاسىدۇ. قولىغا مالچىغا ئوخشىتىپ بىر ھاسىنى ئالىدۇ. ئاندىن كېيىن ئۇ، نەغمە رىتىمىگە ئاساسەن ئۇسسۇلغا چۈشىدۇ. نەغمىكەشلەر غوجالدىرىۋاق پەدىسىگە نەغمە باشلاپ:

غوجالدىرىۋاقا - غوجالدىرىۋاق،
بىر ئېتىزنى تېرىساڭ بىر ئېتىزى ئاق.
كەينىڭگە باقماي ئالدىڭغا باق،
نەللىك - ئاتمىش قوي ئېلىپ يەكەن دەرياسىدا باق.

غوجالدىرىۋاقا - غوجالدىرىۋاق،
قىرىغاندا چوكان ئېلىپ كىندىكىڭگە ياق.
ئارقاڭغا باقماي ئالدىڭغا باق،
بار پۇلۇڭغا قوي ئېلىپ يەكەن دەرياسىدا باق.

غوجالدىرىۋاقا - غوجالدىرىۋاق،
قىرىغاندا قىز ئالساڭ تېنىڭ بولۇر ساق.
قىرىسىغا يولۇقساڭ تاشلاپ قېچىپ باق،
قويلىرىڭنى ئايرىپ يەكەن دەرياسىدا باق.

دېگەن مەزمۇندا بىر يۈرۈش ناھايىتى كۆپ تېكىستلەرنى ئوقۇيدۇ. بۇ تېكىستلەرنىڭ مەزمۇنلىرىدا، دولانلىقلار ياشاپ ئۆتكەن قەدىمكى دىيارنىڭ جۇغراپىيىلىك نامى ۋە ئۇنىڭ ئىجتىمائىي ئەۋزەللىكى، دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىق قاتارلىق ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋىتى، ئەمگەك ۋە ئىجتىمائىي تارىخىي ھادىسىلەر روشەن ئىپادىلەنگەن.

دولانلىقلار قەدىمكى زامانلاردا يەكەن دەرياسى قاتارلىق دەريالارنىڭ كەلكۈن سۇلىرىدىن پايدىلىنىپ دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىق ئەمگىكى بىلەن شۇغۇللىناتتى. بۇ جايلارنىڭ جۇغراپىيىلىك ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن. پات-پات قۇرغاقچىلىق ئاپىتى يۈز بېرىپ

تۇراتتى. مۇشۇنداق تۇرمۇش شارائىتىدا چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىش پايدىلىق ئىدى. يەكەن دەريا ۋادىسى چارۋا بېقىشقا ئەڭ ئەپلىك، پايانسىز يايلاق بولغاچقا، غەزەل تېكىستىدە، يەر تېرىش مۇمكىن بولمىغاندا مال بېقىش بىلەن شۇغۇللىنىشنىڭ ياخشى تۇرمۇش يولى ئىكەنلىكى، ھوشيارلىق، خاتىرجەملىك، تۇرمۇش لەززىتى قاتارلىقلار تەسۋىرلەنگەن.

«غوجالدىرىۋاق» تېكىستىدە تەسۋىرلەنگەن بۇ جايلار ھەقىقەتەنمۇ چارۋىچىلىققا ناھايىتى باب جايلار بولۇپ، ھازىرغا قەدەر يەكەن دەرياسىنىڭ ۋادىلىرى دولان رايونلىرىدىن ئاۋات. مارالبېشى ناھىيىلىرىنىڭ ئىلكىدە مۇھىم چارۋىچىلىق رايونى بولۇپ كەلمەكتە.

بوۋاي بىلەن دوغۇر

بۇ ئۆيۈن بىر گۇرۇپپا ياكى ئۇنىڭدىنمۇ كۆپرەك كىشىلەر رول ئالىدىغان سىستېمىلىق خەلق تىياترىدىن ئىبارەت بولۇپ، خەلق رىۋايىتى ئاساسىدا ئويلىنىدۇ. ئۇنىڭ مەزمۇنى توغرىسىدا رىۋايەت قىلىنىشىچە، قەدىمكى زامانلاردا بىر بوۋاي بىلەن مومايىنىڭ پەقەت بىرلا ئوغلى بار ئىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇلارنىڭ ئوغلى ئۆيدىن كۆڭلى ئاغرىپ ئىز-دېرەكسىز يوقاپ كېتىپتۇ. ئەر-خوتۇن ئىككىسى ئوغلىنىڭ پىراقىدا يىغلاپ بۇرۇپ بارمىغان يېرى قالماپتۇ. كۈندىن-كۈن ئۆتۈپ، ئايدىن-ئاي، يىلدىن-يىل ئۆتۈپ، بۇلار قېرىپ، بىر جۈپ بوۋاي بىلەن موماي ئايلىنىپ كېتىپتۇ. شۇنداقتىمۇ ئىزدەشنى داۋاملاشتۇرۇپ كېتىۋاتسا، بىر يەردە نەغمە-ناۋانىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ. قارىسا بۇ، دولانلىقلارنىڭ شەھىرى ئىكەن. بوۋاي بىلەن موماي «ئوغلىمىز نەغمە ساداسى كەلگەن جايدا بارمىكىن» دەپ ئويلاپ ئۇ يەرگە بارسا، بىر ئۆيدە مەشرەپ بولۇۋېتىپتۇ. بۇلار «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم» دەپ مەشرەپكە كىرىپ، كۆپچىلىكتىن:

— جامائەت، مېنىڭ بىر ئوغلۇم يوقاپ كېتىۋىدى، ئاراڭلارغا كىرىپ قالدىمىكىن، — دەپ سورىغانىكەن، كۆپچىلىك ئۇنىڭغا ئوغلىنى كۆرسىتىپ قويۇپتۇ. بوۋاي خۇشاللىقىدا ئوغلى بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈپتۇ. موماي بىلەن بوۋاي دۈمچىيىپ يۈرۈپ ئۇسسۇل ئويناپ تەنتەنە قىپتۇ.

«بوۋاي بىلەن دوغۇر» ئۇسسۇلىدا مۇشۇ چۆچەك سەھنىلەشتۈرۈلگەن بولۇپ، بىر كىشى ئۆزىگە گىرىم قىلىپ، دۈمچىيىپ كەتكەن قېرى بوۋاي شەكلىگە كىرىدۇ. يەنە بىر ئەر، ئايالچە كىيىم كىيىپ دۈمچەك قېرى مومايىنىڭ شەكلىگە كىرىدۇ. تاماشىبىنلار ئۇلاردىن بىخەۋەر مەشرەپ ئوينىغىلى تۇرغاندا تۇيۇقسىزلا ئىشىكتىن بىر بوۋاي بىلەن موماي كىرىپ كېلىدۇ. بوۋاي كۆپچىلىككە مۇراجىئەت قىلىپ:

— ۋاي جامائەت! مەن بولسام ناھايىتى يىراق شەھەردىن كەلدىم. بىر ئوغلۇم بار ئىدى، ئۆيدىن يامانلاپ چىقىپ كەتتى، ئاراڭلارغا كەلدىمىكىن دەپ ئىزدەپ كېلىۋىدىم! — دەيدۇ، يەنە بىر نەپەر رول ئالغۇچى كۆپچىلىكنىڭ ئارىسىغا كىرىپ ئولتۇرۇپ:

— ئۆزىڭىز نەدىن كەلدىڭىز؟ — دەيدۇ. بوۋاي:

— بۇخارادىن — دەپ جاۋاب بېرىدۇ. سورىغۇچى:

— بۇخارادا قوناق قانداق باش ئالدى، كېۋەز قانداق ئېچىلدى؟ — دەپ سورايدۇ. بوۋاي ئۇنىڭغا قوناقنىڭ بېشى بىلەن كېۋەزنىڭ ئېچىلىشىنى مەلۇم ئوخشىتىش ئارقىلىق جاۋاب بېرىپ، مەشرەپتە قاتتىق كۈلكە پەيدا قىلىۋېتىدۇ.

بوۋايدىن:

— ئوغلىڭىزنىڭ ئىسمى نېمە؟ — دەپ سورايدۇ.

بوۋاي:

— ئوغلۇمنىڭ ئېتى «دوغۇر» ئىدى — دەيدۇ.

— ئۇنداق بولسا، توۋلاپ بېقىڭ — دېگەندىن كېيىن، بوۋاي قۇلىقىنى تۇتۇپ تۇرۇپ:

— ۋاي!... ئوغلۇم دوغۇر... — دەپ ئىككى-ئۈچ قېتىم چىنىڭ

نارىچە تونۇلايدۇ. بىركەمدە يەنە بىر رول ئالغۇچى بىر بۆلۈكىدىن قويۇپ:

— ۋاي ئاتا، مانا مەن — دەپ يۈگۈرۈپ كېلىپ، بوۋاي بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈپ، ئىككى يانغا قايرىلىپ، سەكرەپ، چۆرگىلەپ ئۇسسۇل ئويناشقا باشلايدۇ. ئۇسسۇلدىن كېيىن بوۋاي ئوغلىغا قاپىيىلىك، بىرقەدەر يالىڭاچ سۆزلەر بىلەن نەسىھەت قىلىپ، سورۇندا قاتتىق كۈلكە پەيدا قىلىدۇ. ئارقىدىن بوۋاي بىلەن موماي ئۇسسۇلغا چۈشۈپ، دولان مەشرىپىنىڭ ئالدىنقى باسقۇچلىرىنى ئوينىمايلا ئاخىردىكى «سېرىلما» باسقۇچىنى ئويناپ، ئۆز خۇشاللىقلىرىنى بىلدۈرىدۇ. ئۇندىن كېيىن بوۋاي بىلەن موماي كۆيۈمچانلىق بىلەن خوشلىشىپ چىقىپ كېتىدۇ.

بوۋاي بىلەن شاپىدىخان

بۇ ئويۇندا ئۈچ ئادەم رول ئالىدۇ. بۇلاردىن بىرى ئاياللىچە كىيىم كىيىپ ياسىنىدۇ. ئويۇننىڭ مەزمۇنى خەلق چۆچەكلىرىنى ئاساس قىلغان بولۇپ، بىر قېرى بوۋاي ناھايىتى گۈزەل بىر قىزنى خوتۇنلۇققا ئالىدۇ. بوۋاي خوتۇنىنى باشلاپ بىر مەرىكىگە ئاپارسا، بۇ خوتۇنغا باشقىلارنىڭ كۆزى چۈشۈپ، ئېلىپ قاچىدۇ. بوۋاي ئاجىزلىقىدا ھېچ ئىشقا قىزدىرىشتا يەنە يىغلاپ يۈرگەندە، كۆيۈمچانلىق ئۇنىڭغا ھەمكارلىشىپ، خوتۇنىنى تېپىپ بېرىدۇ. ئەر-خوتۇن بىر يەرگە جەم بولغاندىن كېيىن، خۇشاللىقتا مۇڭىسىنى-مۇڭىسىغا تىرەپ ئۇسسۇلغا چۈشىدۇ.

ئىككى خوتۇن ئېلىپ بېرىش

بۇ ئويۇندا ئۈچ ئادەم رول ئالىدۇ. ئىككى كىشى ئاياللىچە كىيىنىدۇ، بىر ئەر كىشى ئەخلاقسىز، خوتۇنپەرەس، شاللاق بىر

ئادەمنىڭ رولىنى ئالىدۇ. ئۇ ئادەم ئاچكۆزلىكىدىن بىر قىسمىدا ئىككى خوتۇن ئالىدۇ. بۇ خوتۇنلارنىڭ مىجەزىمۇ ئىبرىگە ئوخشاش بولۇپ، ئىككى خوتۇن بىر ئەرنى تالىششقا باشلايدۇ. خوتۇنلار ئەرنى تالىشىش داۋامىدا ئەرنىڭ قەيىرى كەلسە شۇ يەردىن تۇتۇپ ئۆزىگە تارتىپ، ئەرنى ئىككى خوتۇن ئالغانغا تويغۇزۇۋېتىدۇ. بۇ ئارقىلىق يامان ئادەتلەرگە قاتتىق زەربە بېرىدۇ.

باخشى بىلەن كىسەل

بۇ ئويۇن بىر باخشى، بىر كىسەل، ئۈچ دايكەش جەمئىي بەش رول ئالغۇچى تەرىپىدىن ئورۇندىلىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئەرلەر بولۇپ، بىرى ئايالچە كىيىنىپ، كىسەلنىڭ رولىنى ئالىدۇ. بەيارلىق پۈتكەندىن كىيىن، بىر تال ئارغامچىنى يەردىن تورۇسقا تارتىپ تۇغ قىلىدۇ. كىسەل بولغۇچى كىشى تۇغنى تۇتۇپ، پىرە ئويۇندىكى كىسەللەر قىلىدىغان ھەركەتلەرنىڭ ھەممىسىنى تەينەن دورايدۇ. باخشى بولغۇچى كىشى كىسەلگە دۇئا ئوقۇشقا، جىنلارنى چاقىرىشقا، ئۇنى تۇتۇپ باغلاشقا باشلايدۇ. ئۇ خەنجىرنى كىسەلنىڭ ئۇ يەر-بۇ يېرىگە ۋە مۇھىم يەرلىرىگە چوقۇپ، ئوسال قىلىقلارنى قىلىشقا باشلايدۇ. كىسەل خوتۇنمۇ باخشىنىڭ ھەرىكىتىگە ماسلىشىپ قاش-كۆزلىرىنى ئوينىتىشقا باشلايدۇ. بۇ چاغدا دايكەشلەر غەزەلگە خەلق قوشاقلىرىدىن:

باخشىنىڭ قولىدا تۇتقان
قەلەي پىچاق-خەنجەرى بار.
تارتىدۇ تامغا زىياندىش،
كۆڭلىدە بىر خىيالى بار.

ئەجەبمۇ نولا ئىكەن
باخشىلارنىڭ پىرىسى.

پېرى قىلدۇرغان خېنىمنىڭ،
كېچىسى بار ھېلىسى.

كېسەلگە شىپا دەيدۇ،
باخشى قىلغان پېرىنى.
باغلايدۇ زىياندا شىنى،
ئۇخلىتىدۇ ئېرىنى.

پېرە قىلدۇرغان خېنىملار
يامىشىۋاپتۇ جىگدىگە.
باخشى خەنجەر تەڭلىگەندە
چاپلىشىۋاپتۇ ئېرىگە.

ئاق ئۆچكىنىڭ تېرىسى.
كۆك ئۆچكىنىڭ تېرىسى.
نېمە ئۈچۈن يوقالمايدۇ،
باخشى كاپىر پېرىسى.

باخشى تۇتمەن دەيدۇ
ئادەم تېنىدە جىننى.
ئايەتنى تەتۈر ئوقۇپ
بۇزىۋاتىدۇ دىننى.

باخشىلارنىڭ ئايىتى
شامەن-شومەن ئەرىمى.
كېسەل بىلەن ئىشى يوق،
ئاق تەڭگىدە جېدىلى.

دېگەن تېكىستلەرنى سېلىپ، باخشى بىلەن كېسەل بولۇۋالغان

خوتۇنلارنىڭ ھىيلە-مىكرلىرىنى، ئېرىنىڭ ئەخمەقلىقىنى قاتتىق تەنقىد قىلىپ، يۈز بېرىدىغان ئىشلارنى پاش قىلىدۇ. بۇ ئويۇندا ئېيتىلىدىغان غەزەل تېكىستلىرى مەزمۇنلۇق، ئاڭلاشقا قىزىقارلىق. ھەرىكەتلىرى كۈلكىلىك بولۇپ، كىشىلەرگە تەربىيىۋى رول ئوينايدۇ.

«شاھ بىلەن تاياخۇن»

بۇ ئويۇن مارالبېشى ناھىيىسىدە كەڭ تارقالغان بولۇپ، ئىككى-ئۈچ ئادەم رول ئالىدۇ. بۇلاردىن بىرى پادىشاھ، بىرى چاپارمەن، بىرى يوقىرا بولىدۇ. پادىشاھ يوقىرادىن سوئال سورايدۇ. چاپارمەن قولىغا بىر تال تاياقنى ئېلىپ، تاياخۇن جاۋاب بېرەلمىسە ئۇرۇش ئۈچۈن دىۋەيلەپ تۇرىدۇ ۋە پادىشاھنىڭ ھەر بىر سوئالىنىڭ ئاخىرىدا «دوس!...» دەپ، «دوس» تارتىپ بېرىدۇ. سوئال-جاۋابلار مۇنداق تەرىقىدە بولىدۇ:

پادىشاھ:

— تاياخۇن! — دەپ توۋلايدۇ. تاياخۇن:

— خوش، — دەپ شاھنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئۆرە تۇرىدۇ. پادىشاھ:

— مەن سەندىن سوئال سورايمەن، جاۋاب بېرەلەمسەن؟ — دەپ سورايدۇ. تاياخۇن:

— تەقسىر، ئاشۇرۇۋېتىمەن — دەپ جىم تۇرىدۇ. پادىشاھ سوئالنى داۋاملاشتۇرىدۇ:

ئالتە كەيتەرگە يەتتە كوۋۇك،
يازدا ياتقانغا قىشتا ئوۋۇك.
يازدا ئىشلىگەننىڭ تۈگىمەس ئىشى.
سايىدا ئوخلىغاننىڭ ئېچىنۇر...

دېگەننىڭ مەنىسى نېمە؟ (كۈلكە)

تاياخۇن:

يازدا ئىشلىسەڭ قىشتا چىشلەيسەن،
يازدا ئۇخلىساڭ يالىڭاچ قىشلايسەن.

دېگەن بولىدۇ.

پادىشاھ:

ھەر ئادەم «ھە» دېمىگىچە «ھە» دېيەلمەس،
قابىقان-تۇزاق قويمىغىچە قىرغاۋۇل تۇتقان يېيەلمەس،
مۇشۇ كۈننىڭ قىزلىرى تۇزلەڭلىكتە سىيەلمەس،

دېگەن نېمىنى بىلدۈرىدۇ؟ (كۆلكە)

تاياخۇن:

— ھەر ئىشنى قىلمىغىچە قىلغىلى بولماس،
چارە-تەدبىر بولمىسا راھەت كۆرەلمەس.
كالتە كۆڭلەك قىزلارغا ھەرگىز ياراشماس،
تۇزلەڭ ياكى سايلىقتا سىيگىلى، بولماس

دېمەكتۇر.

پادىشاھ:

— ئوغۇل بالا تۇغۇلۇپ، ئوندا ئوغلاق، يىگىرمىدە تۆلكە، ئوتتۇزدا بۆرە، قىرىقتا يولۋاس، ئەللىكتە توخنا، ئاتمىشتا تۇختا، دېگەننىڭ مەنىسى نېمە؟

تاياخۇن:

— ئوغۇل بالا ئونغا كىرگەندە ھەرقانداق كىشىنىڭ مەستلىكىنى كەلتۈرگىدەك ئوماقلىشىدۇ. يىگىرمىگە كىرگەندە قىزلارنىڭ مەستلىكىنى كەلتۈرىدۇ. ئوتتۇزغا كىرگەندە، كۈچ-قۇۋۋەتكە تولىدۇ. قىرىق ياشقا تولغاندا يولۋاستەك كۈچلۈنۈپ، تۈتقانىلا نەرسىنى قومۇرۇۋالىدۇ. ئەللىككە كىرگەندە ئۆزىنى توختىتىپ، ھەر ئىشنى ئويدان ئويلاپ، پۇختا قىلىدىغان بولىدۇ. ئاتمىشقا كىرگەندە ئىبادەتكە قەدەم قويۇپ، ساقال-بۇرۇتىنى قويۇۋېتىدۇ. ساقال-بۇرۇت ئىككىنى تۇختىلاپ، ئېغىزنى تىزگىنلەيدۇ — دەپ جاۋاب بېرىدۇ.

پادىشاھ:

— ئۆلۈپ ئولتۇر، كۆلۈپ ئولتۇر؛ ئۆلۈپمۇ ئولتۇرالمىساڭ، كۆلۈپمۇ ئولتۇرالمىساڭ، ئىككام ئەللىك يەرگە دوڭغايتۇ، دېگەن نېمە؟ —

www.uyghurkitap.com

دەپ سورايدۇ. تاياخۇن جاۋاب بېرىپ:

— ئى ئۇلۇغ شاھىم، ئۆزلىرىدەك ئابرويلۇق، بىر چوڭ ئاخۇنۇم سەپەرگە چىقىپ كۈنلەرنىڭ بىرىدە مارالبېشىدەك چوڭ بىر شەھەرگە كېلىپ كېتىۋاتسا نەرتى قىستاپ كېتىپتۇ-دە، خالاغا كىرىپتۇ. ئىشى پۈتكەندە قارىسا، ئىستىنجا چالمىسى ئالماي كىرگەنىكەن، بىر نەرسە تاپالماپتۇ. ئاخىر ئامالسىزلىقتىن ئىستىنجا چالمىسى ئىزدەپ حالادىن چىقىپ ئىككى كەم ئەللىك يەرگىچە دوڭغويۇپتۇ — دېيىشى بىلەن مەشرەپتە قاتتىق كۈلكە پەيدا قىلىدۇ. پادىشاھ بۇنىڭدىنمۇ تاياخۇننى گەپتە چۈشۈرەلمىگەندىن كېيىن، سوئالنى يەنە داۋاملاشتۇرۇپ سوراشقا باشلايدۇ:

— تاياخۇن!

— خوش.

— بېشىڭىزدا نېمە بار؟

— تاجى دۆلەت بار.

— كۆزىڭىزدە نېمە بار؟

— گۆھىرى زىننەت.

— ئاغزىڭىزدا نېمە بار؟

— كەلىمە شاھادەت.

— قولىڭىزدا نېمە بار؟

— پايى خىزمەت.

— ... دا نېمە بار؟

— پاسكىنا ئىللەت.

بۇ چاغدا مەشرەپتە قاتتىق كۈلكە پەيدا بولىدۇ.

«شاھ بىلەن تاياخۇن» ئويۇنىنىڭ سوئال-جاۋابلىرىدىكى پىكىرلەر ئىنتايىن مول مەزمۇنغا ئىگە بولۇپ، ھورۇنلۇقنى تەنقىدلەپ، ئەمگەكچان بولۇشنى تەشەببۇس قىلىدۇ ھەمدە ئادەملەرنىڭ ئۆزىنى قەدىرلىشىنى، تۇرمۇشنى چۈشىنىشىنى، ئىش-ھەرىكەتتە

جۇرئەتلىك بولۇشنى، چارە-تەدبىرلىك بولۇپ، تۇرمۇشتا خاتىرجەم ئۆتۈشنى قولغا كەلتۈرۈشنى تەشۋىق قىلىدۇ. تۇرمۇشتىكى چاكىنا ئادەتلەرنى قاتتىق مازاق قىلىدۇ. پادىشاھنىڭ سوئاللىرىغا تاياخۇندىن ئىبارەت ئاددىي خەلق ۋەكىلى بولغان پۇقرالار بىرسوبازى كەسكىن جاۋاب بېرىپ، خەلقنىڭ ئەقىل-پاراسىتىنى نامايان قىلىدۇ.

قورچاق ئويۇنى

بۇ ئويۇن مارالبېشى ناھىيىسىنىڭ ئاۋات بازىرىدا ساقلىنىپ كەلگەن. ئۈچ ئادەم رول ئالىدۇ. مەزمۇنى «قېرى قىزنىڭ ئەر ئاللىشى» دىن ئىبارەت بولۇپ، خەلق ماقال-تەمسىللىرىدىن: «قىز قېرىسا قازى بولۇر، كىملا كەلسە رازى بولۇر» دېگەنگە ئاساسەن تەييارلانغان.

بۇ ئويۇندا بىر كىشىنى ياتقۇزۇپ يۈتىغا قىزنىڭ كىيىملىرىنى كىيدۈرۈپ قورچاق ياسايدۇ. بۇ قورچاق قىزنىڭ رولىنى ئالىدۇ. ئىككى يىگىت ئىككى تەرەپكە ئۆتۈپ، قىزدىن سوئال سوراشقا باشلايدۇ. سوئالنىڭ مەزمۇنى:

— ئەرگە تېگەمسىز؟

— تېگىمەن.

— كىمگە تېگىسىز؟

— كىم كەلسە شۇنىڭغا تېگىمەن — دەپ بىر تۇرۇپ ئوڭ تەرەپتىكى يىگىتنىڭ كۆزىگە، بىر تۇرۇپ سول تەرەپتىكى يىگىتنىڭ كۆزىگە تەلپۈنىدۇ. بۇ ئىشتىن ھەر ئىككى يىگىتنىڭ رايى يېنىپ، كەتمەكچى بولىدۇ. بۇ چاغدا قېرى قىز جىنىنىڭ بارىچە ۋارقىراپ:

— ساڭىمۇ تېگىمەن (ئوڭ تەرەپنى كۆرسىتىدۇ)، ساڭىمۇ تېگىمەن (سول تەرەپنى كۆرسىتىدۇ)، دەپ ھەر ئىككىسىگە تېگىشكە رازىلىق بىلدۈرىدۇ. بۇنى كۆرگەن يىگىتلەرنىڭ كەيپى

ئۇچۇپ، قايتماقچى بولۇپ تۇرۇشىغا، قىز قولىنى شۇنداق ئۇزارتىپلا بىر يىگىتنىڭ بويىنىغا گىرە سېلىۋالدۇ-دە، جىنىنىڭ بارىچە تووۋلاپ:

— نەگە بارىسەن، ساڭا تېگىمەن، قورسۇقۇمدا بالام بار، دادىسى سەن — دەپ ئېسىلىۋالدۇ. بۇنى ئاڭلاپ بىچارە يىگىت قورقىنىدىن نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي، شۇ جايدىلا ئولتۇرۇپ قالدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئىجتىمائىي ئەخلاقتىكى ناچار ئىللەتلەرگە جانلىق ھەرىكەت بىلەن تەنقىد بېرىدۇ. بۇ ئويۇن مەشرەپتە ھەم كۈلكە پەيدا قىلىدۇ ھەم ئادەملەرگە تەربىيە كۆرسىتىدۇ. بۇلاردىن باشقا، ھەر قايسى جايلاردا، شۇ جاينىڭ ئۆرپ-ئادىتى، مىللىي ئالاھىدىلىكى ۋە يەرلىك ۋەقەلىكلەرگە ئاساسەن مەشرەپ سورۇنىدا ئويناپ كەلگەن ئويۇن شەكىللىرى بار. بىر كىشى تەرىپىدىن ئورۇندىلىدىغان «خەت ئوقۇش» ئويۇنى دەيدىغان بىر ئويۇنمۇ داۋاملىشىپ كەلگەن. بۇ ئويۇندا «خەت ئوقۇغۇچى» مەشرەپ سورۇنىنىڭ ئوتتۇرىغا كىرىپ ئۆرە تۇرۇپ، بېلىدىكى بەلباغنى يېشىپ قېتىنى ئېچىپ تۇرۇپ، ئۆزى توقۇغان ياكى يادلىۋالغان قوشاقلىرىنى ئوقۇشقا باشلايدۇ. ھېچ بولمىغاندا قوشاقنىڭ سانى 100 كۇپلېتتىن ئاشىدۇ. ئۇنىڭ مەزمۇنى كۆپ خىل بولۇپ، جەمئىيەتتىكى ئېزىش-ئېزىلىش، ساختىپەزلىك-كاززاپلىق، سەممىيەتسىزلىك، جازانىخورلۇق، پارىخورلۇق، ئەخلاقسىزلىق، بۇزۇقلۇق قاتارلىقلارنى قوشاق بىلەن ئىپادىلەپ، يامان ئىش، يامان ھەرىكەتلەرنى قاتتىق قامچىلايدۇ. قوشاق مەزمۇنلىرى شۇ مەھەللە ياكى شۇ يۇرتتىكى يۈز بېرىۋاتقان ئىشلارغا ناھايىتى ئوخشاپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، بۇنىڭ تەربىيىۋى ئەھمىيىتى ئىنتايىن زور بولىدۇ. كىشىلەر ئۇنىڭ ئوقۇغان قوشاقلىرىنى قىزىقىپ ئاڭلاشتىن باشقا، يادلىۋالىدۇ. خەت ئوقۇش قوشاقلىرى پات پۇرسەتتە خەلق ئىچىگە تارقىلىپ، خەلق فولكلور خەزىنىسىنى بېيىتىدۇ.

www.uyghurkitap.com

« خەت ئوقۇش» ئويۇنغا ماھىر ئاۋات ناھىيىسىنىڭ ئايكۆل كەنتىدە ئىمىن موللام دېگەن بىر كىشى ئۆتكەن (1870 ــ 1945) بولۇپ، ئۇ، مەشرەپلەردە «خەت ئوقۇش» ئويۇنىدا رول ئېلىپ، ئۆچمەس نام قالدۇرغان. ئۇنىڭ قوشاقلىرى خەلق ئىچىگە كەڭ تارقالغان بولۇپ، ئۇنىڭ قوشاقلىرىنىڭ بىر قىسمى ھازىرغا قەدەر «خەت ئوقۇش» ئويۇنىدا ئۆرنەك بولۇپ كەلگەن.

دولان مەشرىپى ھەرقايسى جايلارنىڭ ئۆز ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن بۇنىڭدىنمۇ كۆپ كومېدىيىلىك ئويۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. تېخى قېزىپ تېپىلمىغان ئەڭ ئەھمىيەتلىك سەنئەت شەكىللىرىنىڭ بولۇشىدا شەك يوق. خىلمۇخىل تەقلىد ئويۇنلارمۇ ئاز ئەمەس.

دولان مەشرىپىدە ئوينىلىدىغان بۇ ئويۇنلار ناھايىتى ئۇزاق تارىخقا ئىگە بولۇپ، دولان مەشرىپىدىكى كومېدىيىلىك ئويۇنلار ھازىرقى زامانىۋى تىياتىرلارنىڭ بارلىققا كېلىشىگە ئاساس ياراتقان. مەشرەپ ئويۇنلىرى خەلقنىڭ ئۆزلىرى تەرىپىدىن ناھايىتى ئاددىي ئۇسۇل بىلەن ئوينالسىمۇ، مەخسۇس كىيىملەرنى كىيىپ، گىرىم قىلىپ، تەييارلانغان سەھنىلەردە ئوينالغان بەزى ئويۇنلاردىن ھەرگىز كەم قالمايدۇ. ئويۇننىڭ دراماتىك دىئالوگى ئاساسىي جەھەتتىن سىر-بىرى بىلەن ئوخشاش.

دولان مەشرىپىدىكى تەقلىد، تىياتىرلارنى دولان مەشرىپىنىڭ يۇقىرى باسقۇچقا كۆتۈرۈلۈشى دەپ ئېيتىش مۇمكىن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بەشىنچى باب

دولان مۇقامچىلىرى

دولان مۇقامچىلىرى دولان مۇقاملىرىنى ساقلاپ كەلگۈچىلەر، داۋاملاشتۇرغۇچىلار ۋە تارقاتقۇچىلاردۇر. ئۇلار ئەجدادلارغا ۋارىسلىق قىلىپ، قائىدىلىك ئۆگىنىپ ھەم تارقىتىش ئارقىلىق كلاسسىك مۇزىكىمىز ئون ئىككى مۇقامنىڭ دۇنياغا كېلىشى ئۈچۈن مۇھىم تۆھپىلەرنى قوشقان. لېكىن دەۋرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن دولان مۇقامچىلىرىدىمۇ مەلۇم ئۆزگىرىشلەر بولغان. بۇنداق ئۆزگىرىش دولان مەشرەپ-مۇقاملىرىدا بولغانلىقى ئۈچۈن. ھەر بىر رايوندىكى ساقلىنىش ئەھۋالىغا ئاساسەن مۇقامچىلارمۇ شۇنىڭ لايىقىدا قالغان. بەزى رايونلاردا دولان مەشرەپ-مۇقاملىرى ۋە مۇقامچىلار تۈگەش يولىغا يۈزلەنگەن. ئاۋات ناھىيىسى دولانلىقلار تەرىپىدىن گۈللەندۈرۈلگەن 500 يىلدىن ئارتۇق تارىخقا ئىگە مۇقام-مەشرەپ ماكانى ئىدى. ھازىر بۇ رايوندا دولان چالغۇلىرىدىن قالۇن، قالۇنچى، غېجەك ۋە غېجەكچى تۈگەپ كەتكەن. غېجەك چالغۇچىلاردىن بىر نەچچىسلا بولسىمۇ، ئۇلار ئىقتىدارىدىن قالغان ياكى ئەلنەغمە بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار بولمىغاچقا، تونۇلمىغان. دولان راۋىبىدىنمۇ بىر نەچچىسلا قالغان، ئەلنەغمىلەردىن تىلغا ئالغۇدەكلىرى ئاز. بۇ رايوندا دولان مەشرىپى ئاساسىي جەھەتتىن تۈگىگەن. يىراق جاڭگالدىكى چارۋىچىلارنىڭ توي مەشرىپىدىن باشقا ھەر يىلى «چاقپەلەك» ئويۇنىدىكى بىرەر

قېتىم ئۆتكۈزۈلگەن مەشرەپنى باشقا چاغلاردا مەشرەپ ئۆتكۈزۈلمەيدۇ. توي-تۆكۈنلەردىمۇ مەشرەپنىڭ ئورنىغا ئۈنئالغۇ قويۇپ قويىدۇ. ئەلنەغمىچىلەر قىس بولغاچقا بىرلاردىمۇ شۇنداق. بولغاندىمۇ ئۈنئالغۇغا ئۇسسۇل ئوينىشىدۇ. مەكىت، مارالبېشى ناھىيىلىرى بۇنىڭدەك ئەمەس. ئۇ جايلاردا بۇرۇنقىدەكلا داۋاملىشىپ كەلمەكتە. بولۇپمۇ مارالبېشى ناھىيىسىدە دولان مەشرىپى بۇرۇنقىدەكلا ساقلىنىپ كەلگەچكە دولان مۇقامچى (ئەلنەغمىچى) لىرىمۇ ناھايىتى كۆپ سانىنى تەشكىل قىلىدۇ. بۇ ناھىيىنىڭ دائىرىسى كەڭ، جۇغراپىيىلىك ئورنى ئارقاق، دولانلىقلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان ھەم نوپۇسى كۆپ جاي بولۇپ، ناھىيە بويىچە بار بولغان 234 مىڭ 859 نەپەر ئۇيغۇر نوپۇسنىڭ مەھەللە، يېزا بولۇپ ئولتۇراقلىشىپ، شالغۇتلاشمىغان دولان نوپۇسى 143 مىڭ 938 نەپەر. باشقا يېزا-كەنتلەردە ئارىلاش ياشاۋاتقان دولان نوپۇسلىرىمۇ 20 مىڭدىن ئاشىدۇ. يەقەت مەھەللە، يېزا بولۇپ ئولتۇراقلاشقان دولان نوپۇسلىرى باشقا دولان رايونلىرىغا سېلىشتۇرغاندا مەكىت ناھىيىسىنىڭ ئومۇمىي ئۇيغۇر نوپۇسىدىن 20 مىڭ 661، ئاۋات ناھىيىسىنىڭ ئومۇمىي ئۇيغۇر نوپۇسىدىن 28 مىڭ 883 نوپۇس ئارتۇق كېلىدۇ. ئاشۇ ئادەملەرنىڭ ھەممىسى مۇقام، مۇزىكىغا (ئەلنەغمىگە) موھتاج. تېخىچە توك ئومۇملاشمىغانلىقتىن ئۈنئالغۇ، تېلېۋىزورنىڭ تەسىرى زور ئەمەس. بۇ ناھىيە خەلقى يەنىلا بۇرۇنقى ئۆرپ-ئادەتلىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن. دولان مەشرىپىنى قەدىرلەيدۇ، كۈندۈزلىرى ئەمگەك قىلسا، ئاخشاملىرى مەشرەپ ئوينايدۇ. مەشرەپسىز توي قىلمايدۇ. شۇڭلاشقا، مەشرەپ ئەلنەغمىچىلەرگە موھتاج بولغانلىقى ئۈچۈن، ھەممە ئادەم ئەلنەغمىچىلەرنى ھۆرمەتلەيدۇ ۋە مۇقام، مۇزىكا ئۆگىنىشكە ھەۋەس قىلىدۇ. مەكىت ناھىيىسىمۇ بۇ ئادەتكە ئورتاق بولۇپ، مارالبېشى ناھىيىسىدىن كۆپ پەرقلەنمىسىمۇ، مارالبېشى ناھىيىسىنىڭ دائىرىسى كەڭ بولغاچقا، نورغۇن ئالاھىدىلىكەر بار. مۇقامچى ۋە

سازەندىلەرنىڭ سانىمۇ باشقا ناھىيىدىكى ئەلنەغمىچىلەردىن بىر نەچچە ھەسسە ئېشىپ كېتىدۇ. بۇ ناھىيىگە قاراشلىق جايلاردىن ئاۋاتنى بىرىنچى مىسال قىلساق، بۇ جاي مارالبېشىنىڭ ئەڭ چەت يېزىلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، ناھىيە بازىرىغا 126 كىلومېتىر كېلىدۇ. ئادەملىرىنىڭ ھەممىسى مۇقامچى، ئۇسسۇلچى دېيىشكە بولىدۇ. مۇقام، مۇزىكا ئۆگىنىشنى كىشىلەر ئۆزىگە پەرز ھېسابلايدۇ. بۇ جايدىكى 3629 ئائىلىلىك كىشىلەردە تۆت قالۇن، 12 دولان غېجىكى، 14 دولان راۋابى، 22 دولان نەغمە دېپى، ئۈچ سۇناي، 11 نەي، 10 نەمبۇر، سەككىز فەشقەر راۋابى، 18 ئىسكىرىپكا، 380 دۇتار، ئىككى ناغرا — جەمئىي 484 چالغۇ، بۇنى چالىدىغان ئوخشاش بولمىغان سەۋىيىدىكى 350 تىن ئارتۇق چالغۇچىلار بار. بۇلارنىڭ كۆپىنچىسى دولان تۆت خىل چالغۇلىرىنىڭ ھەممىسىنى چالالايدۇ. بۇ بازاردا خەلقنىڭ ئۆز ئىچىدىن مەشق قىلىپ تەربىيىلەنگەن بىر داۋازلار گورۇپپىسىمۇ بار. بۇنىڭدا بەش كىشى دارغا چىقالايدۇ. تۆت كىشى كۆپ خىل سىرك بىلىدۇ. بۇلار بىر ئەترەت بولۇپ شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا سەييارە يۈرۈپ ئويۇن كۆرسىتىپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتى.

مەكىت، مارالبېشى ناھىيىلىرىدە دولان مۇقامىنىڭ ھاياتىي كۈچى زور. پەرلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرى دولان خەلقىنىڭ بۇ مىللىي سەنئىتى ۋە سەنئەتكارلىرىغا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىدۇ. مۇقامچى (ئەلنەغمىچى)لار ئىجتىمائىي جەھەتتە مۇئەييەن ھۆرمەتكە ئىگە. شۇ سەۋەبتىن، ئۆگەنگۈچىلەر بىر قەدەر كۆپ بولغاچقا، ھازىرقى بار مۇقامچىلارنىڭ كۆپ سانىنى ياش، ئوتتۇرا ياشلىقلار تەشكىل قىلىدۇ.

دولان ئەلنەغمىسى دولان مەشرەپ-مۇقاملىرىنىڭ ھاياتىي كۈچى. ئەلنەغمە بولىدىكەن، مەشرەپ بولىدۇ. بۇ ھەقتە ئۆزۈمنىڭ بىۋاسىتە تەكشۈرۈپ ئېنىقلىغان ماتېرىياللىرىمغا ئاساسەن، شۇ يېزا ياكى ناھىيىدە نامى بىر قەدەر مەشھۇر بولغان دولان مۇقامچىلىرىنىڭ بىر قىسمىنى كىتابخانلارغا تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمەن.

1. مارالبېشى ناھىيىسىنىڭ دولان يېزىلىرىدىكى مەشھۇر مۇقامچىلار

دۆلەتباغ يېزىسى مۇقامچىلىرى

ھەسەنجان توقسۇپ

دۆلەتباغ يېزىسىنىڭ سېرىقبۇيۇش كەنتىدىن، 50 ياش. دولان مۇقاملىرىدىن: زىل باياۋان، بوم باياۋان، ئەرزال، مۇشاۋىرەك، راك، جۇلا، خۇدەك، ناۋا، سىم باياۋان، دۇگامەت، چۆل بۇيۇك باياۋان، قەمبەرخان سەنەمى قاتارلىق 12 تۈرنى بىلىدۇ. ئۇ، مۇقامنى، داپ ۋە راۋابنى ئاتىسى توقسۇپ سوپىدىن ئۆگەنگەن. يەنە شۇ كەنتتە ئۆتكەن قادىر كىچىكنى ئۇستاز تۇتۇپ، دولان ئون ئىككى مۇقامنى ۋە يەنە بىر قىسىم يەككە باياۋانلارنى ئۆگەنگەن. داۋاملىق ئەلنەغمە بىلەن شۇغۇللىنىپ، مارالبېشى، مەكىت، ئاۋات ناھىيىلىرىگە نۇرغۇن قېتىم تەكلىپ قىلىنىپ. دولان مۇقاملىرىنى دولان رايونلىرىغا كەڭ تارقاتقان. سېرىقبۇيۇش كەنتىدىن راۋابچى تۇردى مەتمىن، ئامانتوغراق 11-كەنتتىن غېجەكچى تۇرسۇن ھېزىم، پىچاق سۇندىدىن قالۇنچى راخمان ئىلى، مارالبېشى بازار ئارا مەھەللىدىكى داپەندى راخمان قاسىم بىلەن بەش كىشى بىر گورۇپپا بولۇپ، مارالبېشى، مەكىت، يوپۇرغا، يەكەن، ئاۋات ناھىيىلىرىنىڭ دولان يېزىلىرىغا بېرىپ نەغمە قىلىپ، خەلق ئىچىدە زور ئاتاققا ئېرىشكەن. بۇلار ھازىرمۇ سەپيارە يۈرۈپ، ئەلنەغمە بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ھەسەنجان توقسۇپ دولان مۇقاملىرىنى بىر قەدەر تولۇق بىلىدىغانلارنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇ بىلگەنلىرىنى ھەمراھلىرىغا ئۆگىتىشنىڭ سىرتىدا، راخمان ئاۋۇت، مەھەممەت راخمان، غوپۇر تۇردى قاتارلىقلارغا ئۆگىتىپ چىققان.

پېشقەدەم مۇقامچى توقسۇپ سوپى

دۆلەتباغ يېزىسىنىڭ سىرىغنۇش كەنتىدىن، 101 ياش، داڭلىق مۇقامچى ۋە راۋابچى. ئۇ ئەجدادلىرىدىن تارتىپ مۇقام، مۇزىكا بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەنلەر بولۇپ، ئاتىسى ھەسەن موللاممۇ ئەينى ۋاقىتتىكى مەشھۇر مۇقامچىلاردىن ئىدى. ئۇ دولان راۋابىنى چېلىشتا داڭ چىقارغان، ئۆز شاگىرتلىرىغا 20 دىن ئارتۇق راۋاب ياساپ تارقىتىپ بېرىپ، ئالەمدىن ئۆتكەن. توقسۇپ سوپى مۇقامنى، راۋاب چېلىشنى، ياساشنى ئاتىسىدىن ئۆگەنگەن. بىلگەن مۇقاملىرىنى ئوغلى ھەسەنجان توقسۇپقا ئۆگەتكەن. 1993- يىلى 2- ئاينىڭ 17- كۈنى مەن ئۇنى زىيارەت قىلغىلى بارغىنىمدا، «مەن بۇ يىل 101 ياشقا كىردىم. مەن ناھايىتى خاتىرجەم. چۈنكى ئاتا- بوۋامدىن قالغان مۇقامنى ئوغلۇم ھەسەنجانغا ئۆگىتىپ بولدۇم» دېدى.

تۇردى مەتنىياز

دۆلەتباغ يېزىسىنىڭ سىرىغنۇش كەنتىدىن، 50 ياش. دولان ئون ئىككى مۇقامىنى دولان راۋابى بىلەن تولۇق ئورۇندىيالايدۇ. مۇقام، مۇزىكا بىلەن شۇغۇللانغىنىغا 40 يىل بولغان. مۇقام ۋە راۋابنى كىچىككىدىنلا ئاتىسى مەتنىيازدىن ئۆگەنگەن. ئۇندىن كېيىن، ئاتىسى ئۇنىڭغا ئۇستاز تەكلىپ قىلىپ، دۆلەتباغ يېزىسىنىڭ «توپا» كەنتىدىن ئىسلام قالۇننى ئۆز ئائىلىسىگە كۆچۈرۈپ كەلگەن، ئۇنىڭ باللىرى بىلەن قوشۇپ تۆت جان ئادەمنى بەش يىل بېقىپ، مەخسۇس تۇردى مەتنىيازغا دولان راۋابى چېلىشنى ئۆگەتكۈزگەن. تۇردى مەتنىيازنىڭ 15 يېشىدىلا دولان راۋابى چېلىشتا داڭقى چىقىشقا باشلىغان. مارالبېشى، مەكىت، ئاۋات قاتارلىق ناھىيىلەردە نەغمە قىلىپ، دولان راۋىبىدا ئالاھىدە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكىرى ئادرېسى

تونۇلغان. ھازىرمۇ، كىشىلەرنىڭ تەكلىپىگە ئاساسەن سەييارە يۈرۈپ ئەلنەغمە بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلمەكتە. ئۇ، ۋارىس قالدۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىپ، ئۆز كەنتىدىن: ئابدۇرېھىم مەھەممەت، مۇھەممەت ئىمىن، چاۋاغدىن ئابدۇۋايىت ئەزىزلەرنى شاگىرتلىققا ئېلىپ مۇقام ۋە دولان راۋىبىنى ئۆگىتىپ چىققان، ھازىر ئۇ، شاگىرت تەربىيلەش بىلەن شۇغۇللانماقتا.

راخمان قاسىم

مارالبېشى ناھىيە بازىرىنىڭ «ئارامەھەللە» دېگەن يېرىدىن (دۆلەتباغ تەرەپتە)، 55 ياش. مۇقامچى، داپ چالدۇ ھەم دولان مەشرەپ دېيى ياساپ تارقىتىدۇ. توغراقنىڭ نوكەشلىردىن قۇم يالىتىپ، ناھايىتى ئېسىل داپلارنى ياسايدۇ، ياسىغان داپلىرىنى مۇقامچىلارغا ھەقسىز تارقىتىپ بېرىدۇ. ئۇ، پۈتۈن ئىشتىياقى بىلەن مۇقامغا بېرىلگەن بولۇپ، ھەر بازار كۈنى مارالبېشى ناھىيىسىدىكى مەشھۇر مۇقامچىلاردىن بىر قانچىنى ئۆيىگە ئايرىپ مېھمان قىلىپ بىر كېچە قوندۇرىدۇ. ئۇلار كېچىچە نەغمە قىلىپ مەشرەپ-تاماشا بىلەن تاڭنى ئاتقۇزۇپ، ئەتىگىنى بىر قېتىم مېھمان بولۇپ ئاندىن كېيىن ئۆيلىرىگە تارقىشىدۇ. ئۇلارنىڭ بۇ ئادىتى ئۇزاق يىللاردىن بېرى داۋاملىشىپ كەلگەچكە، مۇقامچىلار ھەر بازار كۈنى بازاردىن يېنىپ ئۇنىڭ ئۆيىگە ئۆزلۈكىدىن توپلىشىپ بىر كېچە نەغمە-ناۋا بىلەن تۈنەپ، ئىككىنچى كۈنى ئۆيلىرىگە تارقىشىدىغان بولغان. راخمان قاسىم كۆيلىگەن مۇقامچىلار بىلەن تونۇشقانلىقى ئۈچۈن، دولان مۇقاملىرىنى قېزىش ۋە ئېنىقلاش ئىشلىرىدا تەتقىقات خادىملىرىغا يېقىندىن ھەمكارلىشىپ، نۇرغۇن مۇھىم تېمىلار ئۈستىدە يىپ ئۇچى تېپىپ بەرگەن. يول باشلىغان ۋە مۇقامچىلار بىلەن كۆرۈشتۈرۈپ مۇھىم تۆھپە قوشقان. ئۇ، ھەسەنجان توقسۇپ، تۇردى مەتىمىن، راخمان ئېلى، تۇرسۇن

ھېزىم بىلەن بىر گۇروپپا بولۇپ مارالبېشى، ئاۋات ناھىيىلىرىگە بېرىپ نەغمىگە قاتناشقان.

تۇرسۇن ھېزىم

دۆلەتباغ يېزىسىنىڭ ئامانتوغراق 11-كەنتىدىن، 42 ياش. نەي، دولان قىل غېجىكى، دولان راۋابى چالىدۇ. نەي بىلەن غېجەكنى 100 ياشتىن ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈپ ئالەمدىن ئۆتكەن مۇقامچى ۋە سازەندىلەردىن: شاگىرۇك بارات، يۈسۈپ بارات، ئىسراھىم كۆكبېشى قاتارلىقلارنى ئۇستاز تۇتۇپ ئۆگەنگەن. داپنى مۇ شۇلاردىن ئۆگەنگەن. دولان راۋابى چېلىشنى يۈسۈپ مىراپتىن ئۆگەنگەن. ھازىر ئۇ، روزى ئاۋۇتنى شاگىرتلىققا ئېلىپ دولان مۇقاملىرىنى، دولان قىل غېجەكنى تەلەپكە لايىق ئۆگىتىپ چىققان. ئۇستازلىرىدىن ئۆگەنگەن دولان مۇقاملىرىنىڭ ئۇن بىرىنچىسى «چۆل بۈيۈك باياۋان» نى ساقلاپ كەلگەن بولۇپ، ھەسەنجان توقسۇيقا ئۆگىتىپ قويغان. تۇرسۇن ھېزىم ئاساسلىقى غېجەك چېلىش بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. مەشرەپلەردە ھەر خىل قىزىقچىلىق ئويۇنلىرىدا رول ئالىدۇ. 1976-يىلى قەشقەر ۋىلايىتىدە ئۆتكۈزۈلگەن ئەلنەغمە كۆرىكىدە ياخشى باھاغا ئېرىشىپ مۇكاپاتلانغان. ئاقسۇ، ئاۋات، قاراقىرچىن قاتارلىق جايلاردا غېجەك چېلىپ نامى چىققان. 15 تىن ئارتۇق دولان راۋىبى ۋە غېجەك ياساپ ھەۋەسكارلارغا تارقىتىپ بەرگەن.

دولان مۇقام پېشۋاسى ھېزى پوۋان

دۆلەتباغ يېزىسىنىڭ سىرىغۇنۇش كەنتىدىن. 1840-يىلى تۇغۇلۇپ 1930-يىلى 90 يېشىدا قوزغىلاڭدا ئوق تېگىپ كېتىپ ئۆلگەن. ھېزى پوۋان توغرىسىدا ئەل ئىچىدە مۇنداق بىر رىۋايەت ساقلىنىپ

www.uyghurkitap.com

كەلگەن: ئۇ ئادەم ئەتىگەن ئورنىدىن تۇرۇپلا بىر داپنى دۈمبىسىگە تېڭىۋالىدىكەن. قىش-ياز بۇ ئادىتىنى تاشلىماستىن نەگىلا بارسا مۇقام توۋلاپ، نەغمە قىلىپ ئەمگەكچىلەرنىڭ كۆڭلىنى ئاچىدىكەن. ھېزى پوۋان نەدە بولسا، شۇ يەردە مەشرەپ بولىدىكەن. ئەينى چاغلاردىكى مۇقامچىلارنىڭ ھەممىسى ئۇنى «ئۇستاز» ھېسابلايدىكەن. ھېزى پوۋان دولان چالغۇلىرىنىڭ ھەممىسىنى چالىدىكەن، دولان ئون ئىككى مۇقامىنى تولۇق بىلىدىكەن. ئۇ، مۇقام ۋە مۇزىكىنى ئوغلى كىچىك بەگكە ئۆگىتىپ قويغان. كىچىك بەگدىن ئوغلى قادىر كىچىك ئۆگەنگەن. قادىر كىچىكتىن ھەسەنجان توقسۇپ ئۆگەنگەن.

مەھەممەت بارات

دۆلەتباغ يېزىسىنىڭ «تاغئۆستەڭ» 16-كەنتىدىن، 60 ياش. داپ ۋە مۇقامنى شۇ كەنتتە ئۆتكەن مەشھۇر مۇقامچى ئىمىن نەغمە (1880—1960) دىن ئۆگەنگەن. 20 يېشىدىن تارتىپ ھازىرغىچە سەييارە يۈرۈپ ئەلنەغمە بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەن.

قادىر زىماق

قادىر زىماق دۆلەتباغ يېزىسىنىڭ 13-كەنتىدىن، 1891-يىلى تۇغۇلۇپ 1991-يىلى ساق 100 يېشىدا ۋاپات بولغان. ئۆمرىدە 70 يىل راۋاب چېلىپ، مۇقام توۋلاپ خەلقنىڭ ماختىشىغا ئېرىشكەن. تۇرسۇن ھېزىم، روزى ئاۋۇت، ئىدرىس مەھەممەن، مەھەممەت بارات، ئوسمان ئىبراھىم قاتارلىق شاگىرتلارنى يېتىشتۈرگەن. 1957-يىلى قەشقەر ۋىلايىتىدە ئۆتكۈزۈلگەن دولان ئەلنەغمىچىلەر كۆرىكىگە قاتنىشىپ، ۋالىي ئىمنوپنىڭ ماختىشىغا ئېرىشكەن. ۋالىي

ئۇنىڭغا شاھادەتنامە، راۋاب، كۈرۈشكا، رەخت قاتارلىق ماددىي مۇكاپاتلارنى بەرگەن. ئۇنىڭ داڭقى ھەممە جايغا تارقالغان. نامى خەلق ئىچىدە مەشھۇر.

تۇردى پوستەك

تۇردى پوستەك مارالبېشى ناھىيىسىنىڭ دۆلەتباغ يېزىسى سېرىغۇنۇش كەنتىدىن. 1868 ـ يىلى دۇنياغا كېلىپ 1958 ـ يىلى 90 يېشىدا ۋاپات بولغان. پۈتۈن ئۆمرىنى دولان راۋابى چېلىش ۋە راۋاب ياساش بىلەن ئۆتكۈزگەن. ئۆز ھۈنىرىنى ئوغلى غوپۇر تۇردىغا ئۆگەتكەن. ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ھۈنىرىنى ئوغلى غوپۇر تۇردى داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن. تۇردى پوستەك ئۆز ئوغلىدىن باشقا مەرھۇم تۇرەك باچەك، ئابدۇۋايىت ھوشۇر قاتارلىقلارنىمۇ ئوغلى بىلەن بىر قاتاردا تەربىيىلەپ يېتىشتۈرگەن. بۈگۈنكى كۈندە نۇرغۇن راۋابچىلار ئۇنىڭ ياسىغان راۋابلىرىنى قەدىرلەپ چېلىپ كەلمەكتە.

ئىسلام قالۇن

ئىسلام قالۇن، دۆلەتباغ يېزىسىنىڭ توپا كەنتىدىن. 90 ياش. ئۇ، دولان چالغۇلىرىنىڭ ھەر قاندىقىنى چېلىشقا ماھىر بولۇپ، ئۇنىڭدىن ئۆگەندۈق دېگەن مۇقامچى، راۋابچى، قالۇنچى، غىجەكچىلەر 50 تىن ئاشىدۇ. ئۇنىڭ شاگىرتلىرىدىن چاچاڭلىق بىلال قالۇن (1910—1981) تەڭداشسىز قالۇنچى بولۇپ يېتىشىپ چىقىپ، دولان رايونلىرىدا داڭ چىقارغانىدى. ھازىرقى ھايات ياشاپ كېلىۋاتقان قالۇنچىلاردىن كۆپ قىسمى ئىسلام قالۇندىن ئۆگەنگەن بولۇپ، ئۇنى ئۆزلىرىنىڭ پىر ـ ئۇستازى دەپ ئاتاپ كەلمەكتە.

www.uyghurkitap.com

ئاۋات بازىرى مۇقامچىلىرى

مەردان مولام

ئاۋات بازىرىدىن، 90 ياش. سازغا ھەۋەس قىلىپ، ئەمەت غېجەك دېگەن كىشىدىن قالۇن، غېجەك، ئەلنەغمە ئۆگەنگەن. ئۈچ يىل تەلىم ئالغاندىن كېيىن، ئائىلىسىگە قايتىپ غېجەك ياساپ چېلىپ يۈرگەن. دولان مۇقام ۋە باياۋانلىرىنى تىرىشىپ ئۆگەنگەن. دولان غېجىكى ۋە قالۇن چېلىشتا ئاۋات، مارالبېشى، يوپۇرغا، يەكەن ناھىيىلىرىدە نامى مەشھۇر. ئۇنىڭ ئەجدادلىرىنىڭ ھەممىسى مەشھۇر مۇقامچى ۋە سازەندىلەر بولۇپ، تاكى مۇشۇكەمگىچە خەلق ئۇلارنى ئاغزىدىن چۈشۈرمەي رىۋايەت قىلىپ خاتىرىلەپ كەلمەكتە. مەردان موللام ھازىرغىچە ئۈچىنچى بوۋىسى موللا شەھرىدىن قالغان غېجەكنى چېلىپ، خەلقنىڭ بەدىئىي ئارزۇلىرىنى قاندۇرۇپ كەلمەكتە. ئۇ، ناھىيە ۋە ۋىلايەتتە ئۆتكۈزۈلگەن مىللىي سەنئەت كۆرەكلىرىگە كۆپ قېتىم قاتنىشىپ مۇكاپاتلىنىشنىڭ سىرتىدا بېيجىڭ، ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلگەن كۆرەككە قاتنىشىپ، « ئاپتونوم رايون بويىچە 2-دەرىجىلىك سازەندە » باھالىنىپ، ئەنگە ئېلىنغان. ئۇنىڭ نامى مەتبۇئاتلاردا كۆپ قېتىم تىلغا ئېلىنىپ كەلگەن.

ئەخمەت ئەپەندى

مارالبېشى ناھىيىسىنىڭ ئاۋات بازار 5-كەنتىدىن، 75 ياش. ئۇ. مەردان موللامنىڭ نەۋرە ئىنىسى بولۇپ، بۇلارنىڭ ئاتا-بوۋىلىرىدىن: ئەخمەت ئەپەندىنىڭ ئاتىسى مەھەممەت موللام، تاغىسى (مەردان موللامنىڭ ئاتىسى) ئەمەت ھاجىم، ئۇلارنىڭ ئاتىسى ئازى موللام، ئۇنىڭ ئاتىسى موللا شەھرى دېگەنلەرنىڭ ھەممىسى

ئاشۇ جايدا مۇقام-مۇزىكا بىلەن داڭق چىقىرىپ ئۆتكەن. ئەخمەت ئەپەندى (كىچىكىدە پەننى مەكتەپتە ئوقۇغانلىقى ئۈچۈن «ئەپەندى» دەپ ئاتىلىپ قالغان) قالۇن چېلىشنى ئاتىسىدىن ئۆگىنىپ، بىر ئۆمۈر قالۇن چېلىش بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەن. ئۇنىڭ چېلىپ كېلىۋاتقان قالۇنى ئەجدادلىرىدىن قالغان بولۇپ، رىۋايەت قىلىنىشىچە تەخمىنەن 400 يىللىق تارىخقا ئىگە ئىكەن. ئۇنىڭ قالۇنىمۇ ئالاھىدە ياسالغان بولۇپ، مەلۇم ئۆزگىچىلىككە ئىگە.

مۇسا ئاۋۇت

مارالبېشىنىڭ ئاۋات بازار 18-كەنتىدىن، 55 ياش، مۇقامچى، ئۇسسۇلچى، دۇتارچى. ئەلنەغمە بىلەن شۇغۇللانغىلى 40 يىل بولغان. «دۇتار باياۋان» دەپ بىر مۇقامنى ساقلاپ كەلگەن. بۇ مۇقام دولان مۇقاملىرى ئارىسىدىكى بىر-بىرىگە يېقىنلىشىپ كەتمەيدىغان، ئالاھىدە پەرقلىنىدىغان بىر خىل مۇقام بولۇپ، باشقا جايلاردا ئەستىن كۆتۈرۈلگەن. بۇ مۇقامنىڭ پەيدا بولۇشى توغرىسىدىمۇ، ئۇ خېلى مۇھىم ئاساسقا ئىگە.

يۇسۇپ ئاۋۇت

مارالبېشىنىڭ ئاۋات بازار 10-كەنتىدىن، 60 ياش. راۋابنى ئۆگەنگىلى 50 يىل بولغان. ئەلنەغمە بىلەن شۇغۇللانغىنىغا 45 يىل بولغان. ئۇ، دولان راۋىبىنى چېلىشتا ئىنتايىن يۇقىرى ماھارەتكە ئىگە بولۇپ، مۇقامچىلارغا راۋاب بىلەن يېنەكچىلىك قىلىپ كەلگەن.

ئابلەت مامۇت

مارالبېشىنىڭ ئاۋات بازار 11-كەنتىدىن، 45 ياش. داپ، غىجەك، راۋاب، نەي، قالۇن، ئىسكىرىپكا، سۇناي، دۇتار چالىدۇ.

مەشرەپ قىزىقچىسى، دورامچى، داۋاز ھەم سېركچى. ئەلنەغمە بىلەن شۇغۇللىنىشنىڭ سىرتىدا ئېگىز تېرەككە ئارغامچا تارتىپ «دار» باغلاپ، مەشىق قىلىپ ئۆزى پۇختا ئۆگىنىپ بولغاندىن كېيىن، يېنىغا ياش ھەۋەسكار ئوغۇل-قىزلارنى توپلاپ ئوبۇل ئىمىن، ئابدۇكېرىم موللەك، ئوبۇل ھېلەك، مەھەممەت ھەسەن، مەھەممەت ئابدۇرېھىم قاتارلىق دارۋازلارنى تەربىيلەپ، ئۇستا دارۋازلاردىن قىلىپ يېتىشتۈرگەن. ئابلەت ئەمەت، ئەمەر ئابلەت، نۇرگۈل مەھەممەت، نۇرگۈل ئوبۇللارغا سېركچىلىكنى ئۆگىتىپ چىققان. يۇقىرىقىلار بىر ئۆمەك بولۇپ، شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئاسمان پەلەك دار باغلاپ بىر تال ئارغامچىدا تىك مېڭىپ، گاھى ئۆزىنى تاشلاپ، گاھى موللاق ئېتىپ، ھەر مىللەت خەلقىنى ئۆزىنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە ئويۇنلىرى بىلەن ھەيران قالدۇرماقتا. ئابلەت ماموت بىر تەرەپتىن ئۆگىنىپ، بىر تەرەپتىن ئۆگىتىپ ماڭغان. ئۇ، قالۇننى ئەخمەت ئەپەندىدىن، غىجەكنى مەردان موللامدىن، ئىسكىرىپكىنى ئابدۇرېشىت ئىگەمدىن ئۆگەنگەن بولسىمۇ، باشقا چالغۇلارنى ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىۋالغان. ئۇ يەنە دولان مەشرىپىدىكى كۆپ خىل ئويۇنلارنىڭ ھەممىسىنى تەييارلاشنى بىلىدۇ. ئۇنىڭ ئاتىسى ماموت خاڭتۇ، بوۋىسى سىدىق چەكمەن دېگەنلەرمۇ ئاتاقلىق قالۇنچى ۋە دولان راۋابچىلىرى بولۇپ، ھەر خىل مەشرەپ ئويۇنلىرىدا رول ئېلىپ خەلقنىڭ قەلبىگە چوڭقۇر سىڭىپ كەتكەن. ئۇلار توغرىسىدىكى رىۋايەتلەرمۇ خەلق ئىچىدە ئېغىزدىن-ئېغىزغا كۆچۈپ سۆزلىنىپ كەلمەكتە.

ئىمىنجان روزى

مارالبېشىنىڭ ئاۋات بازار 5-كەنتىدىن، 35 ياش. داپ، دولان راۋابى، قالۇن قاتارلىق چالغۇلارنى چالىدۇ. دولان مۇقامچى ۋە سازەندىلىرى ئىچىدىكى ئەڭ ياش ھەم ئاتاقلىقلارنىڭ بىرى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

سىدىق مامۇت

مارالبېشىنىڭ ئاۋات بازار 11-كەنتىدىن، 50 ياش. داڭلىق مۇقامچى. ئۇ، موقامدا مەشھۇر بولۇپ، كۆپ قېتىم ناھىيىدە ئۆتكۈزۈلگەن مىللىي سەنئەت كۆرەكلىرىگە قاتناشقان ۋە باھالىنىپ مۇكاپاتلانغان.

سادىق سىدىق

مارالبېشى ئاۋات بازىرىنىڭ 5-كەنتىدىن، 40 ياش. داپ، دولان راۋابى چالىدۇ. سەييارە يۈرۈپ ئەلنەغمە بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ئۇ، ناھىيە تەۋەسىدىكى بىر قەدەر مەشھۇر مۇقامچىلارنىڭ بىرى.

رېھىمقۇل ئەخمەت

مارالبېشىنىڭ ئاۋات بازار 11-كەنتىدىن، 45 ياش. داڭلىق مۇقامچى. ئەلنەغمە بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئۆز ماھارىتى بىلەن ئاما ئارىسىدا كەڭ تونۇلغان.

روزى ئاۋۇت

مارالبېشىنىڭ ئاۋات بازار 5-كەنتىدىن، 45 ياش. مۇقامچى، داستانچى، قوشاقچى، مەشرەپ قىزىقچىسى ۋە رول ئالغۇچى. ھەر قانداق جايدا مەشرەپ بولسا، ئۇنى ئالاھىدە تەكلىپ قىلىدۇ. ئۇنىڭ نامى ناھىيە ئىچى ۋە سىرتلىرىدىمۇ مەشھۇر.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا مارالبېشىنىڭ ئاۋات بازار دوختۇرخانىسىدىكى 38 ياشلىق «غوجالدىرۋاق» ئۇسسۇل ماھىرى ياقۇپ مەھەممەت،

14-كەنتتىن دولان راۋابچىسى نەغمىكەش 70 ياشلىق ئابلا راۋاب، ئاۋات بازار 6-كەنتتىدىن، مۇقامچى ۋە دولان راۋابچىسى، 75 ياشلىق ئەمەت ماموت، ئاۋات بازىرىنىڭ 15-كەنتىدىن مەشهۇر مۇقامچى، 45 ياشلىق ئوبۇل رىھىم، 21-كەنتىدىن مۇقامچى ۋە داكلىق راۋابچى، 45 ياشلىق قادىرجان ئەيسا قاتارلىق 350 تىن ئارتۇق مۇقامچى، سازەندە بار. 20-كەنتىدىن ئوسمان ئەخمەت، 12-كەنتىدىن ئەخمەت قارى قاتارلىق داستانچى ۋە هۆكمەتچىلەر بار. بۇ بازارغا قاراشلىق يېزا-كەنتلەردە ئولتۇرۇشلۇق خەلقنىڭ يەتتە ياشتىن يەتمىش ياشقىچە ھەممىسى يول يۈرگەندە، زىرىككەندە، ئەمگەك قىلغاندا مۇقام توۋلاشنى ياخشى كۆرىدۇ. ھەممىلا جايدا دولان مۇقاملىرى ياڭراپ تۇرىدۇ. بۇ يەردىكى خەلق كۈندۈزى ئەمگەك بىلەن جاپا تارتسىمۇ، كېچىسى مەشرەپ بىلەن هاردۇق چىقىرىدۇ. يۇقىرىدا تونۇشتۇرۇلغانلار پەقەت ۋەكىللىك خاراكتېرغا ئىگە بىر قىسمىلا كىشىلەردىن ئىبارەت.

يېڭىئۆستەڭ يېزىسى مۇقامچىلىرى

هاموت ماموت

باغۋەن كەنتى 2-مەھەللىدىن. 1919-يىلى تۇغۇلۇپ، 1991-يىلى 72 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن. ئۇ ئەجدادلىرىدىن تارتىپ مۇقام، مۇزىكا بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەن ئەنئەنىمچىلەردىن بولۇپ، مۇزىكىنى ئاتىسى مۇموت سىدىقتىن ئۆگەنگەن. ساتار، دۇتار، قالۇن، دولان راۋابى، تەمبۇر، دولان غىجىكى، ئىسكىرىپكا قاتارلىق چالغۇلارنى كامالەتكە يەتكۈزۈپ چالالتتى. مەكتەپ، خانقاھ، شىھىتدۆڭ قاتارلىق جايلارغا داۋاملىق تەكلىپ قىلىنىپ، يەرلىك مۇقامچى ۋە سازەندىلەر ئۇنىڭدىن تەلىم ئالاتتى. ئوغلى ئوسمان هاموتقا ئۆزى بىلىدىغان چالغۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆگەتكەن بولۇپ،

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورپىكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

ئوسمان هاموت ئاتىسىغا ۋارىسلىق قىلىپ، دولان مىللىي سەنئىتىنىڭ ئېھتىياجىنى ئورۇنداپ كەلمەكتە.

سادىق ئۇستام (ھېكىم)

يېڭىئۆستەڭ يېزىسىنىڭ 3 - كەنتىدىن. 1932 - يىلى تۇغۇلۇپ، 1992 - يىل 60 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن. 20 يېشىدا مەردان موللامغا شاگىرت بولۇپ، دولان غېجەكچى چېلىشنى ئۆگەنگەن. شۇندىن باشلاپ ئەلنەغمىگە قاتنىشىپ، بىر ئۆمۈر مۇقام ۋە غېجەك بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇنىڭ نامى مارالبېشى ۋە ئۇنىڭغا قوشنا دولان رايونلىرىدا مەشھۇر.

ئاۋۇت روزى

يېڭىئۆستەڭ يېزىسىنىڭ 3 - كەنتىدىن، ئاتاقلىق دولان راۋابچىسى. دولان راۋابىنى كىچىك چاغلىرىدا ئۆگىنىپ، 22 يېشىدىن باشلاپ ئەلنەغمىگە قاتناشقان. شۇندىن باشلاپ دولان مۇقاملىرىنى راۋاب بىلەن ئورۇنداپ كەلگەن. ئۇ، دولان راۋابىنى يۇقىرى ماھارەتتە چالغانلىقى ئۈچۈن، سازەندىلەرنىڭ ھۆرمىتىگە، خەلقنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشكەن. مۇقامغا بىر قەدەر ئۇستا بولغانلىقى ئۈچۈن، كۆپىنچە ھاللاردا داپ چالىدۇ.

ھەسەن غېجەك

يېڭىئۆستەڭ يېزىسىنىڭ 8 - كەنتىدىن، 72 ياش. 15 يېشىدىن باشلاپ غېجەكچى رېھىم موللامغا شاگىرت بولۇپ غېجەك ۋە مۇقام ئۆگەنگەن. 25 يېشىدىن باشلاپ ئەلنەغمىچىلەر سېپىگە قوشۇلۇپ، مەشرەپ - مەرىكىلەردە غېجەك چېلىپ كەلگەن. كىشىلەر ئۇنىڭ

غېجەكنى ئاڭلاشقا خۇشتار. يېڭىئۆستەڭدە ئۇنىڭسىز مەشرەپ ئۆتكۈزمەيدۇ. غېجەكنى ئۆزى ياسايدۇ. ئۇ، 30 دىن ئارتۇق غېجەك ياساپ ھەۋەسكارلارغا تارقىتىپ بەرگەن.

ئوسمەك موللا

يېڭىئۆستەڭ يېزىسىنىڭ 3-كەنتىدىن. دولان راۋابى، قالۇن، داپ، غېجەك قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىنى چالىدۇ. ئۇ، 15 يېشىدىلا گۈلباغلىق كىچىك شىخى دېگەن كىشىگە شاگىرت بولۇپ بەش يىل ئىچىدە تۆت خىل چالغۇنى چېلىشنى ئۆگىنىپ بولغان. 20 يېشىدىن باشلاپ پۈتۈن ئىشتىياقى بىلەن ئەلنەغمىگە بېرىلىپ ھازىرغا قەدەر ئەلنەغمە بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلمەكتە.

تۇرسۇن تۇرەك

يېڭىئۆستەڭ يېزىسىنىڭ 7-كەنتىدىن، 47 ياش. مۇقامچى، ئەلنەغمە بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگىنىگە 30 يىل بولغان. ھازىرقى مۇقامچىلار ئارىسىدا ئالاھىدە يېتىلىپ، خەلق ئارىسىدا كەڭ تونۇلغان.

يۇسۇپ ھېيت

يېڭىئۆستەڭ يېزىسىنىڭ 6-كەنتىدىن، 45 ياش. ئەلنەغمىچى. ئۇنىڭ پۈتۈن ئەجدادلىرى داڭلىق مۇقامچىلاردىن بولغاچقا، دولان مۇقاملىرىنى كىچىكىدىن باشلاپلا ئۆگەنگەن. ئۇ، دولان مۇقاملىرىنى بىرقەدەر تولۇق بىلىدىغانلاردىن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا، ئەلنەغمىچىلەر ھەرقانداق سورۇنغا بارسا، ئۇنى تەكلىپ قىلىشماي قالمايدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

ئابدۇۋايت ئايۇپ

ئەسلى يۇرتى مارالبېشىنىڭ سېرىقبۇيا بازىرىدىن. ھازىرقى جايى يېكەنئۆستەڭ يېزىسى پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى. ئۇنىڭ ئەجدادلىرى ئاتاقلىق مۇقامچى ۋە سازەندىلەردىن بولۇپ، مۇقام ۋە مۇزىكا ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرىدىن مىراس قالغان. ئابدۇۋايت ئايۇپنىڭ ئاتىسى ئايۇپ موللام، ئۇنىڭ ئاتىسى قۇربان ئاكا، ئۇنىڭ ئاتىسى ئىبراھىم ئاكا، ئۇنىڭ ئاتىسى قوقام ئاكىلارنىڭ ھەممىسى دولان مۇقاملىرىدا ۋە دولان چالغۇلىرىنى چېلىشتا ئۆچمەس نام قالدۇرغان مەشھۇر كىشىلەردىن بولغاچقا، ئايۇپ موللام ئوغلى ئابدۇۋايت ئايۇپقا كىچىكىدىن باشلاپلا داپ، غىجەك، راۋاب قاتارلىقلارنى، ئۇسسۇل ئويناشنى، دولان مۇقاملىرىنى ئۆگەتكەن. ئابدۇۋايت ئايۇپ ئاشۇ ئىقتىدارىغا ئاساسەن ئوتتۇرا مەكتەپنى قەشقەر پېداگوگىكا سەنئەت مەكتىپىنىڭ سىنىپىغا قوبۇل قىلىنىپ ئوقۇش پۈتتۈرگەن. ئۇ ھازىر 36 ياش. قىللىق ساز، سوقما سازلارنىڭ ھەممىسىنى تولۇق چالالايدۇ. خەلق ئۇنى قىزغىن سۆيىدۇ. ئويۇن مەرىكىلىرىگە تەكلىپ قىلىدۇ. ئابدۇۋايت ئايۇپ خىزمەتتىن سىرتقى چاغلاردا داۋاملىق ئامما بىلەن بىرگە بولۇپ، خەلقنىڭ مەنىۋى ئارزۇلىرىنى ئورۇنداپ بېرىدۇ. مەشرەپلەردە ئامما بىلەن بىر سەپتە نەغمىگە قاتنىشىدۇ. شۇڭا خەلق ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلايدۇ ھەم قىزغىن قوللايدۇ. يېكەنئۆستەڭ خەلقى ئۇنى ئەڭ سۆيۈملۈك كىشىسى ھېسابلاپ كەلمەكتە. ئۇنىڭ تاغىسى ئەۋەل قۇربان ھازىرغا قەدەر سېرىقبۇيىدا نەغمە بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلمەكتە.

ئىمىر قىسمەك

يېكەنئۆستەڭ يېزىسىنىڭ 3-كەنتىدىن، 73 ياش. مۇقام ۋە نەغمىنى ھاشىم زىمىنىڭ ئاتىسى سابىت ئەركەشتىن ئۆگەنگەن.

ئۇندىن كېيىن زىمىن ئاكىدىن ئۆگەنگەن. ئۇلاردىن كېيىن ئۇستازىنىڭ ئوغلى ھاشىم زىمىنگە ئۆگەتكەن. يەنە ئىبراھىم ياقۇپىمۇ داڭلىق مۇقامچىلاردىن قىلىپ يېتىشتۈرگەن. گەرچە ئۇ ياشىنىپ قالغان بولسىمۇ، خۇددى ياشلارغا ئوخشاش ھازىرغا قەدەر ئەلنەغمە بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلمەكتە.

ياقۇپ توختى

يېڭىئۆستەڭ يېزىسىنىڭ 3-كەنتىدىن، 54 ياش. ئۇ ئاق ماموت، ماموت ھېيتلارنى ئۇستاز تۇتۇپ ئۆگەنگەن. ئەلنەغمە بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگىنىگە 35 يىل بولغان.

ئىمىن ئىسمايىل

يېڭىئۆستەڭ يېزىسىنىڭ 7-كەنتىدىن، 32 ياش. بۇ ياش سازەندە يېشقەدەم سازاندىلەرگە ئەگىشىپ يۈرۈپ، دولان مۇقاملىرىنى ۋە دولان غېجىكى چېلىشنى ئۆگىنىۋالغان. ئۇندىن كېيىن ئىسكىرىپكا چېلىشنى ئۆگەنگەن. يېشقەدەم ئەلنەغمىچىلەرگە ئارىلىشىپ، خەلق ئىچىدە تونۇلۇشقا باشلىغان. ئىمىن ئىسمايىل دولان سازەندىلىرى ئىچىدە يېڭىدىن يېتىشكەن بىر قەدەر ياش سازەندە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئوسمان ھاموت

يېڭىئۆستەڭنىڭ باغ مەيدانىدىن، 32 ياش. داپ، قالۇن، غېجەك، دولان راۋابى، دۇتار، تەمبۇر، ساتار، ئىسكىرىپكا قاتارلىق چالغۇلارنى ئاتىسى ھاموت ھېيتتىن 16 ياشقىچە بولغان ئارىلىقتا ئۆگىنىپ بولغان. ھازىر ئۇ ئاتىسىغا ۋارىسلىق قىلىپ، ئەلنەغمە بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلمەكتە.

ئەزىز ئابدۇللا

يېڭىئۆستەڭنىڭ 7-كەنتىدىن. 50 ياش. ئەلنەغمىنى ھاشىم زىمىندىن ئۆگەنگەن. داپ ۋە قالۇن چالىدۇ. دولان مۇقاملىرىنى ياخشى بىلىدۇ.

خەلچىخان ياقۇپ

يېڭىئۆستەڭ يېزىسىدىن، 70 ياش. ئۇنىڭ ئاتىسى، ئۇرۇق-تۇغقانلىرىنىڭ ھەممىسى مۇقامچى ۋە راۋابچى ھەم ئۇسسۇلچىلاردىن بولۇپ، ئاتىسى ئۇنىڭغا كىچىك چېغىدىلا دولان ئۇسسۇلىنى ئۆگەتكەن ھەم نەگە نەغمە قىلغىلى بارسا، كەينىگە سېلىپ بىرگە ئاپىرىپ نەغمىگە قاتناشتۇرغان. خەلچىخان ئاتىسىدىن دولان مۇقاملىرىنى، داپ چېلىشنى پۇختا ئۆگىنىپ بولۇپ دولان راۋابىنىمۇ ئۆگەنگەن. ئۇ، داڭلىق ئۇسسۇلچى، مۇقامچى ۋە قوشاقچى.

شەرىخان توختى

يېڭىئۆستەڭ بازىرىدىن، 65 ياش. ئۇستا ئۇسسۇلچى. ئۇ، كىچىكىدىن تارتىپ ئويۇن-مەشرەپ بىلەن ئۆتكەنلىكى ئۈچۈن، دولان مۇقاملىرىنى ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىۋالغان. ئۆزلۈكىدىن ھەۋەس قىلىپ ئەلنەغمىنى پۇختا ئۆگەنگەن. داپ ۋە غىجەك چېلىشنى ئۆگەنگەن. بولۇپمۇ دولان مۇقاملىرىنى بىر قەدەر ياخشى ئېيتىدۇ.

ئاينىساخان ئىمىن

يېڭىئۆستەڭ يېزىسىنىڭ 8-كەنتىدىن، 65 ياش. مەشھۇر دولان ئۇسسۇلچىسى ھەم مۇقامچى. ئۇنىڭ ئاتىسى ئىمىن نايۇپ بىر ئۆمۈر

ئەلنەغمىچىلىك بىلەن ئۆتكەن بولۇپ، ئاينىساخان ئەلنەغمىچىلىكنى ئاتىسىدىن ئۆگەنگەن. ياشلىق دەۋرلىرىدە مەشرەپلەردە نەغمە قىلىپ ئۆتكەن. گەرچە ئۇ، هازىر بىرقەدەر ياشىنىپ قالغان بولسىمۇ، مۇقامنى چىن قەلبىدىن سۆيىدۇ. هېلىمۇ ئائىلىسىدە، ئېتىز-ئېرىق ئەمگەكلىرىدە داۋاملىق مۇقام ئېيتىدۇ. ئائىلە مەشرەپلىرىدە نەغمە قىلىپ، مۇقام ئېيتىدۇ. ئۇ، ئىچ پۇشقى، دەرد-ئەلەملىرىنى مۇقام بىلەن چىقىرىدۇ.

گۈلخان مەھەممەت

يېڭىئۆستەڭ يېزىسىدىن (يېزىلىق ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسى)، 38 ياش. دولان ئۇسسۇلچىسى. ئۇنىڭ ئاتىسى، ئايىسى ئەلنەغمىچىلەر بولغاچقا، مۇقام ۋە ئەلنەغمىنى ئاتا-ئانىسىدىن ئۆگەنگەن. ئاياللارنىڭ ئۆزئارا كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىدە نەغمە قىلىپ كىشىلەرنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشكەن. ئۇ، تەۋەسىدىكى ئايال مۇقامچى، ئايال سازەندىلەرنى قىزغىن قوللاپ، بىر تۈركۈم ياش خوتۇن-قىزلارنى مۇقام-مۇزىكا ئۆگىنىشكە تەشەببۇس قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئۆگىنىشىگە شەرت-شارائىت يارىتىپ بەرگەن. مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئايال مۇقامچىلارنىڭ تۇغەپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن ھەسسە قوشقان.

ئاق مامۇت

يېڭىئۆستەڭ يېزىسىنىڭ 3-كەنتىدىن، 72 ياش. ئۇ، يېڭىئۆستەڭدە ياشاپ ئۆتكەن داڭلىق مۇقامچى ئىسلام موللامنىڭ شاگىرتى بولۇپ، يېرىم ئەسىر داۋامىدا ئەلنەغمىچىلىك بىلەن شۇغۇللانغان. 30 دىن ئارتۇق ياشقا مۇقام ئۆگەتكەن. 15 تىن ئارتۇق داپ ياساپ ھەۋەسكارلارغا تەقدىم قىلغان. ئۆز تەۋەسىگە مۇقام

ئورۇقنى كەڭ چاچقان. ئۇ ھازىرمۇ ئەلنەغمە بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

ھامۇت ھېيت

يېڭىئۆستەڭ يېزىسىنىڭ تاشئورى 3-كەنتىدىن، 69 ياش. مۇقام ۋە ئەلنەغمىچىلىكنى ئىسلام موللامدىن ئۆگەنگەن. 50 يىل مابەينىدە مۇقام ۋە ئەلنەغمە بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەن. ئىمىر ئەخمەت. ياقۇپ نوختى. ئىلياس ھېيت قاتارلىقلارغا ئۆگىتىپ. ئۆزىگە ئوخشاش موقامچىلاردىن قىلىپ يېتىشتۈرگەن. يوپۇرغا، مەكىتنىڭ تومەنتال قاتارلىق جايلىرىدا نەغمە قىلىپ يەرلىك نەغمىچىلەرنىڭ يۇقىرى باھاسىغا. خەلقنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشكەن.

ئابدۇرېشىت مامۇت

يېڭىئۆستەڭ يېزىسىنىڭ 7-كەنتىدىن. 55 ياش. ئۇنىڭ ئاتىسى مامۇت ئاكا تالانتلىق سازەندە بولۇپ، ئابدۇرېشىت مامۇت دولان راۋابى، غىجەك، دۇتار، قالۇن. نەي، ئىسكىرىپكا، تەمبۇر چېلىشنى ئاتىسىدىن ئۆگەنگەن. تۇرسۇن نۇرەك، ئەزىز ئابدۇللا، ئارات ئېلى قاتارلىقلارغا قالۇن چېلىشنى ئۆگىتىپ چىققان. ئۇنىڭ مارالبېشى. مەكىت، يوپۇرغا ناھىيىلىرىدە نەغمە قىلىپ نامى چىققان. كەسىپ ئەھلىلىرىنىڭ يۇقىرى ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغان.

ھاشىم زېمىن

يېڭىئۆستەڭ يېزىسىنىڭ 7-كەنتىدىن. 32 يىل ئەلنەغمىچىلىك، مەشرەپ قىزىقچىلىقى بىلەن شۇغۇللىنىپ خەلق ئارىسىدا زور تەسىر قالدۇرغان. 15 تىن ئارتۇق شاگىرت يېتىشتۈرۈپ، 1991-يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن.

www.uyghurkitap.com

ئېلى قاسىم

يېڭىئۆستەڭ يېزىسىنىڭ 7-كەنتىدىن. دولان راۋابى، قالۇن، دۇتار چالاتتى. ئۇ 50 يىل ئەلنەغمە بىلەن شۇغۇللىنىپ، قالۇن بىلەن راۋاب چېلىشتا ئەل ئىچىدە مەشھۇر بولغان. 1993-يىل 1-ئايدا ئالەمدىن ئۆتكەن.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا، يېڭىئۆستەڭ يېزىسىنىڭ 7-كەنتىدىن 32 ياشلىق سازەندە مەھەممەت يۈسۈپ (غېجەك، ئىسكىرىپكا چالىدۇ)؛ ئۇنىڭ بوۋىسى مۇھەممەت مىراپ، 7-كەنتىدىن 40 ياشلىق راۋابچى ئىبراھىم شىرىپ، 3-كەنتىدىن 45 ياشلىق مۇقامچى ئۇبۇل ھەسەن، 7-كەنتىدىن 56 ياشلىق سازەندە ئابلەت زىرىپ (دولان راۋابى، غېجەك چالىدۇ)؛ 10-كەنتىدىن 35 ياشلىق سازەندە ھەسەن قۇربان (داپ، دولان راۋابى، تەمبۇر، دۇتار چالىدۇ) قاتارلىق نامى مەشھۇر بولغان مۇقامچى، سازەندىلەر بار. ھەر بىر كەنت، مەھەللىلەردىمۇ بىر قانچىدىن ئەلنەغمىچىلەر بار.

ئاقساقمارال يېزىسى مۇقامچىلىرى

مامۇت سەيپۇڭ

ئاقساقمارال يېزىسىنىڭ 12-كەنتىدىن. 1900-يىلى تۇغۇلۇپ، 1989-يىلى ۋاپات بولغان. بۇلارنىڭ ئەجدادلىرى مۇقامچىلار بولۇپ، ئاتىسى ئېزى كالىچى، ئۇنىڭ ئاتىسى ھەدەيىللا بەگ دېگەنلەر مۇقام ۋە داپ، غېجەك، قالۇن، راۋاب قاتارلىقلاردا ئالاھىدە داڭ چىقارغان. ئېزى كالىچى ئىمىن ھاۋا، ئايۇپ سامساق، مەھەممەت مەھمۇدۇن قاتارلىقلارنى شاگىرت ئېلىپ، ئۆزى بىلگەن چالغۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆگىتىشنىڭ سىرتىدا ئوغلى داۋۇت كالىچىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرگەن. داۋۇت كالىچى ئىنىسى

مامۇت سەيپۇغا ئۆگەنگەن. ئۇلارنىڭ پۈتۈن ئەۋلادى مۇقامچى ۋە مۇزىكانتلاردىن بولۇپ، ئەجدادلىرىنى ئۇلارنىڭ سەنئەت خۇسۇسىيەتلىرىگە ۋارىسلىق قىلىش ئارقىلىق ئەسلەپ كەلگەن. مامۇت سەيپۇڭ ئاقساقارال، ھەتتا پۈتۈن مارالبېشى ناھىيىسى ۋە مەكىت قاتارلىق جايلاردا ئۆز ماھارىتى بىلەن زور تەسىر قالدۇرغان بولۇپ، ئۇنىڭدىن تەلىم ئالغانلارنىڭ سانى ئەللىكتىن ئاشىدۇ.

ئىبراھىم نازىل

ئاقساقارالنىڭ «تەك» دېگەن جايىدىن، 71 ياش. ئۇنىڭ ئاتىسى نازىل روزى داڭلىق مۇقامچى ۋە راۋابچى بولۇپ، دولان راۋابىنى ئاتىسىدىن ئۆگەنگەن. ئۆز مەھەللىسىدىن نورەك خۇدابەردى (33ياش)، ئەمەت ئىمىن (35ياش)، ئوسمان داۋۇت (40ياش)، ئەمەر داۋۇت (55ياش)، روزى داۋۇت (30ياش)، قادىر ھەسەن (60ياش)، قادىر ئىمىن (50ياش) قاتارلىقلارغا دولان مۇقاملىرىنى، داپ، راۋاب چېلىشنى ئۆگەتكەن. ئاقساقارال خەلقى ئۇنى تەكلىپ قىلماي مەشرەپ ئۆتكۈزمەيدۇ.

داۋۇت كالىچى

ئاقساقارال يېزىسىنىڭ 4-كەنتىدىن. 1988-يىلى 55يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن. ئۇنىڭ پۈتۈن ئەجداد ۋە ئەۋلادلىرىنىڭ ھەممىسى مۇقامچى ۋە سازەندىلەردىن بولۇپ، قېرىنداشلىرىدىن سىدىق ئەزىز، ھوسۇيۇن ئەزىز، بارات ئەزىز، ئەمەر ئەزىزلەر قېرىندىشى مامۇت سەيپۇڭ (مامۇت ئەزىز)غا ئوخشاشلا مۇقام، مۇزىكىلارنى پۇختا ئىگىلەپ ئەلنەغمە بىلەن شۇغۇللانغان. مەكىت مۇقامچىلىرىنىڭ ۋە سازەندىلىرىنىڭ كۆپ قىسمى مۇقام، مۇزىكىنى

يۇقىرىقى ئاكا-ئۇكا قېرىنداشلاردىن ئۆگەنگەن. بۇ ئاكا-ئۇكىلارنىڭ ھەممىسى ئالەمدىن ئۆتكەن بولۇپ، بۇلارنىڭ ئەۋلادلىرىدىن داۋۇت ئەزىز (كالىچى) نىڭ ئوغۇللىرى ئەمەر داۋۇت (55ياش)، ئوسمان داۋۇت (45ياش)؛ بارات داۋۇت (40)، قادىر داۋۇت (35ياش)، روزى داۋۇتلار (32ياش) ئاتىسىغا ۋارىسلىق قىلىپ ئۇستا سازەندە ۋە مۇقامچىلاردىن بولۇپ يېتىشىپ چىققان. بۇلاردىن ئەمەر داۋۇت، ئوسمان داۋۇت، روزى داۋۇتلار مەخسۇس ئەلنەغمىچىلىك بىلەن شۇغۇللانغان ۋە راۋاب، قالۇن، داپ، غېجەك چېلىشنى ئۆگىنىپ نام چىقارغان.

ئوسمان غېجەك

ئاقساقارال يېزىسىنىڭ 2-كەنتىدىن، 75ياش. پۈتۈن ئۆمرىنى ئەلنەغمىچىلىك بىلەن ئۆتكۈزۈپ كەلگەن. بۇلارنىڭ ئەجدادلىرى سازەندىلەردىن بولۇپ، ئوسمان غېجەكنى ئاتىسى موللا ھەسەن كىچىك ۋاقتىدىلا مەكتىلىك مەخسۇت ئۇستامغا شاگىرتلىققا بەرگەن. ئۇ 14 يېشىدىلا دولان مۇقاملىرىنى تولۇق ئۆگىنىپ، غېجەكنى تەلەپكە لايىق چالالايدىغان بولغان ۋە كۆپلىگەن ھەۋەسكارلار ئۇنى ئۇستاز تۇتقان. ئۇ، چىتەكۆلدىن ئىبراھىم مۇسا (64ياش)، مازار ئالدىدىن داۋۇت موللا (75ياش)، شافۇرلۇق سۇلايمان مەھەممەت، ئاقساقارال 19-كەنتىدىن ئىسمايىل سوپى (1921—1989) قاتارلىقلارنى شاگىرتلىققا ئېلىپ، دولان مۇقامى ۋە دولان غېجىكى ئۇستازلىرىنى تەربىيىلەپ كەڭ تارقاتقان.

تۇرسۇنخان تۇرادىن

ئاقساقارال يېزىسىنىڭ 11-كەنتىدىن، 41 ياش. موقامنى ئاتىسى تۇرادىن مامۇت ۋە قادىر ھەسەنلەردىن ئۆگەنگەن. ئاتىسى بىلەن

بىرگە ئەلنەغمىلەرگە قاتناشقان. ئىنىز ئەمگەكلىرىدە مۇقام ئېيتىپ، ئاياللارنىڭ ۋە ئەمگەكچىلەرنىڭ مەنئۋى ئارزۇلىرىنى قاندۇرۇپ كەلگەن. دولان ئۇسسۇلىدا مارالبېشى ناھىيىسىدىكى داڭلىق ئۇسسۇلچىلار قاتارىدىن ئورۇن ئېلىپ. ناھىيىدە ئۆتكۈزۈلگەن مىللىي مەشرەپ كۆرەكلىرىگە قاتنىشىپ، ئالقىشلانغان.

زورىخان ھېلەك

ئاقساقارال يېزىسىنىڭ 12-كەنتىدىن، 46 ياش. تۇرادىن ماموتنى ئۇستاز تۇتۇپ. دولان مۇقاملىرىنى ئۆگەنگەن. مەشرەپلەردە ئەرلەر بىلەن بىر قاتاردا نەغمە قىلىدۇ. تۇرسۇنخان بىلەن ئىككىسى ئەل ئىچىدىكى مەشھۇر مۇقامچى ۋە ئۇسسۇلچىلاردىن بولۇپ، ناھىيىدە ئۆتكۈزۈلۈپ تۇرىدىغان مىللىي مەشرەپ (دولان مەشرەپ) كۆرەكلىرىگە كۆپ قېتىم قاتنىشىپ، كەسىپ ئەھلىلىرىنىڭ يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشكەن.

مەھەممەت مەھمۇدون

ئاقساقارال يېزىسىنىڭ 15-كەنتىدىن، 50 ياش. ئۇنىڭ ئەجدادلىرى ئاتا-بوۋىلىرىدىن تارتىپ مۇقام-مۇزىكا بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەن بولۇپ، قالۇن، راۋاب، غىجەك قاتارلىقلارنى چېلىشتا داڭ چىقارغان. مەھەممەت مەھمۇدونمۇ ئەجدادلىرىغا ۋارىسلىق قىلىپ داپ، راۋاب، قالۇن، غىجەكنى مۇكەممەل ئۆگىنىپ، قالۇندا ئالاھىدە مەشھۇر بولغان. ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ قالدۇرغان شاگىرتلىرى 100 نەپەردىن ئارتۇق بولۇپ، مەھەممەت مەھمۇدون مارالبېشىنىڭ باغ مەيدانىدىن ماموت يۇسۇپنى شاگىرتلىققا ئېلىپ. داپ، راۋابنى ۋە دولان مۇقاملىرىنى ئۆگىنىپ چىققان. بىر قىسىم ياش ھەۋەسكارلار ئۇنىڭدىن قالۇن ئۆگەنمەكتە.

www.uyghurkitap.com

ياقۇپ ئۆمەر

ئاقساقمارال يېزىسىنىڭ بازار ئىچىدىن، 50 ياش. دولان غېجىكى ۋە ئىسكىرىپكا چالىدۇ. داپ بىلەنمۇ نەغمە قىلىدۇ. دولان مۇقاملىرىنى ياخشى ئۆگىنىپ، مەشرەپلەردە نەغمە قىلىش بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەن.

يۇقىرىلاردىن باشقا ئاقساقمارال يېزىسىدا داڭلىق مۇقامچى-سازەندىلەر-دىن 15-كەنتتىن راۋابچى توختى غوجى (70ياش)، 12-كەنتتىن راۋابچى ئىمىن ھاۋا (50ياش)، 13-كەنتتىن ئىبراھىم راۋاب (75ياش)، تۇردى راۋاب (80ياش)، 14-كەنتتىن غېجەكچى يۇنۇس ياخشى (88ياش)، 15-كەنتتىن مۇقامچى ساۋۇت تۇردى (70ياش)، 11-كەنتتىن ئايال مۇقامچى سائادەتخان تايىپ (38ياش)، بازاردىن مۇقامچى ئوسمان ئىسلام (48ياش)، 4-كەنتتىن راۋابچى قادىر داۋۇت (35ياش)، 12-كەنتتىن مۇقامچى ئايۇپ ساماق (41ياش)، 4-كەنتتىن نەغمىچى قادىر ھەسەن (55ياش)، 14-كەنتتىن نەغمىچى ئوسمان ھاشىم (75ياش)، 3-كەنتتىن مۇقامچى ۋە مەشرەپ قىزىقچىسى نورەك خودابەردى (90ياش)، 3-كەنتتىن ئەلنەغمىچى ئەمەت ئىمىن (40ياش)، 15-كەنتتىن راۋاب ۋە غېجەك ماھىرى سازەندە مىجىت ئابلا (78ياش)، 13-كەنتتىن ئىبراھىم نازىلىنىڭ شاگىرتى راۋابچى ئابدۇۋايىت مىجىت (45 ياش)، 13-كەنتتىن 75ياشلىق مەشھۇر مۇقامچى تۇرغۇن غوجەك قاتارلىق ياشايدۇ. ئوتتۇرا ياش، ياش مۇقامچى ۋە سازەندىلەر بار. 20-كەنتتىن مەشھۇر سازەندە، قالۇن، راۋاب، غېجەك ماھىرى ئىسمايىل ئەيسا (1916—1976)، ئەلنەغمىچى داۋۇت يەلنۇ (1870—1948)، ئاقساقمارالنىڭ «تەڭ» دە ياشاپ ئۆتكەن كۆپ خىل چالغۇ ماھىرى، ئىبراھىم نازىلىنىڭ ئۇستازى ئەخمەت ھاجىم (1904—1977) قاتارلىق پېشقەدەم مۇقامچى ۋە سازەندىلەر ئۆتكەن بولۇپ، بۇلارنىڭ ھەرقايسى يۇرتلارغا تارقالغان شاگىرتلىرىمۇ 50 تىن ئاشىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

چوڭقۇرچاق يېزىسى مۇقامچىلرى

باست ئمر

مارالبېشى ناھىيسىنىڭ چوڭقۇرچاق يېزىسى 23-كەنتدىن، 38 ياش. دولان راۋابى، قالۇن، داپ قاتارلقلارنى چالدۇ. ئۇستازلرىغا ۋارسلق قلىپ ئەلنەغمە بلەن شۇغۇللنىپ كەلمەكتە.

بەكرى ئۆمەر

مارالبېشى ناھىيسىنىڭ چوڭقۇرچاق يېزىسى 24-كەنتدىن، 27 ياش. دولان راۋابى، قالۇن، داپ چالدۇ. دولان مۇقاملرىدا پېشقەدەملەرنىڭ نەزەرىدىن ئۆتكەن.

ھوسۇيۇن توختى

مارالبېشى ناھىيسىنىڭ چوڭقۇرچاق يېزىسى 23-كەنتدىن، 36 ياش. راۋاب، قالۇن، داپ قاتارلقلارنى چالدۇ. كەسپى ئەلنەغمە بلەن شۇغۇللنىدۇ.

مەھەممەت ھەمرەك

مارالبېشى ناھىيسىنىڭ چوڭقۇرچاق يېزىسى 28-كەنتدىن، 60 ياش. دولان راۋابى، قالۇن، داپ قاتارلقلارنى چالدۇ. بىر ئۆمۈر ئەلنەغمىچلىك بلەن ئۆتكەن. ياشلارنى تەربىيلەشكە ئەھمىيەت بېرىپ، ئۆز كەنتدىن ئمر توختى (35ياش) قاتالىق ياشلارغا، دولان راۋابى، قالۇن، داپ، دولان مۇقاملرى ۋە ئەلنەغمىچلىكنى ئۆگەتكەن.

قايۇم ئاۋۇت

مارالبېشى ناھىيىسىنىڭ چوڭقۇرچاق يېزىسى 27-كەنتىدىن، 52ياش. ئەلنەغمىچى. داپ، راۋاب، قالۇن قاتارلىقلارنى چالىدۇ. دولان مۇقاملىرىدا نامى بار.

ئېلى ئىمىن

مارالبېشى ناھىيىسىنىڭ چوڭقۇرچاق يېزىسىدا ئوقۇتقۇچى. 60 ياش. دولان مۇقامى ۋە دولان چالغۇلىرىنى تىرىشىپ ئۆگىنىپ، دولان راۋابى، دولان قالۇنلىرىنى چېلىپ كەلگەن.

ئىبراھىم ھەمراقۇل

مارالبېشى ناھىيىسىنىڭ چوڭقۇرچاق يېزىسىدىن، 62 ياش. كىچىك ۋاقىتلىرىدىن باشلاپ دولان مۇقاملىرى ۋە دولان چالغۇلىرىغا ھەۋەس قىلىپ دولان راۋابى، قالۇن قاتارلىقلارنى ئۆگەنگەن ۋە ئۇنى چېلىپ، كىشىلەرنىڭ بەدىئىي ئارزۇلىرىنى قاندۇرۇپ كەلگەن.

ئەيسا سايىم

مارالبېشى ناھىيىسىنىڭ چوڭقۇرچاق يېزىسىدىن. ھازىرقى ئورنى مارالبېشى ناھىيىلىك رادىئو-تېلېۋىزىيە ئىدارىسىدە، كادىر. 50·ياش. دولان راۋابى، قالۇن، غېجەك، دۇتار قاتارلىق مىللىي چالغۇلارنىڭ ھەممىسىنى چالىدۇ ھەم ياسايدۇ. دولان مۇقاملىرىنى ياخشى بىلىدۇ. ئۇ، ئېھتىياجلىق كىشىلەرگە دولان راۋابى، غېجەك قاتارلىقلار بولۇپ 20 دىن ئارتۇق چالغۇ ئەسۋابلىرى ياساپ بەرگەن. كۆكۆل ئېچىس

سورۇنلىرىدا ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ تەلىپىنى قاندۇرۇپ، ئەمگەك ئاممىنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشىپ كەلگەن. ئۇنىڭ نامى ئەل ئىچىدە مەشھۇر بولۇپ، مۇقام-مۇزىكا ئەھلى ئۇنىڭ زور ھۆرمىتىنى قىلىشىدۇ.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا. چوڭقۇرچاق يېزىسىدا ئەنئەنىمە بىلەن شۇغۇللىنىدىغان مۇقامچى ۋە چالغۇچىلاردىن سىدىق مامۇت، كېرەم ئېزىم، سايىم ئاۋۇت، سۇلايمان توختى. كىچىك موللاق. ئابلا تۇرەك. مەھەممەتئىمىن ئىسمايىل، سۇلتان توختى، ئىمىر ساماساق، رىشىت بارات، موللا قۇربان سايىم، ئابدۇكېرىم مامۇت. تۇرەك ئىبراھىم، مۇھەممەت ئىسمايىل، مامۇت نۇر، ھېيىت پەتتاق، ئابدۇرېھىم راشىدىن، سىدىق ھەسەن، مەخەت ھەسەن، ئەھەت ئىسمايىل، ئانەك ئۆمەر، ئابدۇۋايىت تۇردەش، ياسىن ئىدرىس، داۋۇت راخمان، تۇرسۇنجان غۇنچە، مۆمىن غوجەك، ئەركىن ساۋۇر، ئوسمان ئۆمەر، يۇسۇپ ئەمەت، غوپۇر روزى. كېرەم مەھەممەت قاتارلىق نامى ئاتالغان كىشىلەر بار. بۇلارنىڭ ھەممىسى مۇقامچى ھەم سازەندىلەر بولۇپ، 1987-يىلدىن باشلاپ بۇلارغا ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ، مارالبېشى ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتىدا ۋە مارالبېشى ناھىيىلىك مەدەنىيەت ئىدارىسىدە ساقلىنىپ كەلگەن.

سېرىقبۇيا بازىرى مۇقامچىلىرى

ئابلىز قارى

مارالبېشى ناھىيىسىنىڭ سېرىقبۇيا بازىرىدىن. مەشھۇر داستانچى ھەم سازەندە. ئۇنىڭ كۆزى ئەما بولسىمۇ، ئاشىق-مەشۇقلار داستانلىرىدىن «يۇسۇپ-ئەھمەت»، «غېرىب-سەنەم»، «تاھىر-زۆھرە»، «ھۆرلىقا-ھەمراجان»، «يۇسۇپ-زۇلەيخا» قاتارلىقلارنى يادلاپ، ئۇنى ئاھاڭغا سېلىپ نەزمە قىلىپ ئوقۇپ،

دۇتار بىلەن ئورۇنداپ، خەلقنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشكەن. ئىچ يۇشقى تارتقان، غېرىبسىنغان، زېرىككەن چوڭ-كىچىك كىشىلەر ئۇنى يوقلاپ، ئۇنىڭ داستانلىرىدىن ۋە سازلىرىنىڭ مۇڭىدىن ھوزۇر ئالدۇ. ناھىيىدە ئۇنىڭ ئۈزلۈكسىز سەنئەت كۆرىكىگە قاتنىشىپ، پۈتۈن ناھىيىدە ۋە قەشقەر ۋىلايىتى تەۋەسىدە تونۇلغان. ئۇنىڭ داستانچىلىقى ۋە چالغۇ سازلىرى باھالاشقا ئېرىشكەن.

ئالاغىر يېزىسى مۇقامچىلىرى

بارات غېجەك

مارالبېشى ناھىيىسىنىڭ ئالاغىر يېزىسى 2-كەنتىدىن، 93 ياش. 15 يېشىدا غېجەك، دولان راۋابى چېلىشنى ئۆگەنگەن. 20 يېشىدىن باشلاپ پېشقەدەم مۇقامچىلارغا ئەگىشىپ ئۇلاردىن مۇقام ۋە نەغمە ئۆگىنىپ، پۈتۈن ئۆمرى نەغمىچىلىك بىلەن ئۆتكەن. ئۇنىڭ نامى ناھىيە تەۋەسىدىلا ئەمەس، بەلكى باشقا ناھىيىلەرگىمۇ تارقالغان بولۇپ، كىشىلەر ئۇنى مۇقام ئۇستازى ھېسابلىشىدۇ. گەرچە ئۇ قېرىپ كەتكەن بولسىمۇ، ھازىرغا قەدەر نەغمە قىلىپ كەلمەكتە.

ئابلا غېجەك

مارالبېشى ناھىيىسىنىڭ ئالاغىر يېزىسى 2-كەنتىدىن، 71 ياش. غېجەك، دولان راۋابى، قالون قاتارلىقلارنى يۇقىرى ماھارەتتە چېلىپ داڭق چىقارغان. غېجەك، راۋابلارنى چېلىشتا بارات غېجەكنى ئۇستاز تۇتقان. كېيىن ئۆزلۈكىدىن تىرىشىش نەتىجىسىدە ھەممە مۇزىكانتلاردىن ئېشىپ كەتكەن. ئۇ، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەممە جايلىرىغا بېرىپ نەغمە قىلىپ، خەلق ئارىسىدا مەشھۇر بولغان. مەزكۇر پېشقەدەم مۇقامچىنى ھۆكۈمەت تەرىپىدىن شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا

ئاپىرىپ ئېكسكۇرسىيە قىلدۇرغان. ئالاغىر خەلقى ئۇنى ئۆزلىرىنىڭ پېشۋاسى ھېسابلاپ، ھۆرمەتلەپ كەلمەكتە.

ئەمەت راۋاب

مارالبېشى ناھىيىسىنىڭ ئالاغىر يېزىسىدىن، 70 ياش. دولان راۋابچىسى. دولان راۋابىنى چېلىشتا تەڭداشسىز بولغاچقا، كىشىلەر ئۇنىڭغا «ئەمەت راۋاب» دەپ نام بەرگەن. يېرىم ئەسىر داۋامىدا ئەلنەغمىچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىپ داپ ۋە راۋاب چېلىپ، مۇقام توۋلاپ كەلگەن.

ھاتەم موللا

مارالبېشى ناھىيىسىنىڭ ئالاغىر يېزىسىدىن، 90 ياش، داستانچى. ئاشىق-مەشۇقلار داستانلىرىنى ئاھاڭغا سېلىپ ئوقۇپ، دۇتار بىلەن ئورۇندايدۇ. كىشىلەر ئۇنىڭ داستانلىرىنى ئاڭلاش ئۈچۈن يىراق-يىراق جايلاردىن كېلىدۇ ياكى ئۆيلىرىگە ئاپىرىدۇ. دولانلىقلار دولان مەشرىپىدىن باشقا داستانچىلارنىڭ غەزەللىرى بىلەن كۆڭۈل ئېچىشنىمۇ ئىنتايىن ياخشى كۆرىدۇ. ھاتەم موللامۇ داستان ئوقۇش بىلەن كىشىلەرنىڭ كۆڭلىنى ئېچىشنى ياخشى كۆرىدۇ.

ياسىن ئىسمايىل

مارالبېشى ناھىيىسىنىڭ ئالاغىر يېزىسىدىن، 46 ياش. قوشاقچى. دولان مەشرەپلىرىدە قوشاقچىلىق مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. ئۇ ئەلنەغمە ۋە دەررە ئويۇنلىرىدا قوشاق قوشۇپ، خەلقنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا ئېرىشكەن. ھەرقانداق بىرەر رېئال ھادىسىنى دەرھال قوشاق بىلەن ئىپادىلىيەلەيدۇ. كىشىلەر ئۇنىڭ قوشاقلىرىنى ئاڭلاشقا ھېرىس.

شامال يېزىسى مۇقامچىلىرى

قاسىم روزى

مارالبېشى ناھىيىسىنىڭ شامال يېزىسىدىن، 66 ياش. دولان راۋابى، قىل غىجەك، قالۇن، داپ قاتارلىقلارنى يۇقىرى ماھارەت بىلەن چالالايدۇ. ئۇ 16 يېشىدىلا مەكتىلىك ئەھمەت غىجەكچىنى ئۇستاز تۇتۇپ غىجەكچىنى ئۆگەنگەن. ئۇندىن كېيىن راۋاب ۋە قالۇن قاتارلىق چالغۇلارنى ئۆگەنگەن. 50 يىل مابەينىدە مۇزىكا بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئىسمايىل ئەيسا، مامۇت يۇسۇپ، سىمانخان ۋە ئوغلى، ھاشىم قاسىم، ئاۋۇت مەھەممەت قاتارلىق شاگىرتلىرىنى تەربىيىلەپ داڭلىق مۇزىكانتلاردىن قىلىپ يېتىشتۇرگەن.

1988 - يىلى مارالبېشى ناھىيىسىدە ئۇيۇشتۇرۇلغان سەنئەت كۆرىكىدە باھالىنىپ، مۇكاپاتلانغان. ھازىر يەنە ئىككى نەپەر شاگىرت تەربىيىلىمەكتە. ئۇ داۋاملىق ئەلنەغمە بىلەن شۇغۇللىنىۋاتىدۇ.

سادىق ئاۋۇت

مارالبېشى ناھىيىسىنىڭ شامال يېزىسى 5 - كەنتىدىن. 65ياش، داپەندى، مۇقامچى. مۇقامنى ئاتىسى ئاۋۇت يولداشتىن ئۆگەنگەن. 50يىلدىن بۇيان مۇقام بىلەن شۇغۇللىنىپ، مارالبېشى ناھىيىسىدىكى ئاتاقلىق مۇقامچىلارنىڭ بىرى بولۇپ قالغان. ناھىيىدە ئۆتكۈزۈلگەن ئەلنەغمىچىلەر كۆرىكىدە بىرقانچە قېتىم باھالىنىپ ماددىي مۇكاپات ئالغان.

بەداخۇن

مارالبېشى ناھىيىسىنىڭ شامال يېزىسىدىن، 77 ياش. ئەلنەغمىچى. 57 يىلدىن بۇيان ئەلنەغمىچىلىكنى ئۆزىگە كەسىپ قىلىپ كەلگەن.

دولان مۇقاملىرىنى ئۆگىنىپ، ئاتاقلىق مۇقامچىلارنىڭ بىرى بولۇپ قالدى.

ئابدۇرېشىت ماموت

مارالبېشى ناھىيىسىنىڭ شامال يېزىسىدىن. ئەلنەغمە بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ئاتاقلىق ئەلنەغمىچىلەردىن بىرى.

چارباغ يېزىسى مۇقامچىلىرى

تۇرسۇن روزى

مارالبېشى ناھىيىسىنىڭ چارباغ يېزىسىدىن. 55 ياش. ئۇ، كىچىكىدىنلا قالۇن چېلىشقا ھەۋەس قىلىپ، مەكتىلىك بارات قالۇننىڭ شاگىرتى ھازىرقى پېشقەدەم قالۇنچى ئىسلام قالۇندىن قالۇن چېلىشنى ئۆگەنگەن. غىجەكمۇ چالىدۇ. شۇندىن باشلاپ مەشرەپلەردە قالۇننى تەڭكەش قىلىپ ئەلنەغمە بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلمەكتە. 1993-يىلى 2-ئاينىڭ 17-كۈنى مارالبېشى ناھىيىلىك مەدەنىيەت ئىدارىسىگە كېلىپ دولان ئون ئىككى مۇقامىنى لېنتىغا ئېلىشقا قاتناشقان.

ساۋۇت نەغمە

ئۇ چارباغ يېزىسىدىكى ئەڭ ئاتاقلىق مۇقامچىلاردىن بىرى بولۇپ، ساۋۇت نەغمە قاتناشمىغان نەغمە ئانچە قىزىمايدۇ. شۇڭا، كىشىلەر ئۇنىڭغا «نەغمە» دەپ نام بەرگەن. ئۇ 1964-يىلى ئۆلۈپ كەتكەن. ئۇنىڭ شاگىرتلىرىدىن ئەمەت نەغمە (60 ياش)، ياقۇپ ھەسەن، ئابدۇۋايىت ئەزىزلەر ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىپ كەلمەكتە.

ئاۋۇت قارى

چاربباغ يېزىسى 8-كەنتىدىن. دولان راۋابى، داپ قاتارلىقلارنى چالىدۇ. مەشرەپلەردە نەغمە قىلىدۇ.

موللا ئىسلام ئابلا

مارالبېشى ناھىيىسىنىڭ چاربباغ يېزىسى 8-كەنتىدىن. 50 ياش. غېجەكچى. ئائىلە سورۇنلىرىدا ۋە مەشرەپلەردە غېجەك چېلىپ، ئەنئەنە نەغمىگە قاتنىشىدۇ.

ھېزى مەھەممەت

مارالبېشى ناھىيىسىنىڭ چاربباغ يېزىسى 8-كەنتىدىن، 50 ياش. دولان راۋابى ۋە ئىسكىرىپكا چالىدۇ. مەشرەپلەردە دولان راۋابى بىلەن نەغمىگە قاتنىشىدۇ.

تىگەمبەرى مەھەممەت

مارالبېشى ناھىيىسىنىڭ چارباغ 11-كەنتىدىن، 48 ياش. داپ ۋە قالۇن چالىدۇ. ئەنئەنە نەغمىچى. مۇقام بىلىدۇ.

پىچاق سۇندى مۇقامچىلىرى

راخمان ئىبلى

مارالبېشىنىڭ پىچاق سۇندى قومۇلۇقىدىن. 50 ياش. قالۇن، غېجەك، دولان راۋابلىرىنى چالىدۇ ھەم ياسايدۇ. پىچاق سۇندىدىن مەشلاخۇن

داموللام (1894—1970)نىڭ تەشەببۇسى بىلەن ئاتاقلىق چالغۇچىلاردىن مازاغوجاملىق ئىمىن قالۇن (1895—1950)، پىچاق سۇندىنىڭ قۇملۇقتىن قۇربان راۋاب (1858—1978)، قۇملۇقتىن روزنىمكام غىجەك (1921—1991)، مارالبېشى ناھىيىسىنىڭ ئاۋات يېزىسىدىكى مەشھۇر سازەندە مەردان موللام، قۇملۇقتىن قالۇن. غىجەك، دولان راۋابچىلىرىنىڭ مەشھۇر ئۇستازى موللائاكام (1884—1993)، پىچاق سۇندىنىڭ «شىرىن» 11-كەنتىدىكى داڭلىق غىجەكچى تۇردى خۇدەك (60 ياش، ھازىر ئۇ بىر مەسچىتنىڭ ئىمامى) قاتارلىقلارنى ئۇستاز تۇتۇپ كەسىپ ئەھلىلىرىنىڭ «تەڭداشسىز قالۇنچى» دېگەن باھاسىغا ئېرىشكەن. ئۇنىڭ نامى پۈتۈن دولان رايونلىرىغا كەڭ تارقالغان بولۇپ، ئۇنىڭ قالۇندىن ئېلىنغان لىنتىلارنىڭ ساداسى جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەممىلا جايلىرىدا ياڭرىماقتا. ئۇ ھازىر ئەۋلاد تەربىيىلەشكە ئەھمىيەت بېرىپ، كۆپلىگەن ھەۋەسكارلارنى تەربىيىلىمەكتە.

داۋۇت قارى

مارالبېشىنىڭ پىچاق سۇندى بازار ئىچىدىن، مۇقامچى، 50 ياش. ئەلنەغمىچىلىكتە پىچاق سۇندى بويىچە ئاتالغانلارنىڭ بىرى.

يۈسۈپ ياقۇپ

پىچاق سۇندىنىڭ قۇملۇق قارا دۆڭدىن، 35 ياش. مۇقامچى. ئەلنەغمە بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. دولان مۇقاملىرىنى ئېيتىشتا خەلقنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشكەن.

باياتاش

پىچاق سۇندىنىڭ شىرىن دېگەن يېرىدىن، 70 ياش. ئۇ تارىخدا كۆپلىگەن مۇقامچى ۋە سازەندىلەرنى يېتىشتۈرگەن. ئۇنىڭدىن تەلىم

www.uyghurkitap.com

ئالغانلار 30 نەپەردىن ئاشىدۇ. ئۇ 1978 - يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ شاگىرتلىرى ئۇنىڭ ئىزىنى بېسىپ نام چىقارماقتا.

نەمەت سا

پىچاق سۇندىدىن. 1978 - يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن. ئۇ ھايات چاغلىرىدا دولان ئون ئىككى مۇقامىنى ئورۇنداپ، خەلقنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشكەن. ئۇ، ئۇستازى چاتلىق ئايىمقىدىكى مەتقاسىم ئاكا بىلەن بىللە سەييارە يۈرۈپ نەغمە قىلىپ، ئالەمدىن ئۆتكەن.

ئېلى نىياز

پىچاق سۇندى قۇملۇق كەنتىدىن. 65 ياش. ئەلنەغمىچى. مۇقامدا ئالاھىدە ئىقتىدارغا ئىگە.

ھوشۇر سۇنجاڭ

پىچاق سۇندىنىڭ قۇملۇق كەنتىدىن. مۇقامچى ھەم ئۇسسۇلچى. ئۇ بېشىغا قىزىق چاي قۇيۇلغان پىيالىنى قويۇپ، ئىككى قولىدىكى قوشۇقتا پىيالىنى ئۇرۇپ تۇرۇپ ئوينايدىغان دولان مىللىي ئۇسسۇلىدا تەڭداشسىز ئىدى. 1956 - يىلى 55 يېشىدا ۋاپات بولغان.

چىغانچۆل مۇقامچىلىرى

مۇقام پېشىۋاسى ئاخۇن قارىم

ئەسلى يۇرتى چىغانچۆل، 1904 - يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن. قالۇن، غېجەك، دولان راۋابى قاتارلىقلارنى ياساش ۋە چېلىشتا

مەشھۇر. ئۇغۇللىرىنى ئۆز ئىگە ۋارىس قىلىپ، دولان نەغمە چالغۇلىرىنى تولۇق ئۆگەتكەن.

ئۇنىڭ ئوغلى ئەمەت موللام (1880—1964) غىجەك، راۋاب، تەمبۇر، نەي، قالۇن چېلىشنى ئۆگىنىپ، پۈتۈن ئۆمرىنى مەشرەپ، ئەلنەغمىچىلىك بىلەن ئۆتكۈزگەن ھەم چالغۇ ياساپ، ئېھتىياجلىقلارغا تارقىتىپ، ئەلنەغمىچىلىكنىڭ ئۇرۇقىنى چاچقان. ئۇنىڭ ئوغۇللىرىدىن نامەتخان (1913—1976) ئانىسىغا ئوخشاش مۇقام شەيداسى بولۇپ، ساتار، تەمبۇر، راۋاب، غىجەك، قالۇن، نەي قاتارلىقلارنى چېلىشتا داڭ چىقارغان.

ئەمەت موللامنىڭ ئىككىنچى ئوغلى يۈسۈپ ئەمەتمۇ خۇددى ئاتا-بوۋىلىرىغا ئوخشاش ئەلنەغمىنى ئۆگىنىپ، خەلق ئىچىدە ئۆزىنىڭ ئەلنەغمىچىلىك ماھارىتى بىلەن زور ھۆرمەتكە ئىگە بولغان.

مەخەت سادىق

چىغانچۆلنىڭ 5-كەنتىدىن، 35 ياش. مۇقامچى. ئەلنەغمىچىلىكتە مارالبېشى، ئاۋات ناھىيىلىرىدە تونۇلغان. ئۇ سەييارە يۈرۈپ، ئەلنەغمىچىلىكنى ئاساسىي كەسىپ قىلغان. ئۇنىڭ نامى دولان رايونلىرىدا بىر قەدەر مەشھۇر.

ئىسمايىل غىجەك

چىغانچۆلنىڭ 5-كەنتىدىن، 70 ياش. ئۇستا غىجەكچى، غىجەكنى چالىدۇ ھەم ياسايدۇ. غىجەك چېلىشتا ئۇنىڭ بىلەن تەڭ تۇرىدىغانلار ئاز تېپىلىدۇ. چىغانچۆل تەۋەسىدە ئىسمايىل غىجەكنى چاقىرماي مەشرەپ ئۆتكۈزمەيدۇ.

شاقۇر مۇقامچىلىرى

مەھەممەتھاجى موللا ئىسلام

مارالبېشىنىڭ شاقۇردىن. 79 ياش. ياش چاغلىرىدا دولان مۇقام-مۇزىكىلىرىنى ئۆگىنىشكە ھەۋەس قىلىپ، مارالبېشى ناھىيىسىنىڭ دۆلەتباغ يېزا سېرىغۇنۇش كەنتىدىكى ئاتاقلىق راۋابچى ئازى راۋابنى ئۇستاز تۇتۇپ، ئۇنىڭدىن راۋاب. غىجەك. قالۇن. داپ قاتارلىقلارنى ئۆگەنگەن. دولان مۇقامى ۋە دولان چالغۇلىرىنى بىلىشنى دولانلىقلار ئۈچۈن مۇقەددەس بىلىپ، ئوغلى ئىبراھىم قارىمغىمۇ داپ، غىجەك، قالۇن، دولان راۋابى قاتارلىقلارنى چېلىشنى ئۆزى ئۆگەتكەن. ئۇ ھەج قىلىپ كەلگەندىن كېيىنمۇ مۇزىكا چېلىشنى تاشلىمىغان. 1993-يىلى 2-ئاينىڭ 17-كۈنى شاقۇردىن مارالبېشى ناھىيىلىك مەدەنىيەت ئىدارىسىگە كېلىپ، دولان ئون ئىككى مۇقامىنى لېنتىغا ئېلىشقا قاتناشقان ھەم قالۇن. راۋاب چالغان.

ئوسمان مەھەممەت

شاقۇردىن 50 ياش، ئەلنەغمىچى. قۇملۇقتىكى روزىمكامنى ئۇستاز تۇتۇپ، ئۇنىڭدىن غىجەك چېلىشنى ۋە مۇقامنى ئۆگەنگەن. ئەلنەغمە بىلەن شۇغۇللانغىنىغا 30 يىلدىن ئاشقان. ھازىر شاقۇردىكى ئاتاقلىق مۇقامچىلارنىڭ بىرى.

تۇمشۇق مۇقامچىلىرى

ھەسەن باۋدۇن

تۇمشۇقنىڭ توققۇز ساراي 4-كەنتىدىن. داڭلىق مۇقامچى بولۇپ، تۇمشۇق دائىرىسىدىكى ئەلنەغمىچىلەر ئارىسىدىكى تونۇلغانلارنىڭ

بىرى. ئۇ مارالبېشى ناھىيىسى تەۋەسىدە سەييارە يۈرۈپ، ئەلنەغمە بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

بارات توختى

تۇمشۇقنىڭ توققۇز ساراي كەنتىدىن، 60 ياش. پۈتۈن ئۆمرىنى ئەلنەغمىچىلىك بىلەن ئۆتكۈزگەن. ھازىرغىچە تەكلىپ قىلىنغان رايونلارغا بېرىپ مەشرەپلەردە نەغمە قىلىپ، خەلقنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشىپ كەلمەكتە.

ھەمەجان سىدىق

تۇمشۇق چاپان كۆيدىدىن. 45 ياش. قالۇن، غىجەك، دولان راۋابى، داپ قاتارلىقلارنى چالىدۇ. ئۇنىڭ ئائىلىسىدە ھەر ئاخشىمى مەشرەپ ئۆتكۈزىدۇ. ئائىلىسىدىكى ھەممەيلەن نەغمىچى، ئۇسسۇلچى. ئائىلە مەشرىپىنىڭ سىرتىدا جاڭگالدىكى چارۋىچىلار ئۇنىڭ ئائىلىسىگە توپلىشىپ، پات-پات مەشرەپ ئوينىشىدۇ. ئۇ مۇزىكا چېلىشنى ئاتىسىدىن ئۆگەنگەن. «يەكتەك باياۋان» دېگەن بىر مۇقامنى ئاتىسى سىدىق ساقالدىن ئۆگىنىۋالغان. بۇنىڭ ئائىلىسىدە ئاكىسى ئاۋۇت سىدىق قاتارلىق بىرنەچچىسى دولان راۋابى چېلىشنى بىلىدۇ.

ئاناكۆل مۇقامچىلىرى

سايىم داۋۇت

ئانا كۆل يېزىسى 3-كەنتىدىن، 65 ياش. مۇقامچى ۋە داپەندى. بۇلار ئۈچ ئەۋلاد ئەلنەغمىچىلەر بولۇپ، مۇقام ۋە ئەلنەغمىچىلىكنى ئاتىسى داۋۇت نەغمىدىن ئۆگەنگەن. ئۇ ھازىرغا

قەدەر ئاناكۆل تەۋەسىدە ئۆتكۈزۈلگەن مەشرەپلەرنىڭ ھەممىسىدە نەغمە قىلىپ، خەلقنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشىپ كەلمەكتە.

ئابدۇۋەلى ساماق

ئاناكۆل يېزىسى 4-كەنتىدىن. 48 ياش. ئەلنەغمىچى. دولان راۋابى چالىدۇ.

ئىدرىس ياسىن

ئاناكۆل يېزىسى 23-كەنتىدىن. 38 ياش. ئەلنەغمىچى. غېجەك، ئىسكىرىپكا، دۇتار قاتارلىق سازلارنى ياخشى چالىدۇ.

ئابلىز غوپۇر

ئاناكۆل يېزىسىنىڭ 4-كەنتىدىن، 46 ياش. ئەلنەغمىچى. دولان راۋابى چالىدۇ.

ئىبراھىم غېجەك

ئاناكۆل يېزىسىنىڭ 4-كەنتىدىن، 71 ياش. غېجەكنى توققۇز يېشىدا ئۆگەنگەن. 20 يېشىدىن باشلاپ ئەلنەغمىگە قاتنىشىپ، غېجەك چېلىشتا نام چىقارغان.

غوپۇر سايىم

ئاناكۆل يېزىسىنىڭ 3-كەنتىدىن، 41 ياش. داپ، غېجەك، دولان راۋابى، دۇتار قاتارلىقلارنى چالىدۇ. ئەلنەغمىچىلىكنى ئاتىسى

www.uyghurkitap.com

سايىم داۋۇتتىن ئۆگەنگەن. ھازىر ئەلنەغمە بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

نۇرمەھەممەت بارات

ئانا كۆل يېزىسىنىڭ 3-كەنتىدىن، 61 ياش. دولان راۋابچىسى، ئەلنەغمە بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەن.

ئابدۇكېرىم مەخسۇم

ئانا كۆل يېزىسىنىڭ 8-كەنتىدىن، 81 ياش. بۇ كىشى ئاناقلىق خەتمە قوشاقچىسى بولۇپ، تىلاۋەت، خەتمىلەردە رېئاللىقتىن قوشاق قوشۇپ ھۆكمەت ئوقۇش ئارقىلىق، كىشىلەرنى تەربىيىلەيدۇ. ھۆكمەت ئاھاڭلىرىنى ئىنتايىن مۇڭلۇق ئوقۇغانلىقى ئۈچۈن، كىشىلەر ئۇنىڭ ھۆكمەتلىرىنى مۇقام قاتارىدا قېتىرقىنىپ ئاڭلايدۇ.

2. ئاۋات ناھىيىسىدىكى دولان مۇقامچىلىرى

مەمتاۋلا راۋاب

غورۇ چۆل يېزىسىنىڭ قەدىم ئايماق كەنتىدىن، 70 ياش. بۇلارنىڭ ئەجدادلىرى ئەلنەغمىچىلەر بولۇپ، ئاتىسى ئاقنىياز موللام (1892—1970) ئۆمرىنىڭ ئاخىرلىرىغىچە بىر تەرەپتىن دىنىي پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بارسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئەلنەغمىچىلىكنىمۇ تاشلىۋەتمىگەن. بۇلارنىڭ ھەممىسى مۇقامخۇمار كىشىلەر بولۇپ، مەمتاۋلا راۋاب مۇقام ۋە ئەلنەغمىنى ئاتىسىدىن ئۆگەنگەن. دولان راۋابى چېلىشنى ئاپىسىنىڭ ئاتىسى، تەڭداشسىز دولان راۋابچىسى مەھەممەت راۋاب (1854—1940) تىن ئۆگەنگەن. ماموت زەيدىلنى ئۇستاز تۇتقان. مۇقام-مۇزىكىدا تونۇلۇپ، ئازادلىقتىن بۇرۇنقى ئاۋات

ناھىيىسىنىڭ چوڭ ئاخۇنى، قازى قۇززات ھەمدۇللاخان مەخسۇمنىڭ
يېنىدىكى مۇقام گۇرۇپپىسىدىن قەدىم ئايماقلىق داپەندى مەھەممەت
نەيچى ۋە ساتارچى تەۋەككۇل قۇر بېشى، راشىدىن تەمبۇر، سايىت
قوشقار (قالۇن)، ئىمامنىياز راۋاب، روزى راۋاب، توختى راۋاب
قاتارلىقلارنىڭ ماختىشىغا ئېرىشكەن. مۇقام گۇرۇپپىسىنىڭ تەكلىپ قىلىشى
بىلەن چوڭ ئاخۇنۇمنىڭ ئالدىدا كۆپ قېتىم مۇقام ئورۇنداشقا قاتناشقان.
شاگىرت قالدۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىپ، قەدىم ئايماقتىن ھاشىم
ھەسەن، ئىمرەمزى قۇربان، ناھىيە بازىرىدىن قېرىندىشى ئالىم
ئاقنىياز ۋە ئامۇت ساۋۇت (1923—1991)، ئاقسۇ قارىتالدىن سايىت
مامۇت (1940—1963) قاتارلىقلارغا دولان راۋابى چېلىشنى ئۆگىتىپ
چىققان. 1952-يىللارغا كەلگەندە پېشقەدەم راۋابچىلارنىڭ ماختىشىغا
سازاۋەر بولۇپ نام چىقارغان. ئەينى چاغدا ئۇ ئەڭ ياش سازەند
ىلەردىن ئىدى. ئۇ ھەتتا ئاقسۇ ۋىلايىتى دائىرىسىدە تونۇلۇپ،
ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكىنىڭ تەكلىپى بىلەن سەنئەتكە قاتناشقان.
ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكىدە ئىشلىگەن 1952-يىلدىن 1963-يىلغىچە
بولغان 13 يىل داۋامىدا شىرئەلىنى شاگىرتلىققا ئېلىپ، دولان
مۇقاملىرىنىڭ بىر قىسمىنى دولان راۋابى بىلەن ئورۇنداليغىدەك
دەرىجىدە ئۆگەتكەن. ئۆزى ماندالىن، ئىسكىرىپكا، تەمبۇر، داپ،
قەشقەر راۋابى چېلىشنى ئۆگىنىپ، ئىقتىدارىنى ئاشۇرغان. 1964-يىلى
ئاۋاتقا قايتىپ مەدەنىيەت يۇرتىدا ئىشلىگەن. سەنئەت ئۆمەككە
دولان مۇقاملىرىنى كېڭەيتكەن. ئۇ، دولان راۋابچىسى بولۇپلا قالماستىن،
يەنە مۇقام تارىخچىسى. مۇقام ناملىرى توغرىسىدا ئۇستازلىرىدىن
چوڭقۇر تەلىم ئالغان. ئۇ، ئاۋات ناھىيىسىدىكى دولان مۇقامى ۋە
راۋاب ئۇستازلىرىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. راۋاب
چېلىشتىن باشقا، دولان راۋابى ياساش بىلەنمۇ شۇغۇللىنىدۇ. ئۇنىڭ
ياساپ تارقاتقان راۋابلىرى ئوندىن ئاشىدۇ. ئۇنىڭ ئۆزى ئىجاد
قىلغان «سادا باياۋان» دەپ بىر مۇقامىمۇ بار. دولان مۇقاملىرىدىن
باشقا. بەشئېرىق سەنەملىرىنىمۇ بىلىدۇ.

ئاۋۇت مۇسا

غورۇچۇل يېزىسىنىڭ «بوسۇغا» كەنتىدىن، 73 ياش. ئاۋات ناھىيىسىدىكى بىردىنبىر دولان مۇقامچىسى. ئاۋات ناھىيىسىدە بۇنىڭ بىلەن تەڭداشلار يوق.

ئاۋۇت مۇسا كىچىك چاغلىرىدىن باشلاپ ئەلنەغمىگە كۆڭۈل بېرىپ، مارالبېشى ناھىيىسىنىڭ شاقۇردىن ئاۋات ناھىيىسىگە كۆچۈپ كېلىپ غورۇچۇل يېزىسىنىڭ دولان مەھەللىسىدە ئولتۇراقلىشىپ قالغان داڭلىق راۋابچى ھەم مۇقامچىلاردىن يۇنۇس بوجاڭ (1897—1963)، ھەمەچەك (1873—1936)، شاقۇرلۇق نورۇز ھاجىمنىڭ ئوغلى داڭلىق راۋابچى ھەم مۇقامچى قادىر موللام (1910—1980)، غورۇچۇل دولان مەھەللىسىدىن راۋابچى ئوسمان نەغمە (1874—1939)، ئاۋۇت بەگ (1913—1988)، ماموت مەھەممەت (1911—1975)، ئارا مەھەللىدىن ئىسمايىل دايىم (1891—1951)، غورۇچۇل «كەكەبېشى» دىن نىياز راۋاب (1896—1951) قاتارلىقلارغا ئەگىشىپ، شۇلارنىڭ خىزمىتىنى قىلىپ ئەلنەغمىچىلىك بىلەن شۇغۇللانغان. پېشقەدەم مۇقامچىلاردىن ئالەمدىن ئۆتكەن ماموت زەيدىل، توغلۇق ئالتۇنلۇق موللا غېجەك، ئىدرىس تاشچى قاتارلىقلار بىلەن ئەينى زاماندا يېقىن ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتتە بولۇپ كەلگەن. ھازىرمۇ مارالبېشى مۇقامچىلىرىدىن نۇرغۇنلىرى ئاۋۇت مۇسانىڭ مۇقام ئىقتىدارىنى ماختاپ كەلمەكتە. ھازىرقى مىللىي مەدەنىيەتنىڭ گۈللىنىۋاتقان پەيتىدە، ئۇنىڭ لەرزان ئاۋازى ئاڭلىغۇچىلارنىڭ دىققىتىنى قوزغاپ، ئۆزگىچە مەھلىيا قىلماقتا.

ماموت زەيدىل

ئايباغ يېزىسىنىڭ تۆۋەنكى دولان كەنتىدىن. 1943-يىلى غورۇچۇل خاڭگۈڭگە بېرىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغان. ئۇ مۇقام، مۇزىكىغا

ئىشتىياق باغلاپ، مەشھۇر مۇقامچى، سازەندىلەرنى ئۇستاز تۇتۇپ. 15 يېشىدىلا ئۆگىنىشكە كىرىشكەن. تۆۋەنكى دولاندا ياشاپ ئۆتكەن توختى راۋابنىڭ دولان راۋابى، دولان غېجەكى، ساتار، دۇتار، قەشقەر راۋابى، داپ چېلىشنى تولۇق ئۆگىنىپ، بىر ئۆمۈر ئەلنەغمىچىلىك بىلەن داڭق چىقارغان. ۋارىس تەربىيىلەشكە ئەھمىيەت بېرىپ، تۆۋەنكى دولاندىن مەتنىياز راۋاب (1915—1985)، ئىمامنىياز راۋاب (1890—1970)، ھازىرقى ئاۋات ناھىيىسىدىكى مەشھۇر پېشقەدەم دولان راۋابچىسى مەمتاۋلا راۋاب قاتارلىقلارغا مۇقام ۋە راۋاب چېلىشنى ئۆگىتىپ چىققان.

مامۇت زەيدىل خاڭگۇڭغا كۆچۈپ بارغاندىن كېيىن، شۇ يەرلىك مامۇت ئىمىن (1920—1978)گە راۋاب چېلىشنى ۋە ئەلنەغمىچىلىكنى ئۆگىتىپ، ئاتاقلىق مۇقامچىلاردىن قىلىپ يېتىشتۈرگەن. ئۆزىنىڭ ئوغۇللىرىدىن ئاۋۇت مامۇتقا راۋاب چېلىشنى، ئابدۇكېرىم مامۇتقا ئەلنەغمە ئۆگەتكەن. بۇلار ھېلىمۇ ئاتىسىغا ۋارىسلىق قىلىپ ئەلنەغمىچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلمەكتە.

مۇسا ماغال

غورۇچۆل دولان مەھەللىسىدىن. تارىختا ئۆتكەن مەشھۇر مۇقامچىلارنىڭ بىرى بولۇپ، ئەجدادلىرىدىن تارتىپ مۇقام-مۇزىكا ۋە ئەلنەغمە بىلەن ئۆتكەن. ئاتىسى ئەيسا ماغال (1859—1943)، ئۇنىڭ ئاتىسى نايۇپخان ماغال (1829—1909). ئۇنىڭ ئاتىسى ئايۇپ ماغال (1801—1883)، ئۇنىڭ ئاتىسى ئىلاخۇن ماغال (1771—1856) دېگەنلەرنىڭ ھەممىسى ئاۋات ناھىيىسى ۋە ئاقسۇ قارىتال قاتارلىق جايلاردا ئەلنەغمە بىلەن شۇغۇللىنىپ، نامى مەشھۇر بولغان.

مۇسا ماغال ئەۋلادلىرىغىمۇ مۇقام ئۆگىتىشنى مۇھىم بىلىپ، ئوغلى ئابدۇقادىر مۇساغا مۇقام ۋە ئۇسسۇل ئۆگەتكەن. بۇنىڭ ئەۋلادلىرىدىن بىرقانچىسى ھازىرمۇ سەنئەت ساھەسىدە ئىشلەپ كەلمەكتە.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

ئىمىر ئەھمەت

غورۇچۆل يېزىسىنىڭ ئايكۆل كەنتىدىن، 51 ياش. دولان مۇقامچىسى. ئۇنىڭ ئاتىسى ئەھمەت ئۇستا (1922—1985)، ئۇنىڭ ئاتىسى ئەنسارى ئۇستا (1890—1945) ۋە ئۇنىڭ ئاتا-بوۋىلىرىغىچىلىك ھەممىسى ئەلنەغمە بىلەن شۇغۇللىنىپ ئاۋات، مارالبېشى يېزىلىرىدا مەشھۇر بولۇپ ئۆتكەن. ئىمىر ئەھمەتمۇ ئاتىسىغا ۋارىسلىق قىلىپ، ئەلنەغمە بىلەن شۇغۇللانغان. ئاۋۇت مۇسادىن تەلىم ئېلىپ، دولان مۇقاملىرىدىن توققۇزنى تولۇق ئۆگەنگەن ۋە باشقىلارغىمۇ ئۆگىتىپ كەلگەن.

ئابدۇقادىر مۇسا

غورۇچۆل دولان مەھەللىسىدىن، 49 ياش. دولان مۇقاملىرىنى تىرىشىپ ئۆگەنگەن. ئۇنىڭ ئاتىسى مۇسا ماغال ۋە ئۇنىڭ ئاتا-بوۋىلىرى ئەلنەغمە بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەنلەر بولغاچقا، بۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى ئاساسەن سەنئەت بىلەن شۇغۇللانغان. ئابدۇقادىر مۇسا خىزمىتىدىكى قولايلىق پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، مۇقامچىلارغا ئىلھام بەرگەن ۋە ئاۋات ناھىيىسىدىكى دولان مۇقامچىلىرىنى تەربىيىلەش، دولان چالغۇلىرىنى ساقلاپ قېلىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش جەھەتلەردە مۇھىم رول ئوينىغان.

نۇر ھەمەر

غورۇچۆل يېزىسىنىڭ تۇغلۇق ئالتۇن كەنتىدىن، 68 ياش. دولان غېجەكچىسى ھەم مۇقامچى. ئۇ، كىچىك چېغىدىلا

مۇقام-مۇزىكىغا ئىشتىياق باغلاپ، ئاۋات ناھىيىسىدە ئۆتكەن مەشھۇر غىجەكچى ئابلىم غىجەك (1878—1962)، يۇقىرىقى دولان كەنتىدىن موللا غىجەك (1892—1962) قاتارلىقلارنى ئۇستاز تۇتۇپ، غىجەك چېلىشنى ۋە دولان مۇقام، ئەلنەغمىلىرىنى ئۆگەنگەن ۋە ئەلنەغمە بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەن.

ھەسەن راۋاب

غورۇچۆل يېزىسىنىڭ بەشئېرىق كەنتىدىن، 51 ياش. دولان راۋابىنى غورۇچۆل قىياق قۇدۇق كەنتىدە ئۆتكەن دىنىي ئۆلىما، راۋاب ياساش ئۇستىسى ۋە راۋاب چالغۇچى مەشھۇر مۇزىكانت، دولان مۇقامچىسى مەھەممەت سىدىق موللام (1890—1968) دىن ئۆگەنگەن. مەھەممەت سىدىق موللام ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن ئىمرەمزى قۇربان (1927—1988) نى ئۇستاز تۇتۇپ، ئۇنىڭ شاگىرتلىرىدىن بارات ئاۋۇت، تۇنىياز تۇردى، ھەسەن ئەيسا، ئەسەت سوپى قاتارلىقلار بىلەن بىللە ئەلنەغمە بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەن. ھازىر ئۇ، ئاۋات ناھىيىسىدىكى دولان راۋابچىلىرىدىن كۆزگە كۆرۈنگەنلەرنىڭ بىرى بولۇپ قالدى.

ئىمىن ئىسمايىل

غورۇچۆل بەشئېرىق كەنتىدىن، 53 ياش. دولان مۇقامچىسى. ئۇ، غورۇرچۆلدىكى داڭلىق دولان مۇقامچىلىرىدىن ئاۋۇت مۇسا، ئىمىر ئىبراھىم، سەمەت سوپى، ئىمرەمزى قۇربانلارغا ئەگىشىپ دولان مۇقاملىرىنى ئۆگىنىپ، ئەلنەغمە بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەن. ھازىر، ئۇ غورۇچۆل يېزىسىدىكى ئاتاقلىق مۇقامچىلاردىن بىرى بولۇپ قالدى.

www.uyghurkitap.com

بارات ئاۋۇت

غورۇچۇل ئارا مەھەللىدىن. 41 ياش. دولان راۋابچىسى ھەم مۇقامچى. ئۇنىڭ ئاتىسى ئاۋۇت ساۋۇت دولان مۇقامچىسى، تاغىسى ئامۇت ساۋۇت (1919—1990) يېتىشكەن دولان راۋابچىسى بولۇپ، دولان مۇقاملىرىنى ئاتىسىدىن، دولان راۋابىنى تاغىسىدىن ئۆگەنگەن. ھازىر، ئۇ ئاۋات ناھىيىسىدىكى ئاتاقلىق راۋابچىلارنىڭ بىرى بولۇپ، ناھىيە بويىچە ئۆتكۈزۈلىدىغان مەدەنىي پائالىيەتلەرگە ئالاھىدە تەكلىپ قىلىنىشىنىڭ سىرتىدا، ناھىيە دائىرىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان چاقىيەلەك مەشرەپلىرى، توي-تۆكۈن قاتارلىق مەشرەپلەرنىڭ ھەممىسىگە ئالاھىدە تەكلىپ قىلىنىدۇ. ئۇنىڭ نامى ناھىيە دائىرىسىدە مەشھۇر بولۇپ كەلمەكتە.

سەمەت سوپى

غورۇچۇل بەشئېرىق كەنتىدىن، 51 ياش. دولان مۇقامچىسى. ئۇ، مۇقامنى ئاكىسى ئاۋۇت مۇسا، ئىسمايىل دايىم (1906—1965)، مەھەممەت مۇسا قاتارلىقلاردىن ئۆگەنگەن. دولان مۇقامىدا ئالاھىدە نام قازىنىپ، ياش مۇقامچىلارنىڭ باشلامچىسى بولۇپ كەلگەن. ئىمىن ئىسمايىل، سەمەت راخمان قاتارلىق كىشىلەرگە دولان مۇقامى ۋە نەغمە ئۆگىتىپ ۋارىس تەربىيىلىگەن. ھازىر ئۇ ئاۋات ناھىيىسىدىكى مەشھۇر مۇقامچىلارنىڭ بىرى بولۇپ قالدى.

جۇمە نۇر

دولان يېزىسىنىڭ توغراق مازار كەنتىدىن، 63 ياش. دولان مۇقامچىسى. بۇ يېزىدا پېشقەدەم دولان مۇقامچىلىرى ۋە سازەندىلەر

ئاساسەن توگەپ، پەقەت مۇشۇ بىرىلا قالغان. دولان يېزىسىدا مۇقامچى، ئەلنەغمىچىلەرنىڭ توگىشى بىلەن مەشرەپمۇ ئاساسەن توگىگەن. مەلۇم زوروريەت بىلەن مەشرەپ ئوتكۈزۇش توغرا كېلىپ قالسا، جۇمە نۇر نەغمە ئېھتىياجىنى بىرنەچچە ياش ھەۋەسكارلار بىلەن بىرلىكتە قاندۇرۇپ كەلمەكتە.

ئەمەت ساۋۇت

غورۇچول يېزىسىنىڭ قاراتال مەھەللىسىدىن، 86 ياش. دولان مۇقامچىسى. دولان راۋاپچىسى ماموت زەيدىل، ھامۇدۇن شەيخ قاتارلىقلار بىلەن بىر گورۇپپا بولۇپ ياشلىق دەۋرلىرىنى ئەلنەغمە بىلەن ئوتكۈزگەن. ئۇ دولان مۇقاملىرىدىن باشقا، بەشئېرىق سەنىمىنى تولۇق بىلىدۇ.

يۇقىرىدا تونۇشتۇرۇلغانلاردىن باشقا، ھەرقايسى يېزىلارنىڭ دائىرىسىدە ئوخشاش بولمىغان سەۋىيىدىكى دولان مۇقامچى ۋە چالغۇچىلىرى خېلى كوپ.

3. ئاقسۇ شەھىرىنىڭ ئايكول ۋە قاراتال يېزىسى مۇقامچىلىرى

ئابلاخان غوجا مەخسۇم ھاجىم

ئاقسۇ شەھەر ئايكول يېزىسى سايئېرىق كەنتىدىن، 82 ياش. ئۇ ئاتاقلىق دىنىي ئولىمالار ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن بولۇپ، ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك مۇقام-مۇزىكىنى ئوزگە مەنىۋى ئوزۇق قىلىپ كەلگەن. يەر-زېمىنغا كوكول بەرمەي، ئىلىم-مەرىپەت بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەن. ئاتىسى ھەمدۇللاخان مەخسۇم ئاۋات ناھىيىسىگە قازى قۇززات بولغان (1924—1949) دەۋرلەردە

ئاۋاتنىڭ مىللىي ناخشا-ئۇسسۇل سەنئىتى تەرەققىي قىلدۇرۇلۇپ، ئەلنەغمىچىلەرنىڭ ئابروي-ئىناۋىتى ئاجايىپ ئۆستۈرۈلگەن. مەشرەپ-مۇقامنى ماختايدىغان كىشىلەر بولغانكى، ئۇنىڭ غەيۋىتىنى قىلىشقا ھېچكىم جۈرئەت قىلالمىغان. ئۇنىڭ يېنىدىكى خاس مۇقامچىلىرى ناھايىتى چوڭ نوپۇزغا ئېرىشكەن. نەتىجىدە مۇقام-مۇزىكا ھەۋەسكارلىرى كۆپىيىپ، كۆپلىگەن مۇقامچىلار يېتىشىپ چىققان. ئاۋات ناھىيىسىگە ئەسلىدىكى دولان مۇقاملىرىدىن باشقا، ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامنى تارقىتىپ، دولان مۇقامچىلىرىدىن ھازىرقى ئاۋات ناھىيىسىنىڭ قەدىم ئايماق كەنتىدە ئولتۇرۇشلۇق ئىلى يايا (85 ياش) غا ئوخشاش ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقام پېشۋالىرى يېتىشىپ چىققان. ئابلاخان غوجام مەخسۇم ھاجىم ئاتىسىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن تەمبۇر، دۇتارنى تولۇق ئۆگەنگەن. ئۇمۇ ئاتىسىغا ئوخشاش مۇقام خۇشتارى بولۇپ، پۈتۈن ئۆمرىدە مۇقام-مۇزىكىسىدىن ھوزۇر ئېلىپ كەلگەن. ھازىر، ئۇ ياشىنىپ قالغان بولسىمۇ، ساز چېلىشنى تاشلىمىغان. ئاقسۇ، ئاۋات ناھىيە خەلقلىرى ئۇنى ئىنتايىن ھۆرمەتلەيدۇ. كىشىلەر ئۇنىڭ مەرىپەتپەرۋەرلىكىنى ماختىشىپ كەلمەكتە.

ئۇنىڭدىن باشقا، ئاقسۇ شەھىرىنىڭ قاراتال يېزىسىدىمۇ ئايۇپ راۋاب، ئىمىن نەغمە، تۇنىياز راۋاب، سابىت ئاخۇن، گايىت ئاخۇن، روزى دوغا قاتارلىق نۇرغۇنلىغان مەشھۇر مۇقامچىلار دولان رايونلىرىغا كەڭ تونۇلغان. ئۇلار ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن سايىم راۋاب، مەتنىياز راۋاب قاتارلىق يەنە بىر قىسىم مۇقامچىلار يېتىشىپ چىقتى.

4. مەكىت ناھىيىسىدىكى مۇقامچىلار

مەكىت ناھىيىسىمۇ مارالبېشى ناھىيىسىگە ئوخشاشلا دولان مەشرەپ-مۇقاملىرىنى قىزغىن داۋاملاشتۇرۇپ، تەرەققىي قىلدۇرۇپ كېلىۋاتقان بىر جاي بولۇپ، دولان مۇقامچىلىرى (ئەلنەغمىچىلەر) باشقا رايونلاردىن ھەرگىز قېلىشمايدۇ. مەكىت مۇقامچىلىرىنىڭ نامى

ئەزەلدىنلا مەشھۇر بولۇپ كەلگەن. بىر قىسمى سىرتقى جايلارغا
بېرىپ ئۇستاز بولغان. مەكتىلىك قالۇنچى بايتاشباي، ھەسەنەك
دوغا دېگەنلەر مارالبېشىنىڭ پىچاق سۇندى رايونى ۋە ئاۋات
ناھىيىسى قاتارلىق جايلاردا ئەلنەغمە قىلىپ زور نوپۇزغا ئېرىشكەن.
ئۇلارنىڭ شاگىرتلىرىدىن بىر قىسمى ھازىرغىچە قالۇن ۋە راۋاب
چېلىش بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلمەكتە. مەكىت ناھىيىسىدىكى ئاتاقلىق
مۇقامچىلاردىن: ئەخمەت قالۇن، ئۇنىڭ ئوغلى ئىسمايىل قالۇن،
مەتنىياز راۋاب، قاسىم راۋاب، ئەمەت راۋاب، ھېيت راۋاب،
ئەيسا غېجەك، مۇسا غېجەك، نازىل غېجەك، ئاۋۇت نەغمە،
سوپاخۇن مۇقام، تۇرەك ئاۋۇت، ئىمىن ھاجىم، ئىسمايىل ئىسلام
قاتارلىقلارنىڭ تارىخي تۆھپىلىرى مەكىت تەزكىرىسىگە كىرگۈزۈلگەن.
ئۇلارنىڭ شاگىرتلىرىدىن: مەھەممەت تۇردى، ئابدۇجېلىل روزى،
ئەمەت قارى، روزى موللا، مامۇت شەيخ، تۇرسۇن مەتنىياز،
ھۇسەيىن يەھيا، ھەسەن نۇرەك، مەھەممەت قادىر، ئىسمايىل
روزى، توختى ئىبراھىم، ئوسمان قادىر، تۇرسۇن مامۇت قاتارلىق
بىر قەدەر مۇكەممەل يېتىشىپ چىققان ياش ۋە ئوتتۇرا ياش مۇقامچىلار
بار.

يوپۇرغا، يەكەن قاتارلىق باشقا جايلاردىكى دولان
بېزا-كەنتلىرىدىمۇ دولان مۇقامچىلىرى ئاز ئەمەس. دولانلىقلار
نەگىلا بارسا، مەشرەپ بىرگە بارىدۇ، مەشرەپ بولىدىكەن
مۇقام، ئەلنەغمىلىرى بولىدۇ، ھەتتا چۆل-باياۋاندىمۇ ئوخشاش.
مەن پەقەت ئۆزۈم تەكشۈرۈش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشكەن، نامى
مەشھۇر بولغانلارنىلا تونۇشتۇردۇم.

خاتىمە

دولان مەشرەپ-مۇقاملىرى تەتقىقاتچىلارنىڭ دىققىتىنى تارتىۋاتقان بىر تېما بولغاچقا، بۇ ھەقتە نۇرغۇن تەتقىقاتلار ئېلىپ بېرىلىپ، بەزى تەرەپلىرى بىر قەدەر يورۇتۇلغان بولسىمۇ، لېكىن تەتقىقات خادىملىرى تۆۋەنگە بېرىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بارماقچى بولغاندا، بەزى رايونلاردىكى مۇناسىۋەتلىك كىشىلەرنىڭ كارى بولماسلىقى، تەتقىق قىلغۇچىلارنى ئانچە قوللىماسلىقى ياكى يالغان مەلۇماتلارنى بېرىپ قايتۇرۇۋېتىشى نەتىجىسىدە بەزى مۇھىم جەھەتلەر يەنىلا يېپىق پېتى قېپقالدى. يەنە بىر جەھەتتىن، تەتقىق قىلىش بىر رايونغىلا مەركەزلىشىپ قېلىپ تەكشۈرۈش كەڭ دائىرىلىك بولمىغاچقا، دولان مەشرەپ-مۇقاملىرىدىكى نۇرغۇنلىغان يەرلىك خۇسۇسىيەتلەر ۋە تارىخىي مەلۇماتلار تەتقىقاتچىلار بىلەن يۈز كۆرۈشۈش پۇرسىتىگە ئېرىشەلمىدى. دولان رايونىنىڭ دائىرىسى كەڭ، ئورۇنلىشىشى تارقاق بولغانلىقى ئۈچۈن، ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىشمۇ ئىنتايىن قىيىن ھەم ئۇزاق ۋاقىت تەلەپ قىلىدىغان ئىش. شۇڭا تەتقىقات ئېلىپ بارغۇچىلارغا ئۈنچىۋالا يۇقىرى تەلەپ قويۇشقىمۇ بولمايدۇ. مەن مۇشۇ جەھەتتىكى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش مەقسىتىدە ئۆزۈمنىڭ دولان رايونىدا دولانلىقلار بىلەن بىللە ياشاپ كەلگەنلىكىم، دولان مەشرەپ-مۇقاملىرىنىڭ قوينىدا ئۆسكەنلىكىم، ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ ماڭا بەكمۇ روشەن بولۇشتەك قولايلىق پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، دولان مەشرەپ-مۇقاملىرىنىڭ رايونلار پەرقىنى ئېنىقلاش ئۈچۈن، ھەر بىر مەھەللە-گورۇپپىلارغىچە، ھەتتا چۆل-جەزىرىدىكى چارۋا

رايونلىرى، دولانلىقلارنىڭ قەدىمكى ياشىغان جايلىرى، قالدۇرغان مەدەنىيەت ئىزنالىرىغىچە بېرىپ، كۆرۈش، ئاڭلاش، لېنتىغا، سۈرەتكە ئېلىش، ئېنىقلاش، سېلىشتۇرۇش ئىشلىرىنى ئىشلىدىم. خەلق ئىچىدە ساقلىنىپ كېلىۋاتقان يازما ۋە ئاغزاكى ماتېرىياللارنى ئەستايىدىل توپلىدىم. دولان مۇقامچىلىرىنى ئىزدەپ تېپىپ ئۇلار بىلەن سىردىشىش ئارقىلىق، نۇرغۇن چۈشەنچە ھاسىل قىلدىم. خەلق ئاممىسىدىن ئۆگەندىم. ھەرقايسى تەبىقىدىكى ئوقۇمۇشلۇق زاتلار، ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرگەنلەر، مۇقام پېشۋالىرى قاتارلىقلارنىڭ سۆھبىتىدىن ئۇنۇملۇك پايدىلىنىشنىڭ سىرتىدا، مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ ياردىمى بىلەن ئارخىپلاردىنمۇ پايدىلاندىم. مۇناسىۋەتلىك ماقالىلەرنى كۆرۈپ، ئەمەلىيەتتىن شەكىللەنگەن ئۆزگىچە قاراشلىرىم ئۈستىدە پاكىتلارنى ئىزدەشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەردىم. توپلىغان مول ماتېرىياللارغا ئاساسەن «دولان مەشرەپ-مۇقاملىرى» ناملىق بۇ كىتابنى يېزىپ، خەلق ئىچىدە ساقلىنىپ كېلىۋاتقان، خاتىرىگە ئېلىنمىغان مىراسلارنى توپلاش، قۇتقۇزۇش بىلەن ئۇنىڭ مۇزىكىلىق خاتىرىسىنى ئىشلەش ۋە ھەر خىل ۋارىيانتلىرىنى سېلىشتۇرۇپ رەتلەش، تولۇقلاش، قايتا ئىشلەشتە پايدىلىنىش ئۈچۈن، تەتقىقاتچىلىرىمىزنىڭ دىققىتىگە سۇندۇم. دولان رايونلىرىنى تەپسىلىي تەكشۈرۈپ چىقىش ئىنتايىن مۈشكۈل ئىش ئىدى. ئاۋات ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى مەمتىمىن شاھىدىن بىلەن مارالبېشى ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى مەمتىمىن توختىنىڭ يېقىندىن ياردەم بېرىشى، قوللاپ-قۇۋۋەتلىشى نەتىجىسىدە كۆزلىگەن نىشانغا يېتەلىدىم. ئاۋات ناھىيىسىدىن خەلق تارىخچىسى ۋە ئېغىز ئەدەبىياتچىسى ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرگەن 107 ياشلىق ئوقۇمۇشلۇق ئايال ھاشىخان موللا ئىبراھىم (1886-يىلى تۇغۇلۇپ، 1993-يىلى 5-ئاينىڭ 15-كۈنى ئالەمدىن ئۆتكەن) بۇنىڭدىن بىر ئەسىر بۇرۇنقى دولان مۇقامى تېكىستلىرى ۋە مەشرەپ قوشاقلىرىدىن 500 كۇپلېتتىن ئارتۇق تەقدىم قىلىشىنىڭ سىرتىدا، دولان مەشرەپ-مۇقاملىرىنىڭ تارىخىي شەكىللىرى، مەزمۇنلىرى جەھەتلەردە مېنى مۇھىم ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلەپ،

كىتابنىڭ پۈتۈشىنى تېزلەتتى ۋە ئىلمى قىممىتىنى يۇقىرى كۆتۈردى.

دولان مەشرەپ-مۇقاملىرى توغرىسىدىكى بىرەر كىتابنىڭ يېزىلىشى پۈتۈن دولان خەلقىنىڭ ئۈمىد-ئارزۇسى بولغانلىقى ئۈچۈن، بارغانلا جايلاردا دولان خەلقىنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا ۋە يېقىندىن ياردىمىگە ئېرىشتىم. مارالبېشى ناھىيىسىنىڭ يېڭىئۈستەڭ يېزىسى 8-كەنتىدە ئولتۇرۇشلۇق 72 ياشلىق ھەسەن غېجەك ئەجدادلىرىدىن قالغان تەخمىنەن 300 يىلدىن ئارتۇق تارىخقا ئىگە ئىككى دانە دولان غېجىكىنى كۆپچىلىك ئالدىدا پۈتۈن دولان خەلقىگە ۋەكالىتەن تەقدىم قىلىپ، دولان مەشرەپ-مۇقاملىرى توغرىسىدا بىر كىتاب يېزىپ ئەۋلادلارغا قالدۇرۇشنى ئۆتۈندى ۋە ناھايىتى ئەمەلىي، ئېنىق، راست بولۇشنى تەلەپ قىلدى. ئەمەلىيەتتە، بۇ تەلەپ كىتابنىڭ يېزىلىشى ئۈچۈن قىممەتلىك ياردەم ئىدى. ئۇندىن باشقا كىتابنى يېزىش داۋامىدا يولداش دۇ شياۋيۈەن مۇھىم مەسلىھەتلەرنى بەردى. مارالبېشى ناھىيىسىدىكى پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى دولان ئون ئىككى مۇقامىنى ئېنىقلاش ئىشلىرىغا قاتناشتى. ئاپتونوم رايونلۇق ئون ئىككى مۇقام تەتقىقات ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ئىشلارغا مەسئۇل مۇئاۋىن باشلىقى، تەتقىقاتچى مەمتىمىن يۈسۈپنىڭ ئىلھام بېرىپ رىغبەتلەندۈرۈشى بىلەن دولان خەلقىنىڭ ئارزۇلىرىنى بەجا كەلتۈرۈشكە مۇيەسسەر بولالىدىم. كىتابنىڭ يېزىلىشىغا ياردەم بەرگەن ئىسمى تىلغا ئېلىنغۇچى شەخسلەرگە، پۈتۈن دولان خەلقىگە، جۈملىدىن مۇشۇنداق بىر تەتقىقات كىتابىنى يېزىش پۇرسىتىگە ئىگە قىلغان مۇقام تەتقىقات ئىلمىي جەمئىيىتىگە كۆپتىن-كۆپ رەھمەت ئېيتىمەن.

مۇھەممەت ئوسمان

1993-يىل 15-ئىيۇل، ئاۋات

ISBN7 — 228 — 03464 — 3

I·1221定价(平装)19.20元(精装)21.30元